
ISSN 1002-9044




1997 5

ISSN 1002-9044

05>

9 771002 904009

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە موھتاج، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئامما ئارىسىغا، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىنى بېيىتىپ، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەستايىدىل، جىددىي ئويلىشىپ، ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى خەلققە تەقدىم قىلىشى كېرەك.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە
دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» دىن

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

47-يىل نەشرى

5

1997

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھوسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەمتىمىن ھوشۇر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


توختى ئايۇپ......... باتۇرلۇق ھەيكىلى ھەققىدە قىسسە (ئەدەبىي ئاخبارات)... 4
ئەنۋەر ئەيىندىن..... شەيتان (ھېكايە)........................ 43
ئابدۇكېرىم ھاشىم... كونا بۆشۈك (ھېكايە)........................ 47
ياقۇپ ئىسمائىل...... يەل گۇمپىسى (ھېكايە)........................ 60


## نەزمىي ئەسەرلەر


مۇھەممەتجان سادىق.... گۈل ئېتىشىپ ئويناپلى.................. 52
ئابلەت ئابدۇرېشت بەرقى... سەن باھارنى سېغىندىڭمۇ.................. 55
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت.... باللىقتىكى سەھرا.................. 57
ئەنۋەر مەتەيدى...... قەلبىمدە رەنا.................. 58
مۇختار سۇپۇرگى...... ئىككى غەزەل.................. 59
ئايبېك ئۆمەر......... مايبۇلاق ناخشىلىرى.................. 109
ھاجى مىرزاھىد كېرىمى.... ماڭا تىكىلگەن كۆزلەر.................. 110
روزى سايىت......... ھايات كىتابى.................. 111
تۇرغۇن سىدىق..... ئارزۇلارغا ھامىلدار زامان.................. 114
ھەسەن تىلىۋالدى..... ئىككى شېئىر.................. 114


## ئۈمىد چېچەكلىرى


مۇھەممەتجان سەيدۇللا... ياشلىق ناخشىلىرى.................. 33
كامىلجان ھەسەن....... ئىككىنچى قېتىم كۈلۈش.................. 35
ئابلەت ئەخمەت..... يېشىل چۈش كۆردۇ ئەمدى يەر جاھان..... 37
ئابلىز ئۆمەر ھاجى... ئارمان كۈيلىرى.................. 39

# بۇ سانىدا


ئەخمەتجان تۇرۇپ............ خاتالىق............................ 40
تۇرغۇنجان تۇرسۇن............ باھار پىچىرلايدۇ بەخت ھەققىدە.......... 40
ئەنۋەر ئۆمەر.............. ئانا ھەققىدە ناخشا................ 42
ھاۋاخان ئەخمەت............ ئوت دېغى.......................... 42


## خاتىرە ۋە ئەسلىمە


توختى سابىر.............. جاپالىق كۈنلەردە (ئەسلىمە)............ 71


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


مەھەممەت ئەيسا............ توختى ئايۇپنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى توغرىسىدا.... 116
مەھەممەتتۇرسۇن جاپپار........ باھار چوقۇم كېلىدۇ................ 134


## ئالتۇن رىۋجەك


تىپ نىك.................. ئۇززەڭ (ھېكايە)................... 143


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى.................... 158


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: پەرھات ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختى ئايۇپ



# باتۇرلۇق ھەيكىلى ھەققىدە قىسسە

(ئەدەبىي ئاخبارات)

بۇ ئەسەرنى خوتەن ۋىلايەتلىك ناشىيول باش ئۆچاستىكىسىدىكى ھەرمىلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

## ھەيكەلنىڭ تۇغۇلۇشى

بۇ، زامانىمىز چۇشلىرىدىن تۇغۇلغان رىۋايەتمۇ ياكى ھېسسىياتچان مۇئەللىپنىڭ تەپەككۇرىدىكى غايىۋى ئوبرازمۇ؟ ياق، بۇ رېئال ئالەم كۆكىدە پارلىغان جەسۇرلۇق نامايەندىسى. ئاچ ۋە نامراتلىق ئىچىدە ئويغانغان بۈگۈنكى جاپاكەش ئەسىر بىلەن زامانىۋى ئىلىم-پەندىن قانات ياسىغان ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر ئەسىرىنىڭ ئۇلانغان تۈگۈنىدە، دەل شۇ نۇقتىدا خۇددى ئۈپۈقتىن ئۆرلىگەن قۇياشتەك گىگانت قەد كۆتۈرگەن باتۇرلۇق ھەيكىلى...

ئۇلۇغ ۋە ئۆلمەس ئادەملەرنىڭ ھەيكەللىرى ئالدىمدا كۆپ ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا دەستە-دەستە گۈللەرنى قويۇپ، ئۈنسىز سۈكۈتتە تۇراتتىم، ئۇلار ئۈچۈن قەلبىم قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھۆرمەت، قايىللىق ۋە ئۇلۇغلاش تۇيغۇسىنىڭ تەگدىشى يوق ئىدى. ئەمما شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، نەزەرىمدە ئۇ، ۋۇجۇدىمىز ۋە روھىمىز ھامان بىر خىل ئارىلىق ساقلاپ قالىدىغان، قولۇم يەتمەس چەكسىز ئېگىزلىكتە، يەتمەس چەكسىز يىراقلىقتا تۇرغان باشقا بىر سىما ئىدى. نىھايەت، پەقەت مۇشۇ ھەيكەللا ماڭا خۇددى ئۆز دادامدەك يېقىملىق، مېھرلىك ۋە پەخىرلىك بولۇپ تۇيۇلاتتى. شۇڭا مەن ئۇنى باللارچە سەبىي ئامراقلىق بىلەن سېغىنىش ۋە ئەزىز كۆرۈشنىڭ تەگداشسىز كۈچلۈك دەۋىتى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىدىم. يۈزۈمنى، ئارتۇقچە سېغىنغانلىقىمدىن ياش بۇلدۇقلاپ تېشىپ كېتەي دەپ تۇرغان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭ كەڭ

بەقۇۋۋەت مەيدىسىگە ياقتىم.

مەن شۇ تاپتا دادامنى، جاپاكەش جىنىم دادامنى قۇچاقلاۋاتاتتىم. ئاھ، يەنە شۇ مېھرىبانلىك، ئۆزگىچە يېقىملىق پۇراق... كىچىكىمدىنلا دىمىقىمغا، ئۇگە-ئۇگىلىرىمگە، روھىيىتىمگە سىڭىپ كەتكەن ئاچچىق تەر ھىدى... ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنىلا بۇرۇنقى ئىسسىق، مېھرىبانلىك ھارارەتنى سېزىپ تۇراتتى. قولىقىمدىنلا ئەمەس، سەزگۈلىرىمنىڭ ئەڭ نازۇك تارلىرىدا ئۇنىڭ قەيسەرلىك بىلەن سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ سالماق ھەم كۈچلۈك دۈپۈلدەشلىرىنى، تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قانىنىڭ جۇشقۇن شارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. مەن شۇ تاپتا دادامنى، جاپاكەش جىنىم دادامنى قۇچاقلاۋاتاتتىم. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، دادامنىڭ چىرايىغا، بوي بەستىگە ئامراقلىق بىلەن تىكىلىپ قارىغىنىمدا، قارا تەلپەك ئاستىدىكى ئەقىل ۋە جەسۇرلۇق نۇرى چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى، پەقەت باتۇر ۋە يېڭىلمەس، شىر يۈرەك ئەرلەردىلا بولىدىغان ئېگىز قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن ئۆسكىلەڭ شاپ بۇرۇتى، ئۆشنىسىگە سالغان كەتمەننى مەھكەم تۇتقان قۇۋۋەتلىك ئوڭ قولى، سول قولىدا تۇتۇۋالغان كۆرەك جۇۋىسى نامايەن بولۇپ تۇراتتى. ئۇ بېلىنى بەلباغدا مەھكەم باغلىغان، گويا شۇ تاپتىلا چېلىشىشقا چۈشىدىغاندەك، يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرگەن، ھازىرلا كەتمەننى گۈپۈلدىتىپ چاپىدىغاندەك، ئۆتۈكىنى پۈختىلاپ كىيگەن، خۇددى يىراق بىر مەنزىلگە جابدۇنغاندەك، ئالەمشۇمۇل، ئاجايىپ يارقىن بىرسىما... ئاشۇ مۇكەممەللىك ۋە ئاشۇ ئۇلۇغۋارلىق بىلەن تەڭرى ئىنسانغا، ئىنسان تەڭرىگە ئايلانغاندەك!

ھەيكەل! ئۇ ماڭا يات ئەمەس، ئۇ تەڭرى تۇنجى ئاپىرىدە قىلغان ھەزرىتى ئادەم! ئادەم ئاتا! ئادەم ئاتا كىيگەن تەلپەك ئۇ! ئادەم ئاتا چاپقان كەتمەن ئۇ! ئادەم ئاتا كىيگەن جۇۋا ئۇ! ئادەم ئاتا باغلىغان بەلباغ ئۇ! ئادەم ئاتا كىيگەن ئۆتۈك ئۇ! قارا پاقلان تېرىسىدىن سالۋا تەلپەك كىيگەن، بېلىنى باتۇرلۇق ۋە شىجائەت بەلبېغىدا باغلىغان بىر ئىنسان قولىدىكى كەتمەن بىلەن دۇنيادا نېمە ئىشلارنى قىلالمايتتى؟ گويا تەڭرى تۇنجى قېتىم ئادەم ئاتىنى، ھاۋانى ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ئاپىرىدە قىلغاندەك، ئۇ قولىدىكى كەتمىنى بىلەن روھىيەت دۇنياسىغا پاك ۋە ھالال تەرىدىن يۇغۇرۇلغان ھەقىقى ئادىمي روھنى، قۇملىرى چەكسىز كەتكەن چۆل-باياۋاندا باغۇ جەننەتنى، كىشىلەر پەقەت چۈشىدە چۈشەپ، خىيالىدىلا تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن بولغان باي، گۈزەل كېلىچەكنى ئاپىرىدە قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك بارماقلىرى كەتمەن دەستىسىنى مەھكەم قامالىغان، بۈلجۈڭ گۆشلىرى تاشتەك قاتقان، ئۇچۇق تېرىسى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان قاۋۇل بېلىكىنى تۇتتۇم:

— بىر يەرگە جابدۇنغاندەك تۇرىسىز، نەگە ماڭدىڭىز دادا؟

— يول ياسىغىلى بالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


— جۈۋىڭىزنىمۇ ئېلىۋاپسىز.

— نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە ياتىمىز ئەمەسمۇ.

دادامنىڭ جابدۇنۇشىدىنلا ھەممىنى بىلگەنىدىم. ئۇنىڭ يول ياساش ئۈچۈن بارىدىغان يېرى قۇم بارخانلىرى چوقچىيىپ تۇرغان گىياھ ئۆسمەس چەكسىز چۆل-جەزىرە. ئۆلۈۋاتقان، جان تالىشىپ ۋۇجۇدى سوۋۇپ كېتىۋاتقان بۇ قاغجىراق دۇنيادا ھاياتلىق بىلەن ھالاكەت، مەۋجۇتلۇق بىلەن يوقلۇق ھەر تىنىق، ھەردەقىقىدە تىنىمسىز ئېلىشىپ تۇرىدۇ. دادام دەل شۇ يەردە يول ياسىشى، يول ئارقىلىق ئۆلگەن دۇنياغا قايتىدىن جان ئاتا قىلىشى، قىسقىسى قاغجىرىغان زېمىندا ھاياتلىق، چۆل-جەزىرىدە باغۇ بوستانلىق ئاپىرىدە قىلىشى، نامراتلىقنى باي-باياشادلىققا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. نەقەدەر ئۇلۇغ ئىشقا نىيەت قىلغان-ھە دادام؟ شۇڭا دانىشمەن بوۋىلىرىمىز، كۆۋرۈك سالغان، يول ياسىغانلار ئۇدۇل جەننەتكە كىرگۈچىلەردۇر، دەپ بىكار ئېيتمىغان. لېكىن دادامنىڭ مۇشۇ خاسىيەتلىك، ساۋابلىق ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمەيتتى. چۈنكى مۇشۇ زېمىندا يول ياساشنىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— ئېتىزدا تارتىۋاتقان جاپالىرىڭىز ئاز كەلگەندەك، يەنە ھەرەج تارتىدىغان بولدىڭىز، دادا، — مەن دادامنىڭ يەنە جاپا تارتىۋېرىشىگە چىدىمايتتىم.

— بۇ جاپانى تارتماي بولمايدۇ بالام، — دادامنىڭ ئاۋازى كەسكىن ھەم قەتئىي ئىدى، — يول بىزنىڭ خوتەننىڭ ھاياتلىق تومۇرى. ئادەمنىڭ تومۇرى سوقمىسا، ئۇنىڭ نېمىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟ ھېچنېمىسى. بىزنىڭ خوتەنمۇ شۇنداق. يول بولماي نىجادلىق يوق. يۇرتىمىزنىڭ بېيىپ، گۈللەپ-ياشنىشىمۇ، نامراتلىشىپ خارابلىشىشىمۇ مۇشۇ يول بىلەن باغلانغان ئەمەسمۇ!

مەن دادامنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت سۈكۈتتە تۇرۇپ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە بىر دادىنىڭ ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئاددىي ھېكايىتى ئەمەس، يۇرتىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك كەچمىشلىرىنىڭ، شۆھرەتلىك تارىخىنىڭ يارقىن سەمەرىسى چاقنىماقتا. دۇرۇس، خوتەن بىر زامانلاردا قالتىس گۈللەنگەن، ئاشۇ گۈللىنىشى بىلەن دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئالەمشۇمۇل دەۋر ياراتقان. ئۇنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن تەختىگە ئولتۇرغۇزغان ئۈچ ئەڭگۈشتەر — خوددى قۇياش پارچىسىدەك رەڭدار سۈپسۈزۈك قاش تېشى، ئاينىڭ تارام-تارام شولىسىدەك ئاپئاق-ئۇماق شاھانە يىپەكى، جەننەت چىمەنلىرىنىڭ ھۆسن-ئەندازىدەك گىلەملىرى ئىدى. شۇڭا پەخىرلىك سادا بىلەن جاكار قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، خوتەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مۇشۇ ئۈچ مەدەنىيەت گۆرزىسى بىلەن يەر شارىدا يىپەك سانائەتىنىڭ تۇنجى قوڭغۇرىقىنى ئۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۆزىنى ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي تاپقان زامانىۋى مىللەتلەر قاتارىدا ساناۋاتقانلار ئاشۇ قوڭغۇراقنىڭ ياڭراق ساداسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىشقان ئەمەسمىدى!

خوتەندە قاشتېشى ھۈنەر سەنئىتى يىپەك توقۇمىچىلىقىدىن خېلىلا بۇرۇن شەكىللەنگەن بولۇپ، خوتەن خەلقى ئاللابۇرۇنلا دۇنياغا مەشھۇر بۈيۈك «قاشتېشى يولى» نى ئاچقان. مەشھۇر «يىپەك يولى» مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى-تۆتىنچى ئەسىردىلا بەرپا قىلىنغان. ئەينى زاماندىكى «قاشتېشى يولى» ھەم «يىپەك يولى» شەرق ۋە شىمالدا دۇڭخۇاڭ، چىڭخەي، كۇچا، قارا شەھەرلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تۇتاشقان بولسا، جەنۇب ۋە غەربتە ھىندىستان، پاكىستان، ئىران، ئىراق قاتارلىق ئەللەر ئارقىلىق پۈتكۈل ياۋروپا، ئاسىيا ھەم ئافرىقىغىچە يېتىپ بارغانىدى. ئۇ چاغلاردا خوتەننىڭ قاشتېشى قېزىش، پىلىچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپلا قالماي، يۇرت بويىچە قاشتېشىدىن زىبۇ زىننەت ئىشلەش، يىپەكتىن ئەتلەس ھەم ھەرخىل رەخت-گەزلىملەر توقۇش، گىلەمچىلىك ئۇستىخانىلىرى قۇرۇلغانىدى. مۇشۇ ئەۋزەللىكلەر نەتىجىسىدە «ئۇدۇن» دەپ ئاتالغان ھازىرقى خوتەن دۇنيا بويىچە سودا-سېتىق ۋە سەيلە-ساياھەت تەرەققىي قىلغان دۇنياۋى تۆت بازارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇدۇنغا كېلىپ تۇرغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، بۇ كارۋانلار توپىدىكى سودىگەر-سەيياھلار ئاز بولغاندا نەچچە ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان بولسا، كۆپ بولغاندا نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۇدۇندىن بىر قېتىمدىلا سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن يىپەك رەختلىرى تۆت مىڭ تايدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن شۇنداق بىر پاكىتنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، خوتەننىڭ دۇنيادا شۆھرەت تېپىشى ۋە ئۆزىنى بېيىتىپ روناق تاپقۇزۇشىدا ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەردىن باشقا، يول ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. يول راپاۋىتىدىن گۈللەپ-ياشناپ، ئىلىم-مەدەنىيەتتە كامالەتكە يەتكەن بۇ ئۇلۇغ زېمىننىڭ شان-شۆھرىتىنى، پەرھات سۆيەت شىر يۈرەك باتۇر خەلقنى ناۋايىدەك قانچىلىغان دۇنياۋى ئۇلۇغلار ئۆز غەزەللىرىدە كۈيلىمىدى؟ ئەمىنلىكتىن ئاسايىش تاپقان بۇ يۇرتتىن نۆۋبىتى، موللابىلال ئىبنى يۈسۈپ، مەھزۇن خوتەنىدەك قانچىلىغان بەركامال يېتۈك شائىرلار چىقمىدى؟ يول بولغاندا باياشادلىق بولاتتى، باياشادلىقتىن ئەمىنلىك-ئاسايىشلىق بارلىققا كېلەتتى، ئەمىنلىك تاپقان باياشاد يۇرتتا خەلق ئاممىسىدىن قايسى مۆجىزىلەر يارالمايتتى؟

شائىر نۆۋبىتى شېئىرىيەتتىكى كۆزنى قاماشتۇرغۇچى بەدىئىي تالانتىنى جىلۋە قىلدۇرۇپ، ئۆز يۇرتى خوتەننى:

«رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىياد مىسال ئەت خوتەننى.
خوجەستە خاكى رەھمەت سۈرمىسى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.»

www.uyghurkitap.com



دەپ تەرىپلىگەنىدى.

بىز يۇقىرىقى قارىشىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەش ئۈچۈن تارىخ بېتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن مۇنداق يادنامىلەرنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىمىز: « ئۇدۇن دۆلىتى ① تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن 1-ئەسىرگىچە تارىم ئويمانلىقى تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلانغان. بۇ دۆلەتتە ئەل ئەمىنلىك تاپقان، ئىقتىساد گۈللەنگەن. بۇ ھال سودا-سېتىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. دۇنيادىكى ئالتە قەدىمىي مەدەنىيەت — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، مىسىر مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى ۋە رىم مەدەنىيىتى پەقەت قاتناش يوللىرى ئارقىلىقلا ئۇدۇندا ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرغان... يول تەرەپ-تەرەپكە خۇددى پىلە يىپىدەك سوزۇلغانىدى، چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىلا خوتەننىڭ مەركىزىي ئۇق يولى 1033 چاقىرىم كېلەتتى...». ماڭا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، ئۇدۇن دۆلىتى نامى بىلەن دۇنياغا شۆھرىتى تارالغان بۇ قەدىمىي ئۇلۇغ يۇرتقا بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگەن بۇ يولنى دادامدەك ئەزىمەت ئەرلەر، باتۇر، ئىگىلمەس خوتەن خەلقى ياسىغانىدى.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ شانلىق سەمەرىلىرىنى يارىتىشتا ئاجايىپ ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ۋۇجۇدى ئىلاھىي مۆجىزە بىلەن يۇغۇرۇلغان خوتەن خەلقى ھەمىشە دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭماي قالمايتتى، ئۇلار شەرق دۇنياسىدا ھەممىدىن بۇرۇن يولنىڭ ئىنسانلارغا مەدەنىيەت، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي، ئىجتىمائىي ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئاچچىق قىسمەتلەر، قۇملۇق ۋە چۆل-باياۋانلاردىكى يول ئازابلىرى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدە. گېرمانىيىدە پويىزغا ئولتۇرۇپ، بىر كېچىدىلا ئۆزىنى فرانسىيە زېمىنىدا كۆرگەن، ئەنقەرەدە كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بىر ئاش پىشىمغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا ئاسىيا قىتئەسىدىن ياۋروپا قىتئەسىگە بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان خوتەن سودىگەرلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتەندىن تۆگە ھەم ئات، ئېشەكلىك يولغا چىقىپ، 70-80 كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغانلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆز ئادىتىگە سىڭدۈرەلمىدى. -« يول ئازابى-گۆر ئازابى» دېگەنلەر بىكار ئېيتىلمىغان-دە، ئۇلار 70-80 كۈن چۆل-جەزىرە، قاقاس تاغ ئىچىدە مېڭىپ كېتىۋاتقاندا، ئاچلىق، ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قانچىلىغان تۆگە ھەم ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئۆلۈكى يولدا قالمىدى؟ تىرىك قالغانلار يول ئازابىدىن ھالاك بولغان قانچىلىغان ھەمراھلىرىنى چۆل-جەزىرىلەردە كۆمۈپ قويمىدى؟ ئۇلار ماغدۇرسىزلىقتىن گاھ يىقىلىپ، گاھ قوپۇپ، ئۇسسۇزلۇقتىن تاش شۈمۈپ، پايانسىز قۇم-توپىلىق يولدا خۇددى قۇرتتەك ئاستا سۆرۈلۈپ كېتىۋېتىپ،

① ئۇدۇن دۆلىتى — خوتەندە بۇرۇن قۇرۇلغان دۆلەت نامى.

بىر-بىرىگە زەھەردەك ئاچچىق، ئەلەملىك سوئاللارنى قويۇشاتتى:

— قېنى بۇ خوتەن؟ قېنى بىر زامانلاردا دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان شان-شۆھرەتلىك شاھانە يۇرت؟ بىر چاغلاردا بىزگە ھەۋەسلىنىپ كۆز تىكىپ يۈرگەنلەر ئەمدى ئاسماندا قۇشتەك ئۇچماقتا، دېڭىز-ئوكياندا بېلىقتەك ئۈزمەكتە، پويىز، ماشىنىلاردا چاپماقتا، بىزچۇ؟ يەنىلا شۇ تۆگە، ئات، ئېشەكتە. بىز چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھۆركىرەپ، جاھاننى تىترەتكەن شىر ئىدۇق. ئەمدى تۈمۈلەپ يۈرگەن بىچارە قۇرتقا ئوخشاپ قاپتۇق. ئۇلار كۈنسېرى ئىلگىرىلەپ، بىز جايىمىزدا توختاپ قالغانغا قارىغاندا، بىز بىر نەرسىدىن مەھرۇم قالغان، «بىر نەرسىمىزنى يوقىتىپ قويغان ئوخشىمامدۇق؟ توغرا! بىز ھاياتلىقىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىنى — روھىيىتىمىزنى، خوتەنلىكلەرگە خاس باتۇر، قەيسەرلىكىمىزنى يوقىتىپتۇق. ياق! روھنى يوقىتىش — تەندىن جان كۆتۈرۈلۈش، ئۆلۈش، ھالاك بولۇش دېمەكتۇر!

ئۇلار كېتىۋېتىپ، ئۆز سۆزلىرىدىن ئۆزلىرى چۆچۈپ كېتىشتى، گويا ئۇزاق ئەسىرلىك غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇشتى، كۆزلىرىنى ئېچىپ ھەرتەرەپكە ھوشيارلىنىپ قاراشتى. يوقالغان روھ نەدە؟ ئۇلار بۇ مۇقەددەس ئۇلۇغ روھنى ئىزدەپ ئاخىرى ئۇنى قەلبىنىڭ قۇم باسقان غەپلەتلىك بۇلۇڭىدىن ئىزدەپ تېپىشتى.»

— ياشىسۇن روھ! — ھاياجانلىق خىتاب قىلىشتى ئۇلار، ئۇلار مەھكۇملۇقتا مۇڭگىسراپ قالغان بۇ ئۇلۇغ روھنى يۈرىكىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان بۇ مەشئەل تۈن باغرىنى يورۇتقاندەك بولدى. مەشئەلنى دادام كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئالدى كۈندۈزدەك يوپيورۇق ئىدى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خوتەن خەلقى دادامغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ياشىسۇن روھ! — ئۇلار تەنتەنە قىلىشىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان مەشئەل خوتەن روھى ئىدى. تەندە روھ بولسىلا، ئىنسان نېمە ئىشلارنى قىلالمايتتى؟ 1936-يىلى خوتەنلىك بىر كىشى بىر دانە ۋېلسىپىتنى ئەنگلىيىدىن خوتەنگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ ۋېلسىپىتنى مىنىپ تۇنجى قېتىم خوتەن بازىرىغا چىققاندا، خوتەنلىكلەر شۇ قەدەر ھەيران قالغانىدىكى، پەقەت چۆچەكلەردىلا ئاڭلاش نېسىپ بولىدىغان، تېپىپلا قويسا قۇيۇندەك چاپىدىغان بۇ غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك «شەيتان ئات» قا ئەگىشىپ نە-نەلەرگىچە چېپىشقانىدى. شۇ يىلى خوتەنلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوتەنگە تۇنجى قېتىم ئېلىپ كېلىنگەن كىچىك تېپتىكى ئاپتوموبىلنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشقان، تۇشمۇتۇشتىن بازار ئەھلى، يېزا-يېزىدىن دېھقانلار كېلىپ، ئەلمساقتىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان بۇ پارقىراق غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئەتراپىنى قىزىقىش، ھەيرانلىق ۋە ياتسىراش نەزىرى بىلەن ئورۇۋېلىشقانىدى.

— بىچارىگە ئۇۋال! قاراپ تۇرسام ئەتىگەندىن بېرى بىرنەرسە يېمىدىيا، — دېيدى سالۋا تەلپەكلىك، گەۋدىسى قاتقان بىر دېھقان بىرقولتۇق كۆك بېدىنى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەگىلىپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، — قورسىقىنى بىر تويغۇزۇۋالسۇن، ئاندىن كېيىن قانداق ماڭغىنىنى، قانداق يۈگۈرگىنىنى كۆرمەيمىزمۇ؟

ئەمما ئەتراپتىكىلەر بۇ كۆرەك مەخلۇقنىڭ يېگى بىھدىگە نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي، يوغان كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە، جايىدا جىمجىت قېتىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىھدە يېمىسە نېمە يەيدىغاندۇ بۇ؟ دەپ تېخىمۇ ھەيران بولۇشقان. بىرچاغدا شوپۇر چىقىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى، ئۇ ئۆزى باشلاپ چىققان نەچچە ئادەمنى ئولتۇرغۇزۇپ، گۈركىرىتىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ كۆتۈلمىگەندە شۇنچىلىك تېز سۈرئەت بىلەن چاپتىكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تاماشا ئەھلىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. شۇئان ئەتراپنى ھەيرانلىق، خۇشاللىق ۋە ماختاش سادالىرى كۆتۈرۈلدى.

— يائاللا! ئۇقتەك ئۇچىدىغان جانۋاكەنغۇ بۇ! — ھاياجانلىنىپ توۋلىۋەتتى بىر دېھقان كونا تەلپىكنى قولغا ئېلىپ، — كىچىك تۇرۇپ چېپىشى بۇنچىلىك بولسا، چوڭ بولغاندا قانچىلىك چاپار؟

ئارىدىن بىرى يەنە سورىغىلى تۇردى:

— پاھ، پاھ، ئېتىنى نېمە دەيدىغاندۇ بۇ جانۋارنىڭ؟

— كوككا دەيدۇ نېمە؟ كوككا...

دادام كوككا ئاتلىق بۇ جانۋارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توپىغا كۆمۈلۈپ قالسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ قالتىس تېز چېپىشىغا ھەۋەسلىنىپ:

— ھەي ئىست... بىز خوتەنلىكلەرگە كوككىغا چىقىش قاچانمۇ نېسىپ بولار-ھە؟ — دەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنغاندى.

نەقەدەر ئوتلۇق ئارمان بىلەن قاناتلانغان خىتاب ئىدى ھە بۇ؟ دادامنىڭ بۇ ئارزۇسى 1939-يىلى تۇنجى قېتىم رېئاللىققا ئايلاندى، ئۇ يىلى كۈزدە ئۆلكىلىك قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان خوتەن ۋەكىللىرى شۇنداق «كوككا» نىڭ بىرىگە ئولتۇرۇپ 17 كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى. ئون يەتتە كۈن! بۇرۇنلاردىن ئات، ئېشەك بىلەن تولا ماڭغان جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ ئېگىغا ئورناپ كەتكەن، ئاڭلىسىلا تېنى جۇغۇلدايدىغان 70-80 كۈن دېگەن سان ئالدىدا 17 كۈن نەقەدەر ھەيران قالارلىق كىچىك سان-ھە؟! ۋەكىللەر شۇ «كوككا»دا يەنە 17 كۈن يول مېڭىپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن يۇرت ئەھلى شۇ 17 كۈن ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشقان، يائاللا، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بارىدىغان 70-80 كۈنلۈك يول 17 كۈنگە قىسقىراپتۇ، دەپ تەلپىكنى ئاسمانغا ئېتىشقان. دادام ئۇدۇل ئۇچاق ئالدىدا يەكتىز بولۇپ ئولتۇرۇپ، تەلپىكنى يېنىغا ئېلىپ قويۇپ، يىلىلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلگىنىچە ئۆزۈنىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى: ئىنشائاللا، 80 كۈنلۈك يول 17 كۈنگە قىسقىراپتۇ، 17 كۈنگە قىسقىرىغان يول 8-10 كۈنگە، 2-3 كۈنگە قىسقارسىمۇ-ھە؟ دادامنىڭ قەلبى خۇددى ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتتەك يىلىنجايتتى، كۆزلىرى يىلىنجايتتى، ئارمان-ئىستەكلىرى

يىلىنجايتتى. ئاھ، بىزنىڭ خوتەنگە شۇنداق كۈنلەر نېسىپ بولسا-ھە؟ ئۇ چاغدا خوتەننىڭ قاشتېشىنى، يىپەك، گىلەملىرىنى دۇنيانىڭ بىز ئاپىرىپ ساتمايدىغان بولۇڭ-پۇشقاقلىرى قالمايتتى، بۇلا ئەمەس، خوتەندە چىقىدىغان مېۋە-چېۋە يەتتە ئىقلىمدا يوق. لاپ ئەمەس، بىر سېۋەت كۆك شاپتۇل ساتقان پۇلغا يەنە شۇ سېۋەت توشقۇدەك زەر، جاۋاھىرات كېلەتتى... دادام شۇنداق ئويلىناتتى-يۇ، ئېمىشقىدۇر پىكرىنى بىر يەرگە يىغالمايتتى، خىيالىدا، تەپەككۇرىدا ئېمىدۇر بىر نەرسە كەملىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دادام ئويلىماقچى بولغان، ئويلىيالمىغان، دېمەكچى بولغان، دېيەلمىگەن ئەقىل ھېكمەتنى پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىلا تەنتەنە بىلەن جاكار قىلدى:

« باي بولۇش ئۈچۈن يول ياساش كېرەك! »

دۇرۇس، دۇرۇس، دادامۇ شۇنداق دېمەكچى ئىدى، مانا يول يوقلۇقنىڭ دەردىنى بولۇشىغىچە تارتقان، شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئەسىرلەردىن بېرى نامراتلىق گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان دادامنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى! پارتىيە مۇشۇ ئارزۇغا ۋەكىللىك قىلماقتا. خەلقنى خوتەندىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىن ئۈستىگە يولدىن پايانداز سېلىشقا چاقىرماقتا، مۇشۇ چاقىرىقنىڭ ئۇلۇغ دەۋىتىدە ۋۇجۇدى تەگداشسىز كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان دادام كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، جۈۋىسىنى قولتۇقىغا قىستى-دە، يول ياساشتىن ئىبارەت خوتەنگە گۈللىنىش ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ئۇلۇغ ئىشقا يۈرۈپ كەتتى...

گىياھسىز قۇملۇق چۆلدىكى يازنىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىدىغان پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرى، گويا يەرمۇ ئوت، ئاسمانمۇ ئوت. دادامنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان پېشانىسىدىن، باش-كۆزىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلىدۇ. قىزىق، قۇرغاق شامالدىن دادامنىڭ كالپۇكلىرى چاك-چاك يېرىلغان، ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ نەم قالمىغان ئېغىزىدا تىلى تارشىدەك قاتقان، چىشلىرى ئارىسىدا توپا، قۇم گىچىرلايدۇ، ئەمما دادام بۇلارغا پەرۋا قىلار ئەمەس، ئۇسسىغاندا تاش شۈمۈپ، قورسىقى ئاچقاندا زاغرا غاجاپ يول ياسايدۇ. چۆل-باياۋاندا، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كۈمۈش لىنتىدەك سوزۇلغان يولنى خۇددى پىلە قۇرتى ئاپئاق مەشۇت يىپىنى بىر ئېلىك، بىر ئېلىكتىن تارتقاندەك ياساپ چىقىدۇ. يول چېتىدىكى داق يەر، قېتىپ كەتكەن شېغىللىق ئۇ كېچىسى ئۇخلاپ چىقىدىغان ئارامگاھ. شۇنداق يەردە، شۇ شېغىللىقتا بىر جۈپ ئۆتۈكنى بېشىغا قويۇپ، جۈۋىسىنىڭ بىر پېشىنى كۆرپە، بىر پېشىنى يوتقان قىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ چىقىدۇ. ئەمگەك ھارغىنلىقىدىن كېيىنكى ئۇيقۇ شۇ قەدەر راھەتلىك. تاش، شېغىل بىقىنىغا پاتسىمۇ، قاتتىق ئۆتۈك بېشىنى ئاغرىتسىمۇ، ئاشۇ ئاغرىقتىن يەنىلا لەززەت تاپىدۇ. مۇشكۈللۈك ئالدىدا زارلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تەگرى ئالدىدا ئەڭ خاسىيەتلىك، ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ يول ياساۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قىشنىڭ ئاچچىق شىۋىرغان ۋىژىلداپ تۇرغان قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرى. يەرمۇ مۇز، ئاسمانمۇ مۇز. سوغۇقتىن، قۇرغاق شامالدىن دادامنىڭ يۈز، قوللىرى، تاپانلىرى چاك ـ چاك يېرىلغان. زەھەرلىك سوغۇق بەدىنىنىڭ ئۆگە ـ ئۆگىلىرىنى سىرقىرىتىدۇ. شامالنىڭ قۇم ـ توپىلارنى ئۇچۇرىتىشىدىن دادامنىڭ ئېغىزىدا قۇم، توپا گىچىرلايدۇ. ئەمما دادام بۇلارغا پەرۋا قىلار ئەمەس، ئۇسسىغاندا مۇز، قورسىقى ئاچقاندا زاغرا نان غاجاپ يول ياسايدۇ، چۆل ـ باياۋاندا، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلغان يولنى خۇددى پىلە قۇرتى ئاپئاق مەشۇت يىپىنى بىر ئىلىك، بىر ئىلىكتىن تارتقاندەك ياساپ چىقىدۇ. يول چېتىگە تىكىلگەن چېدىر، شېغىللىقتا قېزىلغان گەمە ئۇ كېچىسى ئۇخلاپ چىقىدىغان ئارامگاھ، ئۇ چېدىر ئىچىدە، تار گەمىدە قورام تاشنى بېشىغا قويۇپ جۇۋىسىنىڭ بىر پېشىنى كۆرپە، بىر پېشىنى يوتقان قىلىپ يېپىنىپ، ئۆتۈكى سېلىنمىغان پۇتلىرىنى جۈپلەپ، تىزىنى قورسىقىغا تۈگۈپ ئۇخلاپ چىقىدۇ. دەھشىتى جاندىن ئۆتىدىغان قىش سوغۇقىدا نەدە ئۇيقۇ؟ ئىس تۈتەپ تۇرغان گۈلخانغا گاھ مەيدىسىنى، گاھ دۈمبىسىنى، گاھ پۇتلىرىنى قاقلاپ تۈن بويى كىرپىك قاقماي سوغۇق بىلەن ئېلىشىپ چىقىدۇ. ئەمگەك ھارغىنلىقىدىن كېيىن گۈلخان ئالدىدا يانپاشلىنىپ ئۇتقا قاقلىنىپ يېتىش شۇ قەدەر راھەتلىك. تاش، شېغىل بېقىنىغا پاتسىمۇ، قورام تاش بېشىنى ئاغرىتسىمۇ ئاشۇ ئاغرىقتىن يەنىلا لەززەت تاپىدۇ، مۈشكۈللۈك ئالدىدا ۋايسىمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تەگرى ئالدىدا ئەڭ خاسىيەتلىك، ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ يول ياساۋاتىدۇ. دادامنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان باتۇر، پىداكارانە روھ ئاخىرى 315 ـ دۆلەت تاشيولىنىڭ غەربتە گۇما ناھىيىسىنىڭ چوڭكۆل داۋىنىدىن شەرقتە نىيە ناھىيىسىنىڭ ئەندىرە داۋىنىغىچە بولغان 638 كىلومېتىر ئارىلىقىدىكى بۆلىكىنى ئاپىرىدە قىلدى. 638 كىلومېتىر! بۇنىڭ ماتېماتىكىلىق ئېنىقلىمىسىنى سەككىز، ئۈچ ۋە ئالتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاددىي رەقەم بىلەن ئاسانلا ئىپادىلەش مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن دېھقانلىرى ھەم خوتەن تاشيول ئىشچىلىرى تۆلىگەن بەدەلنى، يولنىڭ ھەر غېرىچ بۆلىكى ئۈچۈن تۆككەن ئىسسىق قان ـ تەرنى، ئۇنىڭ سالمىقىنى ئۆلچەيدىغان ئېغىرلىق مىقدارىنى سان بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىنمۇ؟ بىز مۇنداق بىر پاكىتقا — قۇملۇق ئۈستىگە 638 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياسالغان مۇنداق ئۇزۇن مۇساپىلىق تاشيولنى يەر شارىنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپقىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىققا نەزەر سالساقلا، مۇشۇنداق ئالەمشۇمۇل مۆجىزىنى ئاپىرىدە قىلغان خوتەن روھىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. 70 ـ يىللاردىن كېيىن بۇرۇنقى تار ياغاچ كۆۋرۈكلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئورنىغا پولات ـ بېتوندىن 14 چوڭ كۆۋرۈك، 77 كىچىك كۆۋرۈك، 42 سۇڭگۈچ ياسالدى. خوتەن تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي كۆرەش قىلىش روھى بۇ گۆھەر زېمىنىنىڭ ھۆسنىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرمەكتە ئىدى. ئۇلار 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گۇما ناھىيىسىدىن كېرىيە ناھىيىسىگىچە ھەم

خوتەن شەھەر ئىچىدىكى ئۈچ كىلومېتىر دائىرە بولۇپ 315-دۆلەت تاشيولىنىڭ 385 كىلومېتىر قىسمىغا قارامايى ياتقۇزۇپ بولدى. بۇ جەرياندىچە خوتەن تاشيول ئىشچىلىرى قانچىلىك بەدەل تۆلىمىدى؟ قانچىلىرى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلمىدى؟ قانچىلىغان ئەرنىڭ يىگىتلىك، قىرانلىق چاغلىرى شۇ چۆل-جەزىرىلەردە، قۇم-بوران ئارىسىدا ئۆتكەپ كەتمىدى؟ ئۇلار يول ياساشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇقەددەس جەڭگە تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان كىچىك، يىگىتلىك چاغلىرىدا كەتكەن، جەڭدىن ساقلى ئاقىرىپ، قېرىپ مۆكچەيگەن، كېسەل باسقان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇلۇغ ئېتىقاد ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۆزىنى بېغىشلىغان، خالىس تۆھپە قوشقان ئاشۇ باتۇر ئەزىمەتلەر ئۈچۈن چوقۇم ئۆچمەس ئابىدە تىكلەشكە ئەرزىيتتى. تارىخنىڭ بۇ كۈچلۈك تەقەززاسىنى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇريي مەھكىمە ھەممىدىن چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا مەمۇريي مەھكىمە خوتەن تاشيول قۇرۇلۇشى خاتىرە مۇنارىسى تىكلەش توغرىسىدا مەخسۇس قارار ماقۇللىدى. خوتەن مەمۇريي مەھكىمىسىنىڭ 1990-يىل 20-نويابىردا چۈشۈرگەن ھۆججىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «... ۋىلايىتىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ ناھىيە، يېزا يوللىرىغا قارامايى ياتقۇزۇش خىزمىتىدە (خەلقنىڭ يولىنى خەلق قۇرۇش لازىم) دېگەن فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ ئەلا نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ قارامايى يول قۇرۇلۇش تارىخىدا ئۇدا ئىككى يىل يېڭى رېكورت يارىتىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، مۇھىت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. خەلق ئاممىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تاشيول قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور نەتىجە يارىتىشىغا تەربىيە ۋە ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن مەمۇريي مەھكىمە خوتەن تاشيول قۇرۇلۇشى خاتىرە مۇنارىسى سېلىشقا قوشۇلىدۇ...»

ماددا سۈپىتىدە نامايەن بولىدىغان بۇ ئۇلۇغ روھ سەلتەنىتىنى دۇنيادا قەد كۆتۈرگۈزۈشكە ئەمدى قايسى كامىل پىر-ئۇستاز ھوقۇقلۇقكىن؟ ئەلۋەتتە سەنئەتكارلار! ئىنسانىيەت ئالدىدا يۈكسەك بۇرچ-مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، شۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا كېچە-كۈندۈز ئوت بولۇپ يانىدىغان سەنئەتكارلار بۇ ئۇلۇغ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشلىرى كېرەك. ئەمما ئۇلاردىن كىم زىممىسىگە ئالىدۇ؟ تەڭداشسىز ئۇلۇغ بىر روھنى ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملىگەن ھەيكەلنى ئاپىرىدە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىلھام ئوتىدا كۆيەلەيدىغان، ئۆزىنى شۇ ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرالايدىغان پىداكار كېرەك. ل. تولستوي «شېئىر دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا «شائىرنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆزىنى كۆيدۈرۈشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. تولستوي كۆزدە تۇتقان «ئازاب» بىز دەۋاتقان «ئىلھام» نىڭ دەل ئۆزى. شېئىر ئەنە شۇنداق ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشنىڭ مەھسۇلى. ھەيكەلچۇ؟ ھەيكەل تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ ئىنسان سىياقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۆلمەس شېئىر. ھەيكەل شۇنداق ئىكەن، ئۆز

روھىيتى ئارقىلىق مۇشۇ شېئىرىي گەۋدىنى تۇرغۇزۇپ چىقالايدىغان پىداكار سەنئەتكار بىزدە تېپىلامدىكىن؟ ياكى دۇنياۋى سەنئەت پېشۋالىرىدىن ل. داۋىنچ، رودىن، مىكلانكىرو① لارغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەكمىكىن؟ بىراق تەلەپچان، ئۇستۇن نەزەرلىك خوتەن خەلقى بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنى ئەمەس، ئۆز داستىخىنىدا تۇز يېگەن مەشھۇر رەسسام غازى ئەمەتنى تاللىدى. چۈنكى غازى ئەمەت خەلق روھىيىتىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىنژىنېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خوتەنلىكلەرنىڭ قارا تەلپىكى ئىچىدە چېقىنداۋاتقان ئاجايىپ يارقىن ئەقىل-ئىدراكىنى، روھىيىتىدىكى چەكسىز رەڭدار دۇنيانى، كەتمەن تۇتقان قولىدىكى جەسۇرلۇق ۋە يېمىرىلمەس شىجائەتنى كۆرەلەيتتى. كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ئىككى تەرەپكە قايرىلغان كەڭ كۆكرىكى ئىچىدە سوقۇۋاتقان غايەت زور يۈرەكىنىڭ ھەيۋەتلىك دۈپۈلدەشلىرىنى، تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قانىنىڭ جۇشقۇن رېتىم بىلەن مەۋج ئۇرۇشلىرىنى ئاڭلىيالايتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ يىتۈك سەنئەت ئۇستازىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئىلھام ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيۈشى بەدىلىگە خوتەن ناھىيە باغچا بازىرىنىڭ ناھىيە بىلەن يېزا يولىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا ئاخىرى سەلتەنەتلىك ئالتۇن ھەيكەل قەد كۆتۈردى. بۇ، شىنجاڭدا ئاددىي ئەمگەكچى خەلق شەنىگە تۇرغۇزۇلغان تۇنجى ھەيكەل، خوتەن خەلقىنىڭ، خوتەن تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ يۈرت سۆيەرلىكى ھەمدە جەسۇر، پىداكارانە ئوبرازى مۇجەسسەملەنگەن باتۇرلۇق ھەيكىلى ئىدى!

يىراق يېزىدىن مىنبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئۆزى ياسىغان ئاسفالىت يولدا شەھەرگە كەلگەن دېھقان ھەيكەل ئالدىغا كېلىپ، بىردىنلا ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ: «مانا بۇ مەن!» دېدى.

خوتەن تاشيول باش ئۆچاستىكىسىنىڭ قايسىبىر داۋبەندە پۈتۈن ئۆمرى تاشيول ياساش بىلەن ئۆتكەن پېشقەدەم ئىشچى ئاخشىمى تېلېۋىزوردىن ئاشۇ ھەيكەلنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن خوتۇن-بالىلىرىنى نوقۇپ: «بەللى... بەللى...! قاراڭلار، مەن تېلېۋىزورغا چىقىپتىمەن!» دەپ توۋلىدى. دۇرۇس، بۇ ھەيكەل جاپالىق يول ياساپ، ئەمدى ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتقان خوتەن دېھقانلىرىنىڭ، پۈتكۈل ھاياتىنى يول ياساشقا بېغىشلاپ، خوتەن خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، باي بولۇش قەدىمىگە پايانداز سېلىۋاتقان خوتەن تاشيول باش ئوچاستىكىسىدىكى ھەرمىللەت ئىشچىلىرىنىڭ يارقىن سىماسى ئىدى!

مەن ئالتۇن ھەيكەلنى — خەلقى ئالەم ئالدىدا مېنىڭمۇ بېشىمنى كۆككە كۆتۈرگەن پەخىرلىك دادامنى بايىقىدىنمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلىدىم:

— سىز مېنىڭ مۆھتەرەم داداملا ئەمەس، مۇشۇ بىپايان قۇملۇق زېمىننىڭ

① ل. داۋىنچ، رودىن، مىكلانكىرو — مەشھۇر ياۋروپا كلاسسىك رەسسام-ھەيكەلتاراشلىرى.

نجادكارى، بىزنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىمىز، تەگرى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان ئادەم ئاتىنىڭ ئۆزى! — دېدىم مەن. ھەيكەلنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلدى:
— ياق، مەن مۇشۇ زېمىندىن تۇغۇلغان ئاددىي ئادەممەن.
ئۇ شۇنداق، ئەمما ئۇلۇغلۇق ھامان ئاددىيلىقتىن تۇغۇلىدۇ. خىسلەت ۋە ھېكمەتنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ئاددىيلىقىدا. شۇڭا مەن ھاياتلىق قەدىمىمنىڭ بىرىنچى دەرسىنى ئاشۇ ئاددىيلىقنىڭ پارلاق ھەقىقىتىنى ئۆگىنىشتىن باشلىماقچى ئىدىم.
— ئاپىرىن! ئىشلار خەيرلىك بولسۇن! — ئالتۇن ھەيكەل خۇشاللىقىدىن مېنى ئەركىلىتىپ، بېشىمنى سىلاپ قويدى، ئۇ ئاددەتتە مەندىن ئارتۇقچە سۆيۈنگەن چاغلىرىدىلا شۇنداق قىلاتتى، — ئەمسە سەن تۇنجى دەرسىڭنى ئاشۇ ھەقىقەت يۇتۇلگەن قامۇسنى ئوقۇشتىن باشلا، ئۇنى ئۆگەن، شۇنى قىبلىنامە قىل، شۇ چاغدىلا سەن خوتەننىڭ ھەقىقىي ئوغلى بولۇشقا مۇناسىپسەن!
— ماقۇل، دادا، قامۇسنى ئوقۇشنى ھازىرلا باشلاي، نەدە ئۇ قامۇس؟
— قامۇس ئالدىڭدا، 806 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇققا سوزۇلغان يول مەن يازغان قامۇس، تەرەپ-تەرەپكە پايانسىزدەك يېيىلغان راۋان يوللار ئاشۇ قامۇسنىڭ ئالتۇن بەتلىرى...
— رەھمەت دادا! — ۋۇجۇدۇمدا شۇئان ئالەمچە تىلەك، چەكسىز بىرتەشنالىق مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن كۆزلىرىمنى تاشيولغا تىكتىم. مانا، ئالدىمدا شۆھرىتى تەگداشسىز شاھانە قامۇس... ئۇنىڭ ئۆچمەس ئالتۇن بەتلىرىدە ئۇلمەس ئۇلۇغ بىر روھنىڭ پارلاق سەمەرىسى بىر-بىرىدىن نۇرانە چاقنايتتى...

## ئۇلار يولنى مۇشۇنداق ئاچقان

قامۇسنىڭ بىرىنچى بېتىدە جۇلالىنىپ تۇرغىنى خوتەننىڭ غەربىي چېتىدىكى گۇما تاشيول ئۇچاستىكىسى. ئۇچاستىكا خىزمەت بىناسىدىكى كۇتۇپخانا، مەجلىسخانا ھەم ئۇچاستىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈش سۇپىسىدە خىزمەت قىلىدىغان «ئىشچىلار ئائىلىسى» نىڭ ئۇدۇل تېمىغا چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان مۇنۇ قۇرلار كۆزگە تاشلىنىدۇ:
«ئۇچاستىكىدىكى ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچى 123 نەپەر، بۇنىڭدىن ئەر 85 نەپەر، ئايال 38 نەپەر، ئۇچاستىكىدا بەش داۋبەن بولۇپ، ئاسرايدىغان ئومۇمىي مۇساپە 179 كىلومېتىر، بۇنىڭدىن دۆلەت يولى 138 كىلومېتىر، ئۆلكە يولى 8 كىلومېتىر، مەخسۇس يول 33 كىلومېتىر، ماي يول 162 كىلومېتىر، شېغىل يول 17 كىلومېتىر...»
مەن يۇقىرىقى قۇرلار ئارىسىدىكى «ئاسرايدىغان» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلدىم، دۇرۇس، 179 كىلومېتىر مۇساپىلىق ئەينەكتەك سىلىق، ئازادە، كۆركەم ئاسفالىت يولنى ئۆز پېتىچە ساقلاش، ئۇنى قىش-ياز داۋاملىشىپ تۇرىدىغان، بوران، قۇم ۋە كەلكۈن

www.uyghurkitap.com



ئاپتىنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ئۇنۇملۇك قوغداپ قېلىش، بۇزۇلغان جايلىرىنى خۇددى يىرتىلغان كىيىمنى يامىغاندەك ئەپچىللىك بىلەن ئوڭشاپ بېرىدىغان ئىشچىلارنىڭ تاپقانلىرىنى خۇددى يولغان يەمەيدىغاندەك خۇشاللىق بىلەن ئاتىشى كېرەك. بىراق تاغدىن كەلگەن ئېقىن يولنى يۇيۇپ يىرتىلغان كىيىمنى بىلىندۇرمەي ياماپ تۇرغان ئىشچان ئانىدەك ياماپ تۇرۇش، بىر كېچىدىلا تاشيول ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، يول توسۇپ ياتقان يولۋاستەك تاشيولنى قاق بېلىدىن بېسۋالغان قۇم بارخانلىرىنى خۇددى تاغنى يۆتكىگەندەك كەينىگە يۆتكەش تىنىمسىز ئىشلەش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كۈچ تەلەپ قىلىدىغان بەسى مۇشكۇل ئىش! لېكىن 123 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى كېچە-كۈندۈز، قىش-ياز خۇددى كۆزقارىچۇقىدەك ئاسراۋاتقان بۇ يولنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى قانداقراق ئىدىكىن؟ ئۇنى كىملەر قانداق قىلىپ مۇشۇنداق زامانىۋى ھالەتكە كەلتۈرۈۋېدىكىن؟ مەن ئەمدى مۇشۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا تەقەززا ئىدىم. مەن يەنە قامۇسنىڭ تەۋسىيەلىرىگە بېقىپ مۇراجىئەت قىلدىم...

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدا يېيىلىپ ياتقان چەكسىز كەتكەن سۇسىز قاقاس چۆل... ئەتىيازنىڭ قۇرغاق بورىنى ۋەھىملىك گۈرۈلدەپ، قۇم-توپىلارنى ئاسمانغا ئۇچۇرىدۇ. چاكاندا ھەم قامغاقلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ دومىلىتىدۇ. بوراندىن كۆز ئاچقۇسىز بۇ باياۋاندا يىراقتىن ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، يېقىن كەلگەندە، بىر-بىرىگە ياندىشىپ، گەۋدىسىنى مەزمۇت تۇتۇپ تۇرغان قارا-قۇرا نەرسىلەرنىڭ تىنىمسىز مىدىرلىشىدىن ئۇلارنىڭ چۆلدىكى يۇلغۇن ياكى توغراق كۆتەكلىرى ئەمەس، ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىش مۇمكىن. شۇنداق، ئۇلار ئادەملەر، ئۇلار مەتقۇربان روزى باشچىلىقىدىكى 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان ساغان داۋىنىنىڭ يول ياساۋاتقان ئىشچىلىرى. ئۇلار كۆزلىرىگە نىقاپلىق كۆزەينەك تاقىۋالغانلىقلىرىغا قارىماي، يۈزلىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان توپا-قۇمنىڭ تىقىلىشىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرى توپا رەڭ يۈزىدە دىردىيىپ تۇراتتى. كالپۇكلىرىنى گەز باغلىغان، جۇدىگەنلىكىدىن ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىپ قالغانىدى، ئۇلار خۇددى گەۋدىسى تۆمۈردىن سوقۇلغاندەك، ئۆزلىرىنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان يول بۆلىكىنى شېغىل بىلەن توشقۇزۇش ئۈچۈن بەس-بەس بىلەن ئىشلىشەتتى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى يول چېتىدىكى شېغىللىق توپىنى جوتۇ بىلەن چېپىپ بوشىتاتتى. بىرلىرى بوشىغان شېغىلنى سېۋەت بىلەن تاسقايتتى. بىرلىرى تاغارغا ئۇسۇلغان شېغىلنى ئۈستىگە ئارتىپ، يولغا ئاپىرىپ تۆكەتتى. يەنە بىرلىرى شېغىلنى كەتمەن، كۈرەك ھەم تارغاق بىلەن يولغا يېيىپ تۈزلەيتتى. يېڭىلا تېخنىكىلىققا ئۆستۈرۈلگەن ئېلى قۇربان بىرنەچچە ئىشچى بىلەن بىللە كۆۋرۈك ياساش بىلەن ھەلەك ئىدى. بوران سەل توختاپ، ھاۋا ئېچىلغاندەك بولدى. بىرچاغدا گويا بازىرى تەرىپىدىن ئېشەك مىنىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئىككىلەن ئىشچىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقىغا، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا سەپسېلىپ قاراشتى-دە،

كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى.

— يائاللا... قارىسىلا بۇلارنىڭ ئۈستىباشلىرى بىلەن چىرايىغا، نېمە ئادەملەردۇ بۇلار؟ — ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئاستا پىچىرلىدى موماي.

— جىنايەتچىلەر ئوخشايدۇ... — بىر خىل تەشۋىش، گۇمانىسىراش ئىچىدە جاۋاب بەردى بوۋاي.

— ھەي ئىست، ياپپاشلا باللاركەن، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولغىيدى-ھە؟

— كىم بىلىدۇ... ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن چېغى، بولمىسا مۇشۇنداق ئېغىر ئىشقا سالاتتىمۇ ئۇلارنى؟

ئېشەككىلىك قېرىلار ئۆتۈپ كېتىشتى، ئىشچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن نېمە دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىيالمىدى، لېكىن ئۇلار ئىككى قېرىنىڭ بايام قىلىشقان گەپلىرىدىن كۆڭلى بىردىنلا ئەسكى بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ غۇدۇراشقىلى تۇردى.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ قېرى گاداي؟ — دېدى گۇرجەك بىلەن شېغىل يېپىشتۇراتقان بىر ئىشچى ئىشتىن توختاپ، — ئۇنىڭ نەزىرىدە بىز جىنايەتچى بوپ قالدۇقمۇ ئەمدى؟

— شۇنى دەيمنا، يولنى ياسايدىغىنى بىز، ماڭىدىغىنى ئاشۇ خەق، يەنە بىز ئۇنىڭ ئالدىدا جىنايەتچىما تېخى!

— ھەي... — ئۇھ تارتتى ئاقسېرىق ئورۇق بىر يىگىت، — دېمىسىمۇ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم تاشيول ئىشچىسى بولىدۇ جۇمۇ ئاغىنىلەر، ئاشۇ خەقنىڭ بىزنى جىنايەتچى دېمىكىمۇ ھەق...

ئەمما شۇئان ئەتراپتىكىلەر تېز ھاياجانلىنىدىغان ئالدىراڭغۇ مىجەزلىك بۇ يىگىتنىڭ ئەتراپىغا تۇشمۇ-تۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى:

— سەن گاداي ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە-ھە! — ئېلى قۇربان كۈۋرۈك يېنىدىن ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قولىنى نوقۇپ ۋارقىرىدى، — كىم تاشيولغا ئىشچى بولۇشقا زورلىدى سېنى؟ چىدىمىساڭ كەت، ھازىرلا كەتسەڭنى توغرىلا! ئەمما بىزگە ھاقارەت قىلما!

— سەن ئۆزۈڭنى جىنايەتچى ھېسابلىساڭ، بىز ئۆزىمىزنى خوجايىن ھېسابلايمىز، جۇمۇ، دەۋاتقان گېپىنى!

بايىقى يىگىت بېشىنى سالپايتىپ جىم بولدى. بىرچەتتە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغان مەتقۇربان روزى غەزەبتىن يېرىلاي دەپ تۇرغان چۇس مىجەزلىك، ئەمما كۆڭلى يېپەكتەك ئاق سەبداشلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— دۇرۇس، بىز دېگەن مۇشۇ تاشيولنىڭ خوجايىنى ئاغىنىلەر، بىز دېگەن ئىشچى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ شەرەپلىك ئەزاسى. ئىككى قېرى بىزنى جىنايەتچىگە ئوخشاتقانغا نېمىشقا خاپا بولىمىز؟ ئۇلارنىڭ مۇنداق دېگىنى بىزگە ئىچ ئاغرىتقىنى، ھېسداشلىق قىلغىنى، چۆل-باياۋاندا مۇشۇ ئېغىر ئەمگەكنى بىزنىڭ بىركىمنىڭ زورلىشى

www.uyghurkitap.com



بىلەن ئەمەس، ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلار قانداقمۇ ئەقلىگە سىغدۇرالىسۇن؟ لېكىنزە، ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ گېپى بولمىدى، بىز راستىنلا ئانىمىزنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەملەرمۇ؟ ياق، بىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن ئەڭ بەختلىك بولۇپ تۇغۇلغان، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلۇغ بىر روھنى يارىتىۋاتقان ئادەملەر. بۇ ئۇلۇغ روھ نېمە؟ خوتەن روھى. پولات تالاي-تالاي تۆمۈر رودىلىرىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتا ئېرىشىدىن تاۋلىنىپ چىققاندەك، بۇ ئۇلۇغ روھمۇ بىز تارتىۋاتقان مۇشۇ جاپا-مۇشەققەتتىن، چېكىنمىزدىن ئاققان ئىسسىق تەردىن تۆرىلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ روھنىڭ يۇرتىمىزغا بەخش ئېتىدىغىنى نېمە؟ يول، بەخت ۋە باياشادلىق يولى.

ئىشچىلار مەتقۇربان روزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇلىرىغا قايتىدىن يېپىشتى. مانا بۇ مەتقۇربان روزىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان 1953-يىلنىڭ باھار ئايلىرى. ئۇ باشچىلىق قىلىۋاتقان بىر بەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىل، شىجائىتى ۋە ئىسسىق قان-تەرى ئارقىلىق چۆل-باياۋاندا كۆمۈشرەك تاشيولنى خۇددى ماھىر ئۇستىكار توقۇۋاتقان ئەتلەستەك بىر غېرىچ، بىر غېرىچتىن ياساپ چىقماقتا ئىدى. شۇ قەدەر ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى يارىتىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇلار يېتىپ-قوپۇش ئۈچۈن ئۆي نەدە؟ ئائىلە نەدە؟ ئىسسىق تاماق نەدە؟ ئۇلار يوتقان، كۆرپە ھەم ئىش قوراللىرىنى نەگە بارسا شۇ يەرگە ئۆشنىسىگە ئارتىپ يۈرۈشكە، يازلىقى ئوچۇق دالىدا، قىشلىقى گەملەردە يېتىشقا، ئۇسسۇغاندا سوغۇق سۇ ئىچىپ، قورسىقى ئاچقاندا قاتتىق زاغرىنى غاجاشقا ئادەتلەنگەن. بىر كۈنى ئۇچاستىكا باشلىقى ئابدۇراخمان ھاشىم بىلەن سىياسىي يېتەكچى لى دۇڭلىڭ ئىشچىلارنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ چاغلاردا خوتەن تاشيول ئۇچاستىكىسى قەشقەر تاشيول باش ئوچاستىكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بۇ ئىككىيلەن خوتەن تاشيول ئىشچىلىرىدىن ئىبارەت بۇ يېڭىلمەس قوشۇننىڭ بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىرى ھېسابلىناتتى. ئىككىيلەن ئىش ئورنىغا كەلگەندە، ئىشچىلار بۇ ئورۇندىن گوما ناھىيىسى بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چېگرا-پاسىلىغا — چوڭكۆلگە يۆتكەلمەكچى بولۇپ، يۈك-تاقنى تېڭىۋاتقان، ئەمگەك قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن، ئىككىيلەن ئېشەكتىن چۈشۈپ ئىشچىلار بىلەن تىنچ-ئامانلىق سوراشتى-دە، ئۇلارغا ياردەملىشىشكە كىرىشتى.

— مۇنداق قىلايلى، كەتمەن، گۈرجەك، تارغاقلارنى كۆتۈرۈۋېلىڭلار، يوتقان، كۆرپىلەرنى ئېشەككە ئارتايلى، — دېدى ئابدۇراخمان ھاشىم يۈك-تاقنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان ئىشچىلارغا.

— رەھمەت دوەنجاڭ، ئۆزىمىز كۆتۈرۈپ، مېڭىۋېرەيلى، — قارشى چىقتى مەتقۇربان روزى.

— بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش كەتمەيدۇ، ئېشەك تۇرۇقلۇق، يۈك-تاقنى ئادەم كۆتۈردى دېگەن قانداق گەپ؟ قېنى، يۈك-تاقلارنى ئەكىلىڭلار، — دېدى لى

دۇگىلىك. ئەمما ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، ئىشچىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلغىلى تۇردى.

— بولدىلا، جىداۋيۇەن، بۇ ئېشەكلەر بىزگە تەۋە بولمىغاندىن كېيىن، يۈك-تاقلارنى يەنىلا ئۆزىمىز كۆتۈرگىنىمىز ياخشى، — چاقچاق ئارىلاش كۇلدى ئېلى قۇربان.

— باشلىق ئارتىڭلار دېگەندىن كېيىن ئارتمامدۇق ئاغىنىلەر، شۇ باھانىدا بۇ ئىككى ئېشەكنى باشلىقلار بىزگە بېرىۋېتەمدۇ تېخى... — دېدى يەنە بىر ئىشچى شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ.

— مەيلى، مەيلى، — ئابدۇراخمان ھاشىم قولىدىكى چۈلۋۇرنى شۇئان ئۇلارغا ئۇزاتتى، — ئېشەكنى ھازىردىن باشلاپ سىلەرگە بېرىۋەتتۇق ئەمسە.

— چاقچاق قىلدۇق دەپ... شۇمۇ گەپمۇ؟ — قاپىقىنى تۈرۈپ، ئەتراپىدىكىلەرگە زەردە بىلەن ئالايدى مەتقۇربان روزى، — ئېشەكنى بىز ئېلىۋالساق بۇلار نېمە بىلەن يول ماڭىدۇ؟ خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدۇ؟

— بوپتۇ، بوپتۇ، ئىش قىلىپ جاپا ئىشلار ئازىيىدىغانلا ئىش بولسا ئېشەك دېگەن قانچىلىك نېمىتى؟ قېپقالسۇن، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى لى دۇگىلىك.

— ياق، ياق، بىزغۇ ئىككى ئېشەكلىك بوپ قالدىكەنمىز، قالغان داۋبەندىكىلەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىزنى يەرگە قاراتمىسىلا جىداۋيۇەن.

ئىشچىلار يۈك-تاقنى ئۈستىگە ئارتىپ ئەمگەك قوراللىرىنى قولتۇقلىرىغا قىسىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى يۈرۈپ كەتتى. ئىككىلىەنگە ئېشەككە مىنىش نەدە؟ ئۇلار سېۋەت، تاغار... يەنە قالدى-قۇتتى ئەمگەك قوراللىرىنى ئېشەككە ئارتىپ، ئىشچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە.

— بۇلارغا قاراڭ، خۇددى ئۇزۇن سەپەرگە كېتىۋاتقان قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆزى، — دېدى لى دۇگىلىك ھاياجانلىنىپ، — ھەممە نېمىسى... تەقى-تۇرقى، كىيىم-كېچىكى، قەدەملىرىمۇ قىزىل ئارمىيىگە ئوخشاش، ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەتلا ئىككى، ئۇلارنىڭ كۆتۈرگىنى مىلتىق، بۇلارنىڭ كۆتۈرگىنى كەتمەن، گۈرجەك. ئۇلارنىڭ قارشى جەڭ قىلىۋاتقىنى قوراللىق دۈشمەن، بۇلارنىڭ قارشى جەڭ قىلىۋاتقىنى رەھىمسىز تەبىئەت.

— قالتىس جايىدا ئوخشىتىش بولدى، — ئابدۇراخمان ھاشىم ئېمىندۇر ئويلىنىۋېلىپ سۆز قىستۇردى، — بىراق راستىنى ئېيتسام، بىز بۇ قوشۇننىڭ ئالدىدا چىنىپ قالغاندەك تۇرىمىز.

— قايسى تەرەپتىن دەيسىز؟

— بىز بۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش، تەشكىلىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنىلا بىلدۇق، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە قىلىپ بېرەلىدۇق؟ بۇلار ھازىرغا قەدەر شېغىلنى سېتىكىدا ئەمەس، سېۋەتتە تاسقايدۇ، شېغىلنى ھارۋىدا ئەمەس، تاغارغا ئۇسۇپ ئۆشنىسىدە توشۇيدۇ، سۆرەمنى ھايۋاننىڭ ئورنىدا ئۆزى تارتىدۇ، ئۈستىبېشىغا قاراپ باققانسىز، قايسىسىنىڭ ئۇچىسىدا يېرتىلمىغان بىرەر ياقىلىق كىيىم بار؟ ئۆتكەندە مەتقۇربان روزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


دوكلاتىدىن ئاگاھلاندۇرۇقۇ، ئىشچىلىرىمىزنىڭ ھالى-تۇرقى مۇشۇنداق بولسا، خەق ئۇلارنى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاتماي قانداق قىلىدۇ؟

— ھە ... ھە ... سۆزلەڭ، ھەممىنى ئاڭلاي، — دېدى لى دۇڭلىڭ ئۇنىڭ ئەلەملىك سۆزلىرىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىۋېتىپ. ئابدۇراخمان ھاشىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنغاندەك ئىنىقىز نەپەس ئالدى، ئاندىن گېپىنى ئالدىرىماي داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— دېسەم گەپ جىق، يەنە ... ئىشچىلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى جەھەتتە قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز، بۇلارنى تەدرىجىي ھەل قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بولمىسا بىزنىڭ ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ يۈرگىنىمىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟

— سىز دېگەن باش دۈەنجاڭ، دەپ بېقىڭ، ئەمىسە ئىشنى نەدىن باشلىساق بولار؟

— ھازىرقى گەۋدىلىك مەسىلە، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى بىر ئامال قىلىپ ياخشىلاش، بۇ، ئىشچىلارنى ئىدىيە جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسى. مېنىڭچە مۇنداق قىلساق، باش ئۇچاستكىغا بىر دوكلات يوللاپ، ھەر بىر داۋبەنگە يېتەرلىك سېتكا، قوم ھارۋىسى، ئېشەك-كالا، ئىلاج بولسا بىرەردىن تۆگە ھەل قىلىپ بەرسەك، سىزچە قانداق؟

— پىكرىڭىزنى قوللايمەن! — كېسىپ ئېيتتى لى دۇڭلىڭ، — لېكىن بۇ قېتىم دوكلات يېزىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيلى، دوكلاتنى نەچچە قېتىم يازدۇق، ئۈنۈمى بولمىدى، بۇ قېتىم دوكلاتنى ئېلىپ قەشقەرگە ئۆزۈملا باراي.

شۇ كۈنى ئۇلار پىيادە ئون نەچچە كىلومېتىر يول مېڭىپ، كەچكە يېقىن چوڭكۆلگە يېتىپ كەلدى. كەچكى قۇياش قارا قۇرۇم تېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئۈستىدە خۇددى غايەت زور ئوت شارىدەك قىزىرىپ كۆرۈنەتتى. كۈندۈزدىكى دىماغنى كۆيدۈرىدىغان ئىسسىق، چۆل ئالۋۇنى نەلەرگىدۇر يوقالغان، ئەمدى ئەتراپتا جاننى راھەتلەندۈرگۈچى سالقىن چۆل شامىلى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭدىن چاكاندا ھەم شۇۋاقنىڭ كۆچلۈك پۇرىقى كېلەتتى. ھېرىپ كەتكەن ئىشچىلار قاپاقلىرىدىكى سوغۇق سۇ بىلەن زاغرىدا قورساقلىرىنى ئانچە-مۇنچە توقلاشتى-دە، داق يەرگە يوتقان-كۆرپىلىرىنى يېيىپ، ئۈستىگە ئۆزلىرىنى تاشلاشتى. ئەتىسى سەھەردە لى دۇڭلىڭ دوكلات قىلىش ئۈچۈن قەشقەر باش ئۇچاستكىسىغا، ئابدۇراخمان ھاشىم ئېشەكلىك قاراقاش داۋبەنگە كەتتى.

مەن قامۇسنىڭ ئۆلمەس روھىيىتىدىن زەر-دۇردانىلار چېچىلغان يارقىن بەتلىرىنى ۋاراقلىدىم:

«قاراقاش ئۇچاستكىسىدىكى ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچى 159 نەپەر، ئۇنىڭدىن ئەرلەر 108 نەپەر، ئايال 51 نەپەر، ماشىنا، مېخانىزملار 4 دانە، ئومۇمىي

ئاسرايدىغان يول مۇساپىسى 149 كىلومېتر، بۇ ئۇچاستىكا قاتناش تۈگۈنى ئەڭ كۆپ بولغان مۇھىم لىنىيىنى ئاسراش ۋەزىپىسنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ لىنىيە ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ...»

بۇ پەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىقى قۇرلاردىكى «ماشىنا، مېخانىزملار» دېگەن سۆز پەۋقۇلئاددە چوڭ مەنىگە ئىگە. ھازىر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 159 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېگىلىنىپ كەتتى. ئۇلار ھازىر ماشىنىلاشقان ئەۋزەل ئەمگەك شارائىتىگە ئىگە. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان دەل مۇشۇ لىنىيىدە بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىشچىلارنىڭ يولنى قانداق ياسىغانلىقىنى، قانداق ئاسرىغانلىقىنى، شۇ جەرياندا تارتقان ئىنسان چىدىغۇسىز جەبرى-جاپالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئىمىننىياز تۇرسۇن ھازىر 73 ياشقا كىرگەن، ساقلى كۆمۈشتەك ئاقارغان بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، پات-پات تاشيول ئۈستىگە چىقىپ، رەتلىك، يارشىملىق خىزمەت فورمىسى كىيگەن ئىشچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئۇششاق شېغىل بىلەن قورۇلغان قىزىق مايىنى يولغا ماشىنا بىلەن قانداق تەكشى يېيىتىشلىرىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا جاپا-مۇشەققەتتە ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق چاغلىرى ئىختىيارسىز ئېسىگە كېلىدۇ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ، خىيال بىلەن ئۇزۇن، ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلايدۇ...

... گىياھسىز قاقاس چۆلدە ئىككى چېتى ئۇپۇققا سىڭىپ كەتكەن پايانسىز تاشيول... ئوتتۇرا بوي، بەستلىك، يېشى ئوتتۇزلارغا يېقىنلاشقان بىر يىگىت شاخ-شۇمبىدا توقۇلغان ئېغىر سۆرەمنى ئۆزى يالغۇز سۆرەپ كەلمەكتە. يول دېگەنگە شېغىل تۆكۈش، ئۇنى يېيىتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. يولنىڭ ماشىنىلار تولا مېڭىپ كاتاڭلىشىپ كەتكەن يۈزىنى تۈزلەپ تۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ماشىنىلارنىڭ تېز، راۋان مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى يولغا سۆرەم سېلىپ تۇرۇش كېرەك. يىگىتنىڭ ئېغىر سۆرەمنى كۆچەپ تارتىشىدىن ئارغامچا ئۇنىڭ يەلكىسىگە پېتىپ، گۆشكە كىرىپ كەتكەنىدى. تومۇز ئىسسىقنىڭ ھارارەتلىك تەپتىدىنمۇ ياكى ئارتۇقچە زورۇققانلىقىدىنمۇ چېكىسىدىن، قۇلاقلىرى تۈۋىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى قۇرۇپ، قوۋزاقتەك قېتىپ كەتكەنىدى. ھارغىنلىقتىن قەدەملىرىنى ئاران-ئاران يۆتكەيتتى. ئۇ سۆرەمنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئالدىغا مۇدۇرۇلۇپ يىقىلدى. شۇئان ئىككى تىزى ئوتتا كۆيگەندەك ۋىژىلداپ ئېچىشىشقا باشلىدى. يىگىت قولى بىلەن يەرنى تايىنىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، شىمىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈپ قاراپ باقتى. ئىككى تىزى جاراھەتلەنگەن، سۇرۇلۇپ تىتىلغان تېرە ئارىسىدىن تەپچىرەپ قان ئاقماقتا ئىدى. يىگىت ئاچچىق تەردىن قارىمۇچ قۇيغاندەك ئېچىشىۋاتقان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى. يەنە ئىككى كىلومېتىردەك يول قاپتۇ، بۇنى تۈگەتمىسەم بولمايدۇ، ئىچىدە پىچىرلىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئۇ. بۇ چاغدا ئۇ نېمىلەرنى ئويلىشى مۇمكىن؟ سىياسىي چاقىرىق ياكى ئۇلۇغ غايىلەرنىمۇ؟ ياق! ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنى، باشقا ئىشچىلارنىڭ كەينىدە قالماسلىقنى، يولنى راۋان قىلىشنىلا ئويلايتتى. ئىككى كىلومېتىر! ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەلۋەتتە ئاز مۇساپە ئەمەس، ئۇنى ئېغىر سۆرەمنى سۆرەپ، بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن مېڭىپ تۈگىتىش كېرەك. بىر قەدەم، شۇنى باسماقمۇ نەقەدەر مۇشكۈل! قاپاقتىكى سۇ ئاللىقاچان تۈگىگەن، قورساق ھەرقانچە ئېچىپ تۇرغان بىلەن قاتتىق زاغرىنى قورۇپ نېمى قالمىغان ئېغىزدا قانداق چايناپ يۇمشىتىش مۇمكىن؟ يىگىت ۋۇجۇدىدىكى خوراپ كېتىۋاتقان ئاخىرقى كۈچىنى يىغدى، ئالدىغا ئېگىشىپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى قولىغا مەھكەم ئوراپ، سۆرەمنى خۇددى بىر تاغنى سۆرىگەندەك كۈچىنىپ سۆرەپ يۈرۈپ كەتتى. بىر چاغدا گويا تەرەپتىن ئېغىر يۈك بېسىلغان بىر قارا ماشىنا قويۇق توپا توزىتىپ يېتىپ كەلدى. يىگىت سۆرەمنى يول چېتىگە تارتىپ، ماشىنىغا يول بەرمەكچى بولدى. ئەمما، ماشىنا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ يول چېتىدە توختىدى.

— ۋۇي، قانداق ئەھۋالىڭ، ئىمىننىياز؟ — كابىنكىدىن سۆزلەپلا چۈشتى ئاق شاپاق دوپپىلىق، ئېگەكلىرىنى قويۇق ساقال باسقان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر شوپۇر.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دۇدۇقلاپ سالام بەردى ئىمىننىياز ۋە ئىسمىنى بىلگىنىگە قارىغاندا مېنى تونۇيدىغان ئوخشايدۇ، ئەمما ئۆزى كىم بولغىيدى؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. شوپۇر ئىمىننىيازغا قولىنى ئۇزىتىپ كۆرۈشكەچ خۇددى يېقىن تونۇشلاردەك ھال-ئەھۋال سوراپ كەتتى.

— ھە، قانداقراق تورۇۋاتسەن ئۇكام؟ سۆرەمنى ئۆزۈڭ يالغۇز تارتىۋاتامسەن نېمە؟ ئەستا، بولماپتۇ بۇ، بۇنداق تومۇز ئىسسىقتا ئادەم تۇرماق ھايۋانمۇ چىدىمايدۇ، ئۇسسىغانسەن، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ؟ بۇياققا كەل. ھە، ما يەرگە... — شوپۇر ئىمىننىيازنى ماشىنىنىڭ سايىسىگە باشلاپ كەلدى. كابىنكىدىن چىپتا تاغاردىن بىرنى ئېلىپ، يەرگە يايدى-دە، ئىككى قوغۇن، نان سېلىنغان سومكىنى ئېلىپ ئۈستىگە قويدى.

مېنى بىرەر تونۇشىغا ئوخشىتىپ قالدىمىكىنە بۇ شوپۇر، بىردىنلا گۇمانسىراپ قالدى ئىمىننىياز. شوپۇر گويا ئۇنىڭ گۇمانلىرىنى بىلىپ قالغاندەك، تىلىنغان قوغۇننى ئوتتۇرىغا تىزىپ، نان ئۇشتىغاچ سۆزگە كىرىشتى.

— ئاتۇشنىڭ قوغۇنى، قەشقەرنىڭ نېنى، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ يەۋەر ئۇكام. بۇلارنى ساڭا ئوخشاش جاپاكەش تاشيولچىنىڭ بىرەرسىنىڭ ئالدىغا قويىمەنمۇ دەپ ئېلىۋالغان، ساڭا نېسىپ بولدى مانا.

قوغۇن تاتلىق ھەم سۇلۇق ئىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ ئارانلا چىداپ تۇرغان ئىمىننىياز ئىككى-ئۈچ تىلىم قوغۇن يېگەندىن كېيىن، تېنى بىردىنلا يايراپ، پۇت-قولىغا

قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى. نەقەدەر مەززىلىك نان، نەقەدەر تاتلىق قوغۇن-ھە بۇ! ئۇ بىر قوغۇن بىلەن بىر ناننى پاك-پاكىز يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئېغىزىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، خىجىللىق ھەم مىننەتدارلىق ئارىلىشىپ كەلگەن بىر ھاياجان بىلەن:

— رەھمەت ئۇستام، — دېدى.

— نېمىگە رەھمەت؟ — قىزىقسىنىپ كۈلدى شوپۇر، — بۇ گېپىڭ بولمىدى، رەھمەتنى سەن ماڭا ئەمەس، مەن ساڭا ئېيتسام بولىدۇ ئۇكام، سىلەر تاشيولنى مۇشۇنداق ياساپ، تۈزلەپ تۇرمىساڭلار بىز شوپۇر خەققە بىخەتەر، راۋان يول مېڭىش دېگەن نەدە؟

— ئىسمىمنى قانداق بىلىۋالغانتىلە؟ — ساددىلىق بىلەن سورىدى ئىمىننىياز.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — شوپۇرنىڭ قېلىن قاشلىرى سەكرەپ كەتتى، — مۇشۇ يولدا ماڭغاندا سېنى داۋاملىق كۆرىدىغان تۇرسام، بىلمەي قالاتتىمۇ سېنى. سەنلا ئەمەس، خوتەندىن تارتىپ تا ئۈرۈمچىگىچە تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا تونۇش. قانداق تونۇپ بولغانسىز دەمسىنا؟ بىزدەك شوپۇرلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزگەن، بىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان تاشيول ئىشچىلىرىنى تونۇماي كىمنى تونۇيمەن؟ ھەي ئۇكام، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە. جۇمۇ، سەن مىڭ ئادەمدىن ياخشىلىق كۆرسەڭ ھەممىسىنىڭ خاتىرىسى كۆڭلۈڭدە قالىدۇ، بۇدا ئۈرۈمچىدىن كەلگىچە يول بويى قانچىلىغان تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ راپاۋىتىنى كۆرمىدىم؟ سۆرەمنى مۇشۇنداق ئۆزلۈك سۆرەپ مېڭىشىڭ بىز ئۈچۈن، خوتەن خەلقى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

— بۇ دېگەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، ئۇستام، — دېدى ئىمىننىياز شوپۇرنىڭ گېپىنىڭ ئېتىگىگە يېتەلمەي.

— دۇرۇس، بۇ سېنىڭ ۋەزىپەڭ، — ئۆز گېپىنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى شوپۇر، — لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە خوتەن خەلقىنىڭ ئېرىشىدىغىنى نېمە؟ بەخت، تەرەققىيات. مانا، ماشىنىدىكى يۈكنىڭ ھەممىسى كىيىم تىكىش ماشىنىسى. كىيىم تىكىش ماشىنىسى دېگەننى كۆرگەنمۇ سەن؟ بىر چەينەك چاي قاينىغۇچە بىر كۆڭلەكنى شارقىرىتىپ تىكىپ بولىدىغان ماشىنا. مۇشۇنىڭ راپاۋىتىدىن خوتەن ئاياللىرى ئەمدى قارا چىراغ تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، يىڭنىنى بىر-بىردىن سانجىپ كىيىم تىكىدىغان جاپادىن قۇتۇلىدىغان بولىدى دېگىنە. ئەمدى مۇشۇنداق تاشيول، ئۇنى ياساپ تۇرىدىغان سەندەك تاشيول ئىشچىلىرى بولىدىغانلا بولسا، قاراپ تۇر، خوتەن خەلقىنىڭ كۆرىدىغان ياخشى كۈنلىرى تېخى ئالدىدا.

شوپۇر يەنە بىر قوغۇننى ئىمىننىيازغا قالدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، يولغا يۈرۈپ كەتتى، ئۇسسۇزلۇقى قېنىپ، قورسىقى تويۇپ، ماغدۇرىغا كەلگەن ئىمىننىياز سۆرەمنى ھېچبىر كۈچىمەيلا سۆرەپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدا چەكسىز يىراققا سوزۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈمۈشرەڭ تاشيول سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئىمىنىياز تۇرسۇن تاكى 1982-يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر تاشيولدا ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىشلىدى.

ئابدۇراخمان ھاشىم، لى دۇڭلىڭ، مۇئاۋىن ئۇچاستىكا باشلىقى ياۋزىسەي ھەم مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى ۋاڭ جىمىڭ، جۇڭ شىڭفالارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى داۋىبەنلەرگە ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ سېتكا، بىرچاقلىق قول ھارۋىسى، ئېشەك، كالا ھەم تۆگە ھەل قىلىپ بېرىلدى. ئۆلچەملىك سېمونت كۆل ياسالدى. ئىشچىلارنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. ئۇلار شېغىلنى سېتكا بىلەن تاسقاش، بىر چاقلىق قول ھارۋىسى بىلەن توشۇش، سۆرەمىنى ئېشەك، كالا ياكى تۆگە بىلەن سۆرىتىش ئۆرىستىگە ئېرىشكەندە نېمىشقا خۇشال بولۇشمىسۇن؟ ئەمگەك قوراللىرىنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن تەڭ ئىشچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئۆستى. ئىشچىلارنىڭ ھەربىرى بىر يىرىم، ئىككى كۇبمېتر شېغىل تاسقىسا، بىركۈنلۈك ۋەزىپىسى ئادا بولغان ھېسابلىناتتى. بىر كۈندە ئوتتۇز كۇبمېتر توپا-قۇم يۆتكىسە، مۇكاپات ئورنىدا بېرىلىدىغان ئۈچ نانغا ئېرىشەلەيتتى. ھەر كۈنلۈك ۋەزىپىسنى ئۆز جايىدا ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلارنىڭ ئايلىق مائاشىغا ئۈچ يۈەن قوشۇلاتتى. يول كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان مەزگىللەردە ئىشچىلارغا دەم ئېلىش، ھېيت-بايرام قىلىش نەدە؟ ئۇلار ئۇنداق چاغدا ھەركۈنى 17-18 سائەتلەپ ئىشلەشكە، ئايدا پەقەت بىرەر كۈنلا دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلا ئەمەس، ئۇلار ئۆيىدىن بىرلا چىقىپ كەتسىلا، يەتمىش-سەكسەن كۈنسىز قايتىپ كېلەلمەيتتى.

دۆلەت روزى خوتۇنى ھەم ئۇششاق بالىلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۇلارغا قاراپ خېلىغىچە ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ قالدى. سەۋەبى ئۇ مۇشۇ يېتى چىقىپ كەتسە يەتمىش-سەكسەن كۈندە قايتىپ كېلىدىغان ئىشقا بارماقچى. ئۇ بىساتسىز ئۆيىنىڭ تۆت بولۇڭىغا غەمكىن كۆزلىرىنى تىكتى. بار-يوقى بىر پارچە كونا كىگىز، بىر يوتقان، بىر كۆرپە.

— چۆل دېگەننىڭ بوران-يامغۇرى كۆپ، يوتقاننى مەن ئېلىۋالايمىكىن خوتۇن.

— مەيلىڭىز، — رايىشلىق بىلەن ئېرىگە تەلمۈرگەن ئايالى يوتقاننى چىرايلىق قاتلاپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەمما، دۆلەت روزىنىڭ يوتقاننى ئېلىشقا قولى بارمىدى. قانداق ئالىدۇ؟ ئۇ يوتقاننى ئېلىپ كەتسە، چۈچۈرىدەك ئۇششاق بالىلىرى نېمە يېپىنىدۇ؟ ئۇ ئۇچاستىكىدىن قايسى بىر يىلى تارقىتىپ بەرگەن جۇۋىسىنى قولتۇقىغا قىستى-دە، ئۈن-تىنسىز تالاغا ماڭدى.

— يوتقاننى ئالمىدىلىغۇ دادىسى؟

— بولدى، يوتقان سىلەرگە قالسۇن، — دېدى ئۇ. دۆلەت روزى شۇ چىقىپ

كەتكەنچە ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. سېغىنىپ كەتكەن باللىرى بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئويناپ ھارغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ قۇچىقىدىلا ئۇخلاپ قېلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەن باللىرىنى يېنىغا ئېلىپ ئۇزاققىچە مۇڭدىشىپ يېتىشتى. دۆلەت روزى شۇ چاغدا خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ تاۋۇز شاپىقىدا خېمىر يۇغۇرغانلىقى، خېمىرنى گۈرجەك ئۈستىگە قويۇپ، قومۇش قالغان ئوتتا پىشۇرۇپ يېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئايالى ئېرىگە ئىچ ئاغرىتىپ خېلىغىچە كۆز يېشىنى توختىتالماي قالغانىدى.

ئابدۇقادىر خوجا ئۇ كۈنلەردە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قاراقاش داۋبەنىنىڭ بۇ ياش تۆمۈرچىسىنىڭ زىممىسىگە نۇرغۇن ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەن. ئۇ سېلىنىۋاتقان بىرنەچچە ياغاچ كۆۋرۈك ئۈچۈن نەچچە يۈز دانە ئىسكاپ ياسىشى كېرەك. ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بازغان ھەم بولقىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى يەرنى، ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى تىترىتەتتى. بولۇپمۇ كېچىسى ئەل ئايغى بېسىقىپ، جاھان جىمجىتلىققا چۆككەندە بۇ ئاۋاز تېخىمۇ ئۇنلۇك، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئاڭلىناتتى، ئۇنىڭ رېتىملىق، ئۇنلۇك گۈپۈلدىشى ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ تىنىمسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ جۇشقۇن دۈپۈلدەشلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەنە، تېخى ياش تۇرۇپلا ھۈنەردە ئۇستىلىق مۇقامىغا يەتكەن بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بوي، بەستلىك تۆمۈرچى يىگىت، بازغانچىنىڭ كۆرۈكنى كۈچەپ بېسىشىدىن ئۇنىڭ ئالدىدا كۆمۈرنىڭ قىپقىزىل ئوتى شىددەت بىلەن يېلىنجايدۇ. ئابدۇقادىر خوجا تۆمۈرنىڭ تاۋلىنىشىنى كۈتۈپ، ۋاشىلداپ كۆيۈۋاتقان يالقۇن ئىچىگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرىدۇ. يالقۇن تەپتىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى چوغدەك قىزارغان، يالىڭاچ، ئۇچۇق كۆكرەكلىرىمۇ قىزارغان. خۇددى ئوت ئىچىدىكى تۆمۈر بىلەن بىللە تاۋلىنىۋاتقاندەك...

قىپقىزىل ئوت يالقۇنى ئاستا-ئاستا ئاقىرىپ ئۇششاق ئۇچقۇنلار ئوت ئىچىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. مانا بۇ، ئوتتىكى تۆمۈرنىڭ تاۋلانغانلىقىنىڭ بېشارىتى. ئابدۇقادىر خوجا شۇئان قولىدا ئاللىقاچان راسلاپ تۇرغان قىسقۇچ بىلەن ئاپپاق ئاقىرىپ، ئۇچقۇنلار ۋاراسلاپ چاچراپ تۇرغان تۆمۈرنى قىسىپ ئالدى-دە، سەندەل ئۈستىگە قويدى. ئۇ بىرىنچى بولقىنى ئۇرۇش بىلەن تەڭ، بازغانچى ئېغىر بازغىنىنى ئۇ بولقا ئۇرغان يەرگە تېز، شىددەت بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدىكى مەنزىرە كىشىنىڭ يۈرىكىنى جۇغۇلداتقۇدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ئىدى، بازغاننىڭ ھەربىر ئۇرۇلۇشىدىن سان-ساناقسىز، قىپقىزىل مېتال ئۇچقۇنلىرى تەرەپ-تەرەپكە چاچرايتتى. ئۇستىمۇ، بازغانچىمۇ ئەنە شۇ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئارىسىدا قالاتتى. شۇنىسى ھەيران قالارلىق ئىدىكى، خۇددى مىلتىق ئوقىدەك شىددەتلىك ئۇچۇۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇستا بىلەن بازغانچىنىڭ، نە باش-كۆزىگە، نە ئوچۇق كۆكرەكلىرىگە تەسىر قىلالمايتتى، پەقەت ئۇ ئۇچقۇنلارنىڭ كىيىملىرىنى

www.uyghurkitap.com



كۆيدۈرۈپ تېشىپ ئۆتكەندىن كېيىنكى توخۇ كۆزىدەك ئۇششاق، سان-ساناقسىز تۆشۈكچىلەرلا قالاتتى، خالاس. بولۇقا ھەم بازغاننىڭ ھەيۋەتلىك گۈپۈلدەشلىرى داۋام قىلاتتى. جىرىڭشىپ تۇرىدىغان تۆمۈر ھەم پولات تاختىلار، پولات لىملار ئۇلارنىڭ بولقا ھەم بازغانلىرى ئاستىدا بىردىنلا ياۋاشلىنىپ خېمىردەك چەيلىنەتتى. ئىنساننىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى ھەم شىجائىتى ئالدىدا دۇنيادا باش ئەگمەيدىغان نېمىمۇ بار ئىدى؟ ئابدۇقادىر خوجا ئېغىر، قوپال تۆمۈر ھەم پولات تاختىلارنى خۇددى قايچىدا رەخت كەسكەندەك كېسىپ، ئۇنى خېمىردەك چەيلەپ يۇغۇرۇشقا، ئاندىن ئۇنىڭدىن تاشيول قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ياساپ چىقىشقا قادىر ئىدى. داۋبەنلەرگە ئىشەك پەيدا بولىۋېدى، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈك يەنە بىر ھەسسە ئېغىرلاشتى. ئەمدى ئۇ شۇ قەدەر جىددىي ھەم قىس ۋاقىتتىن يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئىشەكلەر ئۈچۈن ئۆلچەملىك تاقا ياسىشى كېرەك. ئۇ بۇنىڭغا ۋاقىتنى نەدىن چىقىرىدۇ؟ تاماق يېيىش ھەم كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى ئاز-تولا چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە بارىدىغان ۋاقىتتىن... بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، ئۇنىڭ ئۆيى دۇكاندىن يىراقمۇ ئەمەس، ناھايىتى نەچچە ئون مېتىر... ئۇنىڭغا قارىماي ئابدۇقادىر خوجىنىڭ بىردىنلا ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ ئۆيىگە كېلىپ يەيدىغان ئۈچ ۋاخ تاماقنى دۇكاندا يەيدىغان، كېچىسى دۇكاندىلا قىڭغىيىپ ئىككى، ئۈچ سائەت كۆزنى يۇمۇۋالىدىغان بولۇۋالغانلىقىغا خوتۇنى ھەيران ھەم خاپا.

— يائاللا، مۇشۇ تۆمۈرچىلىك سىلىگە بىر بالا بولدىغۇ، — غۇدۇڭشىيدۇ ئايالى چامغۇرنىڭ مەززىلىك ھېدى پۇراپ تۇرغان بىر قاچا سىقماق ① نى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ.

— بالا ئەمەس، ئامەت، — خوتۇنىغا چاقچاق قىلغاچ ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ قويىدۇ تۆمۈرچى، — ھۈنەرۋەننىڭ ئىشسىز قالغىنى ئۇنى نەس باسقىنى، مانا، بۇنىڭ ئۆزى بالا. ھۈنەرۋەن دېگەننى ئىش بېسىپ تۇرغانغا يەتمەيدۇ خوتۇن، ھۈنەرۋەن مانا شۇنىڭدىن لەززەت تاپىدۇ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. راستىنى ئېيتسام، ماڭا داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرى تەگكەن ئوخشايدۇ، بولمىسا مۇنچىلىك ئامەت تېپىپ بولامتى ماڭا؟

ئۆزى چېچەن، غەرەز ئۇقمىدىغان ئوڭلۇق خوتۇن ئېرىگە يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟ ئېغىزىدا بايىقىدەك دەپ قويغىنى بىلەن، ئېرىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئىشچىلارنىڭمۇ، ئۇچاستكا رەھبەرلىكىنىڭمۇ ئىشەنچى، ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقىنى ئۈچۈن، ئىچىدە بىرخىل ماختىنىش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلىدۇ...

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە زىيارەت قىلىپ بارغىنىمدا، پۈتۈن ئۆمرى سەندەل يېنىدا

---

① سىقماق — خوتەن خەلقىنىڭ قوناق ئۇنىدا ئېتىدىغان ئەنئەنىۋى تامىقى.

بولقا تۇتۇپ ئۆتكەن بۇ پېشقەدەم تۆمۈرچى 76 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، پېشقان گەۋدىسىنى يەنىلا مەزمۇت تۇتۇپ، ئوت يالقۇنىدا تاۋلىنىپ پىشقان قۇۋۋەتلىك قولى بىلەن قولۇمنى باھادىر ئەرلەرگە خاس مەھكەم قىستى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە شۇ مېھرىبان ئايالى، ئاللا بۇ بىر جۈپ قەدىناسنى تەڭ ياشاپ تەڭ قېرىشقا نېسىپ قىلغانىدى.

ئابدۇقادىر خوجا 1987-يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنلا تاماقنى ئۆيدە يەيدىغان، ئۆيدە ئۇخلايدىغان بولغان، شۇنىڭ بىلەن قەدىناس ئايالىنىڭ مېھرلىك تەشۋىشلىرىمۇ تۈگىگەن.

قامۇس بەتلىرى بىر-بىرىدىن نۇرانە، ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن باتۇرلۇق شەجەرىلىرى بىر-بىرىدىن شۆھرەتلىك ئىدى.

مانا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا دانىشمەن كەمەك ھەييارنىڭ شاھانە يۇرتى-كىرىيە. ھازىرقى كىرىيىلىكلەر ئاشۇ مۆھتەرەم دانىشمەننىڭ ئەۋلادلىرى. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ ئۇلۇغ بوۋىسىدەك دانىشمەن، ئەقىل-پاراسەتلىك، ئىشچان ۋە تىرىشچان، خوتۇن-قىزلىرىنىڭ گۈزەللىك ۋە شەرمى-ھايالىقتا تەڭدىشى يوق. خوتەنلىك مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي، تارىخچى ھەم تىلشۇناس ز. ئى. كازىم ئەپەندى ماڭا دانىشمەن كەمەك ھەييار توغرىلىق مۇنداق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

... بىر زامانلاردا كىرىيەدە كەمەك ھەييار ئىسىملىك بىر دانىشمەن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئەقىل-بىلىم ۋە پەم-پاراسەتتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىكەن. بىر كۈنى باغدات شەھىرىدىكى چەمەك ئىسىملىك يەنە بىر دانىشمەن كەمەك ھەييارنىڭ نام-شۆھرىتىنى ئاڭلاپتۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن سىناشماقچى بولۇپ باغداتتىن كىرىيىگە كەپتۇ.

— سەن بىلەن بەسلەشكىلى كەلدىم، — دەپتۇ ئۇ كەمەك ئەييارغا.

— بەسلەشسەك بەسلەشتۇق، ئەمسە قايسى ئىشتا بەسلىشىمىز؟ — سوراپتۇ كەمەك ھەييار. ئۇلار ئۇيان تالىشىپ، بۇيان تالىشىپ، ئاخىرى كىم تۇخۇم بېسىپ ياتقان قۇشنىڭ تېگىدىن قۇشقا تۇيدۇرماي تۇخۇمىنى ئېلىۋالالىسا، شۇ ئۇتقان ھېساب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىپتۇ. چەمەك ھەييار بىرىنچى بولۇپ ئىشنى باشلاپتۇ. ئۇ قۇش تۇخۇم بېسىپ ياتقان دەرەخكە يامىشىپ چىقىپتۇ-دە، قۇشنىڭ چاڭگىسىغا پەم بىلەن قولىنى ئۇزىتىپتۇ، لېكىن ئۇ قۇشنىڭ تېگىدىن تۇخۇمنى ئېلىپ بولغىچە كەمەك ھەييار ئۇنىڭدىنمۇ ئۇستا كېلىپ تۇيدۇرماي چەمەك ھەييارنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋېتىپتۇ. نەتىجىدە چەمەك ھەييار ئەقىل ھەم پەم-پاراسەتتە كەمەك ھەييارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا تەن بېرىپ ئەتىسىلا باغداتقا قايتىپ كېتىپتۇ...

پېشقەدەم تاشيول ئىشچىلىرىدىن ئانارخان، مەتنىياز ئەخمەت، ھاشىم ئىمىن، ھاشىم ئابدۇراخمان ھەم ئەخمەت خۇدابەردى قاتارلىقلار ئەنە شۇ كەمەك ھەييارنىڭ

نەۋرە-چەۋرىلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلار تاشيولدا ئۆتكەن بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتقان.

ئىشچىلار ھاشىم ئابدۇراخماننى ئۇنىڭ ئىشتا چاققان، چىداملىقلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، سۆزمەن، خۇش چاقچاقچىلىقى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار بىر كۈنى ئاخشىمى كەچلىك سىياسىي ئۆگىنىشتىن كېيىن باغنىڭ ئارقا تېمىغا ئۆتۈپ غىپلا قىلىپ يوقاپ كېتىپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا ياتاققا تىۋىشسىزلا كىرىپ كەلگەن ھاشىم ئابدۇراخماننى تۇشمۇ-تۇشتىن ئورىۋېلىشتى.

— بۈگۈن راستىنى دەيباقە، زادى نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — سوراشتى ئۇلار. شۇئان ھاشىم ئابدۇراخماننىڭ كۆزلىرىدە شادىيانلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىرخىل مۇغەمبەرانە كۈلكە يالت قىلىپ چاقناپ كەتتى.

— بۇ مەخپىي، — مەنلىك كۈلدى ئۇ.

— تاپقىنىڭ ئۈزمۇ؟

— كىرىپ بىر سەت قىز دېگەن دورىلىققىمۇ تېپىلمايدۇ، بىلمەمسلەر بۇنى؟

— ياق، شۇنداقتىمۇ ئۈزنىڭ ئىچىدە ئۈز بولىدۇ-دە.

— ئىش قىلىپ... ئاشۇ ئۈز قىزلارنىڭ گۈلتاجىسى. بىراق، خاتىرجەم بولۇڭلاركى، سىلەردەك ئاچ مۈشۈكلەرنىڭ بۇ گۈلتاجىغا ھەرگىز قولۇڭلار يەتمەيدۇ.

— سېنىڭچۇ؟ سېنىڭ يېتەمدۇ قولۇڭ؟ — قايسىبىر ئىشچى قىزىشىپ ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. ھاشىم ئابدۇراخمان يەنە بوش كەلمىدى:

— يەتمەيچۇ، كۆيۈشتۇق، ۋەدىلەشتۇق، قول يەتتى دېگەن شۇ!

— ئۇلار سېنىڭ تاشيول ئىشچىسى ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ باقسۇنچۇ قېنى، ئۇ چاغدا قانداق قىلىدىكەن، ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىڭنى بوسۇغىدىنلا قوغلاپ چىقىرار.

بۇ گەپ گويا ھاشىم ئابدۇراخمانغا ئەمەس، ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئېيتىلغاندەك ھەممىيلەننىڭ بېشى چۈشۈپ جىمىپ كېتىشتى، چۈنكى ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بويتاقلار. ئۇلار بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن... ھامان ئۆيلىنىشى، قىز چوڭ قىلغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەلچى كىرگۈزۈشى كېرەك. لېكىن يۇرت ئەھلى تاشيول ئىشچىلىرىنى شۇ قەدەر تۆۋەن-پەس كۆرەتتى، بۇ بىچارە بويتاقلارغا ھېچكىمنىڭ قىز بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. دېگەندەك بولدى، بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ ئۆتتەك كۆيۈشكەن، تالاي ۋەدە-قەسەملەرنى قىلىشقىنىغا قارىماي ھاشىم ئابدۇراخماننىڭ تۈنجى ئارزۇ-تىلىكى قىزنىڭ دادىسىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا كۆپۈككە ئايلاندى.

بىز تاشيول ئىشچىلىرى زادى قاچانغىچە مۇشۇنداق كەمسىتىلەرمىز ھە؟ — غەم ۋە ھەسرەت بىلەن ئويلىناتتى ئۇ، — بىزنىڭ يۇرت-جامائەت ئارىسىدا قەدىر-قىممىتىمىز بولىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ بىراق ئۇنداق كۈنلەر قاچان كېلىدۇ؟ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىچە بۇ يەردىن بىراقلا يوقىلىپ، خورلۇق ئازابىدىن بىر يوللا قۇتۇلايمىكىن يا؟

ھاشىم ئابدۇراخمان ئاشۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پەشنى قاقىدىغا نۆۋەت-پۇرسەتمۇ كەلدى. داۋبەن ئىشچىلىرى ئارىسىغا نەدىنىدۇر مۇھەممەت ھامۇت ئىسىملىك بىر سازەندە پەيدا بولدى. ئۇ دۇتار-تەمبۇرنى ياخشى چېلىپلا قالماي ناخشىنىمۇ خوش ياقارلىق قىلىپ ئېيتاتتى. ئۇ كېلىش بىلەنلا، كۈندۈزى ئۇن نەچچە سائەتلەپ چۆلدە ئىشلەپ، كەچتە ياتاقتا كەلگەندە يالغۇزلۇق ھەم غېرىبچىلىقتىن زېرىكىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدىغان ئىشچىلار ناخشا، ساز بىلەن كۆڭلىنى ئاچىدىغان بۇ سازەندىگە مەھكەم يېپىشتى. بەنجاڭ شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالماقچى بولدى، لېكىن ئۇنداق قىلغاندا بىركىشىلىك شتات ئېشىپ كېتەتتى-دە، ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى تېپىپ بەرگىلى بولمايتتى. بەنجاڭ ئاخىرى بىر چارىنى تويلاپ تاپتى-دە، ھاشىم ئابدۇراخماننى ئىشچىلىقتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ھېلىقى سازەندىنى سەپلىمەكچى بولدى. لېكىن بەنجاڭ ھاشىم ئابدۇراخماننى سەۋەبسىزلا ئىشتىن قالدۇرۇۋېتىشنى ئەپسىز كۆردى بولغاي، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھەممە ئىشچىلارنىڭ ئالدىدا:

— قېنى، ئىككىڭلارنى مۇسابىقىگە سالىمىز. شەرت: ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى يېرىم مېتىر، قېلىنلىقى قىرىق سانتىمېتىر قۇمنى يولدىن يۆتكەش. بۇ ۋەزىپىنى كىم بالدۇر ئورۇنداپ بولسا، شۇ ئىشچىلىقتا قالىدۇ، — دېدى، بۇرۇنلا زادى قانداق قىلسام بولار؟ دەپ ئىككىلىنىپ يۈرگەن ھاشىم ئابدۇراخمان بۇنى ئاڭلاپ بىردىنلا جايىدا شىپىرلاپ تۇرالماي قالدى. چۈنكى ھەر نېمە دېگەن بىلەن تاشيول ئىشچىلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئەۋزەل ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، تاشيول ھاياتى ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، ئەل-جامائەت تاشيول ئىشچىلىرىنى ھەرقانچە تۆۋەن كۆرىدىغان، كەمسىتىدىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇشۇ كوللېكتىپنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، چىن قەلبىدىن سۆيىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بوشاڭلىق قىلىپ بۇ سازەندىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۆلچەم بەلگىلەندى، ھەر ئىككىيلەن ئالىقانلىرىغا تۈكۈرۈپ ئىشقا بەس-بەس بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ھاشىم ئابدۇراخمان ئۆزىنىڭ ئىشچىلىقتىن قالدۇرۇلۇپ قويۇلۇشىدىن قورقۇپ، شۇ قېتىمدا 40 كۇبمېتىر قۇم تارتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىغا قارىۋېدى، سازەندىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئىشنىڭ يېرىمىنى قىلار قىلماي‌لا قارا تەرگە چۆمۈلگەن سازەندە كەتمەن، گۈرجەكنى تاشلاپ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەنىدى.

ھاشىم ئابدۇراخمان بىر مەزگىلدىن كېيىن ھارۋىكەشلىككە بەلگىلەندى. ئۇ سىرىق توپاق قېتىلغان كۆتەك ھارۋىغا ئىشچىلارنىڭ يۈك-تاقىنى ھەم ئەمگەك قوراللىرىنى بېسىپ، ھارۋىنى بەلگىلەنگەن مەنزىلگە ھەيدەپ ماڭاتتى. نەدە كەچ بولسا، شۇ يەر ئۇنىڭ كەچلىك قونالغۇسى ئىدى. ئۇ كېيىن داۋبەنلەرگە سۇ توشۇش ۋەزىپىسىگە بەلگىلەندى. ئۇ ھارۋىغا ئورنىتىلغان يوغان تۇڭغا دەريادىن سۇ قاچىلاپ داۋبەنلەرگە ئاپىرىش ئۈچۈن، بىرقېتىمدا نەچچە ئون، ھەتتا يۈز نەچچە كىلومېتىرلاپ يول باساتتى.

uyghurkitap.com



شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھەرقايسى داۋبەنلەردە ياسالغان سۇ كۆلچەكلىرىگە بىر ئايدا بىر قېتىم سۇ ئاپىرىش نۆۋىتى كېلەتتى. ھاشىم ئابدۇراخمان چۆل-جەزىرىلەردىكى ئاشۇ جاپاكەش قېرىنداشلىرىغا پاكىز، يېڭى سۇ ئاپىرىشنىڭ غېمىدە كېچە-كۈندۈز سەكپارە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن تېپىرلايتتى. چۈنكى ئۇ چۆل-جەزىرىلەردىكى ئاشۇ كۆلچەك سۈيىگە ھەمىشە قۇرت-قوڭغۇز، كىرپە-چاشقانلارنىڭ چۈشۈپ مەينەت قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، ئىشچىلارنىڭ ئىلاجسىز ئاشۇ قۇرت-قوڭغۇز ھەم سۇدا كۆپۈپ يوغناپ كەتكەن كىرپە، چاشقانلارنىڭ ئۆلۈكىنى سۈزۈۋېتىپ، سېسىپ كەتكەن ئاشۇ مەينەت سۇنى ئىچىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا ئىشچىلارغا ئاشۇ سۇمۇ يەتمەي قالاتتى. بىريۇتۇم سۇ ئۇچۇن زار بولۇپ، چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن ئىشچىلار يىراقتىن ھاشىم ئابدۇراخمان ھەيدەپ كېلىۋاتقان ھارۋىنى كۆرگەندە شۇ قەدەر خۇشال بولۇشاتتىكى، چېلەك، كورۇشكىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشەتتى... پاكىز، ھالال سۈپسۈزۈك يېڭى سۇ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەرنىڭ جېنى بىلەن باراۋەر ئىدى. ھاشىم ئابدۇراخمان سۇغا تەشنا ئاشۇ تەلمۈرگەن جان ۋە ھاياتلىق كەۋسىرى بەخش ئېتىش ئۇچۇن، ھەمىشە قۇم بېسىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئۇزۇن يوللاردا ئېغىر ھارۋىنى ئات بىلەن نەچچە قېتىم بىللە تارتىشمىدى؟ قانچە كېچىلەرنى قۇم يۆتكەپ يول ئېچىپ بىللە ئۆتكۈزمىدى؟ تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان يۈز كىلومېتىرلىغان ئۇزۇن مۇساپىدە ھارۋىنى ھەيدەپ، ئاتقا ھەمراھ بولۇپ قانچە قېتىملاپ پىيادە ماڭمىدى؟ مانا بۇلار مەڭگۈ ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدىغان چەكسىز سان ئىدى...

ھاشىم ئابدۇراخمان 1963-يىلى ئۆكتەبىردە ئويتوغراققا يۆتكىلىپ، دەسلەپتە مائاۋىن بەنجاڭلىق، كېيىن بەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قىش كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۆزى مەسئۇل بولۇۋاتقان بىربەن ئادەمنىڭ قىش مەزگىلىدىكى ئامانلىقى ئۇچۇن ئالدىرىمىسا، ئۇنىڭ غېمىنى يېمىسە بولمايتتى. ئۇ يىلى خوتەندە قىش بالدۇر چۈشتى. ئاخشىمى قۇرۇق قومۇشنى بولۇشىچە قالاپ، قومۇش سەل قىزىغاندىن كېيىن كۆلىنى ئېلىۋېتىپ، ئىسسىق يەرنى كۆرپە قىلىپ ياتقان ئىشچىلار ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆزلىرىنى كېچىچە ياغقان قېلىن قارنىڭ ئاستىدا كۆرۈشتى.

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — ھاشىم بەنجاڭغا تەشۈش ئىچىدە قاراشتى ئۇلار.

— بۈگۈندىن باشلاپ گەمىدە ياتايلى، — ئويلىنىپ تۇرماستىنلا جاۋاب بەردى ھاشىم بەنجاڭ.

— ئېشەك، كالا بىلەن ياتامدۇق ئەمدى؟ — چۇرقىراشتى ئىشچىلار، — قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ بىز ھايۋان ئەمەس، ئادەم جۇمۇ! تەشكىلگە بېرىپ دېسىلە، ھېچبولمىسا بىزگە چېدىر ئېلىپ بەرسۇن.

ھاشىم بەنجاڭ ئىشچىلارنىڭ نارازىلىق سادالىرى ئالدىدا جىددىيلىشىپمۇ، تەمترەپمۇ كەتمىدى.

— گېپىڭلار توغرا، تەلىپىڭلار ئورۇنلۇق، — ئالدىرىماي داۋام قىلدى ئۇ، — چېدىردا ياتساقمۇ بولاتتى. بىراق ئۇنى ئالىدىغان پۇل نەدە؟ مۇشۇ ئىشەك بىلەن كالىغىمۇ مىڭ تەسلىكتە ئېرىشتۇق، شۇ چاغدا خۇشاللىقىمىزدىن ئۇلارنى ھايۋان دېمەي باش-كۆزىنى سىلاپ كەتكەنلەر بىزغۇ، خۇداغا شۈكۈر، مۇشۇ ھايۋانلارغا ئېرىشتۇق، بىرمۇنچە ئېغىر جاپالاردىن قۇتۇلدۇق، يېنىكلەپ قالدۇق. ئۇلار تىلسىز ھايۋان بولسىمۇ جاپايىمىزنى يەنە تەڭ تارتىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتە، بىز بىر تەرەپتە ياتساق ھېچنېمە بولۇپ قالماسمىز، قېنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلار.

ئىشچىلار غۇلغۇلا قىلىشتى. ئايرىم گەمىدىن يەنە بىرنى قازساقمىكىن، دېيىشتى. پۇل ياساش ۋەزىپىسى ئېغىر، ۋاقىت قىس، گەمە قازىدىغانغا نەدە ئادەم؟ نەدە ۋاقىت؟ ئۇلار ئاخىرى ھاشىم بەنجاڭنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈشتى.

قىشنىڭ قۇرغاق، ئاچچىق شامىلى ھۇۋۇلداپ تۇرغان سوغۇق زىمىستان كۈنلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆلىشىپ ئۆتمەكتە، خېلى ۋاقىتتىن بىرى گەمىدە ھايۋانلار بىلەن بىللە يېتىپ-قوپۇپ كېلىۋاتقان ئىشچىلار بۇ ئۆزگىچە تۇرمۇشقا — پەقەت ئېغىل-قوتانلاردىلا بولىدىغان مەينەتچىلىك ھەم سېسىقچىلىققا ئاللىقاچان كۆنۈپ قېلىشقانىدى. كەچلىكى بىرچەتتە ئېشەك، كالىلارنىڭ بېدە-سامانىنى كورسىلدىتىپ چايناپ ئاۋازلىرى ئاڭلانسا، يەنە بىرچەتتە ئۇماچ ياكى سۇيۇقئاش ئىچىۋاتقان ئىشچىلارنىڭ قىزىق ئاشنى ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرۈشلىرى، چىنە بىلەن قوشۇقلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى جاراق-جۇرۇقلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ كۈنلەردە بىر ئىشچى ھەرۋاقىتلىق نورمىلىق بېرىلىۋاتقان ئاشقا قورسىقى تويماي، ئېشەككە بېرىلىدىغان بوغۇزلۇق قوناقنى ئازراق ئوغرىلاپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغان بولسىمۇ، كېيىن ئاشۇ ئېشەكلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىپ، خېلى بىر يىللارغىچە ئازابلىنىپ يۈرگەنىدى.

كۈنلەر، ئايلار ئاشۇنداق ئىنسان چىدىغۇسىز جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى! لېكىن ئۇ مىسلىسىز ئېغىر جاپا-مۇشەققەتكە پەقەت مۇشۇ تاشيول ئىشچىلىرىلا چىداپ چىقتى. 1955-يىل خوتەن تاشيول ئۆچاستىكىسىغا بىر يولىلا 150 نەپەر ئىشچى قوبۇل قىلىنغانىدا، 22 ياشلىق ياش يىگىت تۇرسۇن تۇردىمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدى. مانا ھازىر ئۇ 70 كە يېقىنلاشقان بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆتكەن ئۆمرى ئۈچۈن ئۆكۈنمەيتتى. باشقا بىر ئىش ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ئۆكۈنەتتى. ئۇ شۇ چاغدىكى 150 نەپەر ياش سەپداشلىرىنى ئەمدى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ، شۇلاردىن ھازىر ھايات قالغان پەقەت يەتتە ئادەمنىلا ساناپ چىقتى. 143 نەپەر سەپدىشى نەگە كەتتى؟ تۇرسۇن تۇردى خوتەن تاشيولىنىڭ نەچچە ئون يىل داۋام قىلغان بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇزۇن، جاپالىق كۈرەش مۇساپىسىدە، خۇددى تىنىمسىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




چېپىلىۋېرىپ كۆتمەك بولۇپ قالغان كەتمەندەك، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنىڭمۇ ئاز-ئازدىن خوراپ تۈگگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداق، مەتتىمىن خوجىدەك ئاجايىپ ئەرلەر مۇشۇ جاپالىق قۇرۇلۇش يولىدا ھاياتىنى ئاياغلاشتۇردى، كېيىنكى چاغلاردا بۇيا ئۆچاستكىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىگەن بۇ شىر يۈرەك ئەزىمەت ۋاپات بولغان چاغدا بۇ ئۆچاستكىدىكى ئىشچىلاردىن تارتىپ خوتۇن-بالىلىرىغىچە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ يىغلاشقانىدى.

يۇقىرىدا قەلەمگە ئالغانلىرىم خوتەندىكى بىرىنچى ئەۋلاد تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ شانلىق ھاياتى ۋە ياراتقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى، بىرنەچچە بەت خاتىرىسىلا، خالاس. ئۇلارنى تولۇق تىلغا ئېلىش ئۈچۈن چوڭ بىر كىتاب يېزىش لازىم بولىدۇ. شۇنى ئىنتايىن پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن قەيت قىلىش كېرەككى، خوتەن تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ ئاشۇنداق جاپالىق ئەمگىكى ۋە خالىس تۆھپە قوشۇپ ئىگىلىك يارىتىشى نەتىجىسىدە، گۇما ناھىيىسىدىن نىيە ناھىيىسىگىچە سوزۇلغان 638 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توپا يولنى شېغىللىق يولغا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك زور قۇرۇلۇش 1979-يىلى غەلىبىلىك تاماملاندى. بۇ، دۆلەتلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە 3-دەرىجىلىك تاشيول ھېسابلىناتتى. مانا بۇ، زامانىمىزدىكى خوتەن تاشيول تارىخىدا ساۋاتسىز ئىشچىلار قالاق ئەمگەك قوراللىرى ۋە ھايۋانغا تايىنىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان بىرىنچى دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**



مۇھەممەتجان سەيدۇللا

# ياشلىق ناخشىلىرى

## قۇتلۇق كۈن

ئاقۇچرەك بۇلۇتلار سۈزۈك ئاسماندىن
تەبەسسۇم ئىلكىدە كۆز تاشلار ماڭا.
دەريالار شوخلىنىپ ئاقار دولقۇنلاپ،
مۇبارەك، مۇبارەك دېگەندەك گويا.

بىر ماڭا سەپكەندەك قۇياش نۇرىنى
ئالتۇنرەك نۇرلارغا تولۇپتۇ گەۋدەم.
قارايمەن كىشلەرگە مۇھەببەت بىلەن،
تاغلارغا، باغلارغا، ئېقىنلارغا ھەم.

شۇ چەكسىز بەختلەر مېنىڭكى ئەمدى،
نەقەدەر يېقىشلىق بوپ كەتكەن دۇنيا.
مەن ئۇچۇن يارالغان بۇندىكى ھەممە،
ھەممىسى ئىلكىمگە ئۆتكەندۇر گويا.

مېنىڭمۇ چوپچوڭلا يىگىتلىكىمنى
چۈشەندى بۇ ئالەم بىلەن ئادەملەر.
بىپايان باغرىدا ئۇچتۇم ئاسماننىڭ،
بېشىدا كۆتۈردى يەنە ئانا يەر.

## يىگىرمە بەش ياش

مەن بۇ يىل نىھايەت يىگىرمە بەش ياش،
ئەسلىدە باشىقچە ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئەمدىلا ئۆگەندىم قانداق مېڭىشنى،
ئەمدىلا ھاياتقا كۆز ئاچتىم گويا.

ھەممىنىڭ كۆزىدە ئايانۇر قەدرىم،
مەن ئۇلىسەم ئاڭلىغان بارى تۆكەر ياش.
كىملەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ھاياتتا،
كىملەرنىڭ يولىغا بولارمەن قاياش.

ئۆيلىنىش ئىچىدە تۇربىمەن بۇ دەم
ئۆزۈمنىڭ تاللىغان يولۇمغا قاراپ.
ئەمدىلا تۇپراقتىن بىخ سۈردۇم گويا،
چۆلدىكى بىر پۈمران گىياھقا ئوخشاپ.

## شائىرلىق

بىز قېرىپ كېتىمىز ھامان بىر كۈنى،
قەلەمنىڭ ئۇرنىغا ئالمىشار ھاسا.
بىز ئۆلۈپ كېتىمىز ھامان بىر كۈنى،
كىملەر كېيىپ قانداقراق ئاچاركىن ھازا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەردائىم ئېسىمدە بولسۇن ئاشۇ كۈن،
شۇندىلا ئويلاشقا بولۇر كۆپ پۇرسەت.
بۇ يولنىڭ بىر چېتى بەختۇر بەلكىم،
بۇ يولنىڭ بىر چېتى كۈلپەتتۇر، كۈلپەت...

ئېيتىپ كېلەر بۇ سەپەر بىزگە ئاخىرى
نام-ئاتاق، پاراسەت ياكى دەرد-ئەلەم...
بىر تەگسىز چوڭقۇرغا يىقىلدىڭ دېمەك
سەل قىڭغىر بېسىلسا پەقەت بىر قەدەم.

## قارايمەن ھەممىگە مەستانە بولۇپ

ياپيېشىل ئېتىزلار، باغلار، دالىلار
بىر چەكسىز دېڭىزدۇر تۇرغان دولقۇنلاپ.
بەك مەيىن نەي ئۈنى كېلەر يىراقتىن،
سۈس تۇمان سۈرۈلەر تاغلارنى بويلاپ.

يىراقلاپ كەتمەكتە كۆزۈمدىن لەرزان
توپ-توپ قۇش كۆك بويلاپ قاققانچە قانات.
خۇش ساباھ پىچىرلار قۇلاقلىرىمغا
گويا كى سۆز ئېيتقان كەبى پەرىزات.

قارايمەن ھەممىگە مەستانە بولۇپ،
تەبىئەت ئەزەلدىن بىر گۈزەل دۇنيا.
دەريالار بىر قىزدۇر يالىڭاچ ياتقان،
ئەھ، يېشىل قىرغاقلار كۆك پەرتۇق ئاڭا.

## ساۋاقداشلارغا

ئوتتۇز دانە گۆھەر بىر گويا
بۇ ئۆلكىنىڭ ئوتتۇز يېرىدە:
ئىشەنگەندەك ئۆزۈمگە ھەردەم
ئىشىنىمەن مەڭگۈ سىلەرگە.

مەرپەتنىڭ ئوتتۇز مەشئىلى
يانماقتىمىز ھەرجايدا بىراق.
ئىلىم بىلەن ئادەمدۇر ئادەم،
ئىلىم بىلەن مەۋجۇتتۇر تۇپراق.

ئىنسان قەدرى ئايان‌دۇر ئۇنىڭ
ھالال ئەجرى، تۆككەن تەرىدە.
ئوتتۇز دانە گۆھەر بىر گويا
بۇ ئۆلكىنىڭ ئوتتۇز يېرىدە.

## يامغۇردىكى مەجنۇنتال

ئەجەب ئىللىق كۆرۈندۈڭ ماڭا
يامغۇردىكى گۈزەل مەجنۇنتال.
سۆيگەن قىزىم بولدى ۋاپاسىز،
مەرھەمەت، سەن كۆڭلۈمنى ئال...

بىز ئىككىمىز ئۇچراشقان بۇ دەم
بىر نۇر ئۆتتى كۆزۈمدىن غىل-پال.
ھېلى سۈدىن چىققان پەرىدەك،
چاچ سىلكىيسەن ئەجەب مەجنۇنتال.

## سەن

سەن ئۆيۈمگە كىرىپ كېلىسەن
پەرىزاتتەك ئاستا، مۇلايىم.
سەن ئۆيۈمدىن چىقىپ كېتىسەن
تۇرغاندەكلا يېنىمدا دائىم.

سەن كېلىسەن ئۆزۈڭ بۇ يولدىن
كۆرۈشكىلى مەن بىلەن جانان.
سەن كېتىسەن ئۆزۈڭ بۇ يولدىن
ئۆزۈم يالغۇز قالىمەن ھامان.

كاملجان ھەسەن

# ئىككىنچى قېتىم كۆلۈش

## ئارمانلىرىڭ سىنىڭ ئەي ئانا

ئارمانلىرىڭ سىنىڭ ئەي ئانا
مىنىڭ ئۈچۈن قاقىدۇ قانات.
مېھنەتلىرىڭ گويا دولقۇنلاپ،
دولقۇنلارنى ياچاقلار قات-قات.

ئۈششاق ئىشى توگمەس بۇ ئۆي
بىلىندۇ ھەقىقي جەننەت.
لىبىپ ئاققان ئۈستەڭ سۇلىرى
كۆرۈندۇ كۆزۈمگە زۇمرەت.

ئاچچىق يىللار، ئېغىر ئارمانلار
چاچلىرىڭنى ئاقارتىپ كەتكەن.
ئۈزۈن-ئۈزۈن توگمەس يوللار
تال چىۋىقتەك بويۇڭنى ئەگكەن.

كۆك ئاسمانىدا كۆرۈنگەن كۆندەك
كۆرۈندۇ ياشلىقىڭ گويا.
چېچەكلەردەك سەبي چاغلىرىڭ،
بىر ساماۋى تىلسىمات دۇنيا.

خەت بىلمەيسەن، يېزىق بىلسەڭ
ئۇمۇچۇكنىڭ ئىزىدەك گىجماچ.
ئايروپىلان، پاراخوت، پويىز
سىنىڭ ئۈچۈن شەيتان كىيگەن تاج.

دەيسەن يەنە يېنىمدا بولساڭ،
ھارغىنلىقنى، بالام، بىلمەيمەن.
ئويلىساملا ئاشۇ سۆزۈڭنى،
سۆيۈنمەن ئۆزۈمدىن جەزمەن.

ئارمانلىرىڭ سىنىڭ ئەي ئانا،
بېغىشلايدۇ كۈچ، قانات ماڭا.

## ياز تۈنلىرى

ئۈزۈن بولدى يازنىڭ يامغۇرى
ياغمىغىلى بىزنىڭ بۇ يەرگە.
كېپىنەكلەر لېكىن ئەركىلەپ،
ئىزھار قىلار كۆكۆل گۈللەرگە.

نوتىلارنىڭ تاتلىق كۈلكىسى
لال قىلىدۇ قۇياش نۇرىنى.
قاناتلىقلار بەزمە تۈزۈشۈپ،
ئېيتىشماقتا ناخشىلىرىنى.

يېقىندىكى مىسكىن كۆلەڭگە
ئۆكسۈتمەكتە مېنى ئازابتا.
مەي ئىچكۈم بار دوستلىرىم بىلەن
كۆن پاتقاندا بېرىپ قاۋاقتا.

ياز تۈنلىرى يازنىڭ يامغۇرى
ساڭا، ماڭا كېتىدۇ ئوخشاپ.
بۇندا يامغۇر ياغمىدى تېخى،
يۇرمەكتىمىز چۆلدەك قاغجىراپ.

uyghurkitap.com



ياز يامغۇرى كەلسەڭچۇ چاپسان،
بىرلا نۆۋەت سۆيۈلەي خەندان.

## تېڭىرقىغان چۈش

كېچىلىرى كۆرۈپ باقمىغان
چۈشلەر مېنى يۈرۈيدۇ ئىزلەپ.
بوسۇغامدا ئۇنىڭ ئىزلىرى،
قار گۈلىدەك كەتكەن چېچەكلەپ.

تالادىكى مەن بىلەن ئەگەر
ئۆيدىكى مەن قالسا ئۇچرىشىپ؛
كۆتۈرىدۇ بىر-بىرىگە تىغ
ئالا-تاغىل چۇقان توۋلىشىپ.

يول ۋە قەدەم ئېغىز بىلەن سۆز،
ھەمراھ يەنە بىۋاپا ئىستەك.
يۈرىكىمگە سالدىم قۇياشنى
كېزىپ ساراڭ خىياللىرىدەك.

دۈشەنبە كەچ سېلىنغان ئورۇن
سەيشەنبە كەچ يەنە شۇ پېتى.
داۋاملىشار يىگانە ئۇيقۇ
كەلگىنىدە قىستاپ نۆۋىتى.

چۈشمەن گويا تېڭىرقاپ قالغان،
كىرەلمىگەن سېنىڭ قەلبىڭگە.
سەنمۇ بىر چۈش تاپالماي قالغان
كىرىشكە يول مېنىڭ ئىچىمگە.

ئىزلەيمەنمۇ ئىزلەيمەن سېنى،
سەنمۇ مەندەك ئىزلەمسەن مېنى.

## مېنىڭ ئۈچۈن سۆيگۈ بار يا يوق

سېنىڭ ئۈچۈن ناخشا ئېيتىمەن،
سەن ناخشامنى بىلمەيسەن بىراق.
چۈشىنىدۇ قەلبىمنى دۇنيا،
چۈشىنىدۇ بۇ قەدىم قىشلاق.

يۈرىكىمنىڭ ئىشىكى ئېتىك
ۋە سېلىنغان قۇلۇپ بالدۇرلا.
چېكىپ ئۆتەر مەست بولۇپ مەيىن،
كۈز مەۋسۇمى سىم-سىم يامغۇرلا.

ئوقۇپ بەردىم تۈنۈگۈن ئاخشام
ئۆزۈمگە بىر قەدىمي چۆچەك.
چايقىلاتتى ئۇنىڭدا دېڭىز،
تۆكۈلمەيتتى قاردەك ئاق چېچەك.

ياقا يۇرتلۇق سەرگەرداندەك گويا
خىيالىمدا تېنەپ يۈرگەن مەن.
ئايلىنىمەن مەھەللىنى ھەر كەچ
مىڭ ئالەمچە تەلمۈرۈش بىلەن.

ئۆتۈپ كەتتى كارۋانلار تەكرار،
ئەگەشمىدىم سېنى دەپ ھامان.
چىقىپ كەتتى كامانىدىن ئوقلار،
قاراپ قويدۇم تەمكىن، بىگۇمان.

قولاق سالغىن ۋە بولغىن ئاگاھ،
مۇھەببەتنى يېڭىلاش ئوڭاي.

بولالمىسام كۆزلىرىڭدە يۇت،
خەير چۆكۈپ قاتاي، مۇز بولاي.

سېنىڭ ئۈچۈن ناخشا ئېيتىمەن،
ھەسرەت بىلەن، شادلىقىم بىلەن.

## قىشلاق يوللىرى

قىل تومۇردەك بۇ قەدىم يوللار
تونۇش ماڭا، تونۇش ھەرقاچان.
ھەر بىرىنە پەس بولىدۇ ھەمراھ
قەلبىمدىكى سەندەك مېھرىبان.

كۆكۈچ تۈتۈن چىققاندا ئۆرلەپ،
كەپىلەرنىڭ مورىلىرىدىن.
ئېرىقلاردا يازدا پاقىلار
قۇت تاپىدۇ جورىلىرىدىن.

سىم تۇۋرۇكلەر قالغان قىڭغىيىپ،
ھال ئېيتىدۇ سۆگەتكە دالا.
ئۆيۈقلارغا تۇتاشقان جاڭگال
قاغجىرىغان تول ئايال گويا.

مەست يىگىتلەر يىقىلىپ-قوپۇپ،
كېتىپ قالار ئايدىڭدا ھەر كۈن.
گاھى قەدىم دۇتار مۇڭلىنىپ،
تارقىتىدۇ شوخ نداق ئاچچىق ئۈن.

يارىيارنىڭ تىرەن ئىزلىرى
يامغۇرلارغا تولۇپ قالار لىق.
پاتقاقلاردا چاقنايدۇ قۇياش،
قىلغىنىدا جىلۋە يېشىللىق.

ئەي كەپىلەر، قەدىم كەپىلەر
يوللار بىلەن تونۇيسەن مېنى.
قوشاقلىرىم پەيغەمبەر ساڭا،
مەن ئۇنىڭدا كۈيلەيمەن سېنى.

ئابلەت ئەخمەت

## يېشىل جۇش كۆرىدۇ ئەمدى يەر-جاھان

### ئانىلار يارقىن تاڭ، ئانىلار باھار

قاقشال شاخ تېنىنى ئۆتەر ئىللىتىپ
ئىسسىق بىر نەپەستە ئۇرۇلغان دولقۇن.
تەبەسسۇم ئەيلىسە قۇياش بولار لال،
مۇلايىم ۋۇجۇدى تارتىشىپ يالقۇن.

ھېكمەتلەر جەۋھىرى تال-تال ئاپئاق چاچ
كۆڭلەر ھەم تۈنلەرگە پاندۇرغان مەشئەل.

ۋۇجۇدۇڭ ئازادە تۇرار يالتىراپ،
ئۇ بولغاچ يېنىڭدا پارلايدۇ زوھەل.

مۇگدىگەن ھېسلاردىن يۇرىتار ئەنبەر
كونا تام كۆزىدىن چاراقلىتىپ نۇر.
مۇقەددەس بىر كۈچ ئۇ، بۈيۈك ئېتىقاد،
ئانىسىز بىلىقمۇ يىرتالمايدۇ تور.

ئاسمانمۇ تۇۋرۇكسىز يارالغان شۇڭا،
ئانىلار پاسىبان ھەممىگە تولۇق.
بۇلبۇلنىڭ تىلىمۇ ئانىلار ئۈچۈن
نۇقسانسىز يارالغان ئەزىز ھەم ئۇلۇغ.

مۇشەققەت بەندىسى، ئازاب بەندىسى،
تەشۋىشسىز بىر كۈنى بولمايدۇ زىنھار.
نامىزى بىز ئۈچۈن دۇئاسىمۇ ھەم،
ئانىلار يارقىن تاڭ، ئانىلار باھار.

## ئەي باھار، سەن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم

سۆيۈملۈك تۇپراقتا، سۆيۈملۈك قاندا،
پەخىرلىك ئەجدادىم ياشىغان جايدا.
لەپىلدەپ تۆكۈلگەن باھار كۈيلىرى
گۈپۈلدەپ تۇرىدۇ پەرشتە - سايدا.

كۆكسۈمگە ئۇرۇلسا ئىللىق تىنىشىڭ،
سۇ بولۇپ ئېرىيمەن باغرىڭدا مەستخۇش.
كۆكلەمنىڭ كۈيلىرى ياڭرىسا جۇشقۇن،
مەن ئۇماق كۆكسۈڭدە قاناتلانغان قۇش.

يېشىل چۇش چاقىردى يىگىتلىكىمنى،
ئاڭلاندى قۇلاققا سۆيگۈ ئاۋازى.
ھەيرەتتە قالدۇرار چەكسىز قۇدرەتنىڭ
قىرانلىق كۆكتە قىلغان پەرۋازى.

باھاردا تۇغۇلدۇم ئاق كۆڭۈل، ساددا،
باھاردا ھاياتقا تۈزدۈم كەڭ ئۇۋا.
سۆبھىدەك پاكىز سەبىي كۆڭلۈمگە
تاڭلاردىن بالقىغان ھەر باھار گۇۋاھ.

## ئۈرۈمچىگە خەت

چۈشلەردىكى قىزسەن دىلرەبا،
كىرپىكلەردە پىلدىرلاپ تۇرغان.
دىللاردىكى مەشئەلسەن تەنھا،
مەنزىللەردە يېلىنجاپ تۇرغان.

تىلىڭدىكى ئۈزۈك تاۋۇشقا
چېتىلغاندۇر قىزلار يۈرىكى.
قىز شەھەرسەن نازۇك ۋە لېۋەن،
سەن خەلقنىڭ پەخرى، تۈۋرۈكى.

بوغدا ئاتا بولغاچ پاسىبان،
ئامەتلىكسەن سېھىرلىك دۇنيا.
ئاتەش كۆزلەر قورشاۋىدا تاق
يالقۇنلىغان قۇياشتەك گويا.

قىسمەتلەرنى قىلىدۇ رەڭدار
باغرىڭدىكى ئاپئاق - ئاپئاق تاڭ.
بارخانلارنىڭ يىلتىزلىرىغا
تۆكۈلمەكتە قونچۇڭدىن ئاھاڭ.

تەكلىماكان تۇغقان گۆھەرسەن،
تۇغراقلاردىن تۆكۈلگەن مېۋە.
ياشىنىشتىدۇ قۇملار ئەبەدىي
يۈرىكىدىن ھېرىپ نىسشۇە.

قىزدەك پاكىز گۈزەل ئۈرۈمچى،
پەرىشتىلەر كۆكلەتكەن زېمىن.
چاقنىماقتا يىراقتىن روھىڭ
كۆڭۈللەرنى تاپقۇزۇپ ئەمىن.

ئابلىز ئۆمەر ھاجى

# ئارمان كۈيلىرى

## ھىجران

كۆل بولغان خىيالىم سېنى يادلايدۇ،
ئاھىمدىن سۆكۈتكە چۆمدى ھەممە ياق.
ئەلەمدە يۈرىكىم ئۈنسىز دادلايدۇ،
يادىڭغا يەتسەم مەن يىراقلارغا باق.

ئايرىلدۇق، يىغلايمەن ئايرىلغىنىمغا،
تەقدىرگە تەن بەردىم قالمىغاچ ئامال.
داد دەيمەن كەينىگە قايرىلغىنىمغا،
تەقدىرنىڭ قوللىرى نېمانچە قوپال.

ئۆلۈمدەك خىيالىم ئەگىدۇ سېنى،
ھىجرانلىق ھاياتنى باشلىدىم ئەجەب.
سۆيىمەن ئۆلگىچە دېگىنىم قېنى،
دوزاخنىڭ ئوتىغا تاشلاندىم ئەجەب.

ئېچىمگە سىغمىغان ھەسرەتلىرىمنى
نەگمۇ يوشۇرۇپ قويارمەن جېنىم.
كىمگىدۇر بەتلەنگەن نەپرەتلىرىمنى
كىملەرگە ئوق قىلىپ ئاتاركىن تىلىم.

ئېچىنغان يۈرىكىم چىللايدۇ سېنى
دەسلەپكى مۇھەببەت پەسلىگە ھامان.
ئاھ، مەجبۇر سۆيگۈنىڭ قانچىلىك مېنى،
ئۈندىڭ سەن ئەڭ گۈزەل، سۆيۈملۈك جانان.

## ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
ئۇچۇپ چۈشەر دەپ غايىپتىن بىر قىز،
ئايلىنار دەپ شېئىرغا دۇنيا.

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
چۈشۈپ قالار بەلكىم تەڭرىمۇ
بىر سالا نۇردەك
ياكى
بىر تېمىم يامغۇردەك.

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
پەرىشتىگە ئايلىنىپ بىر قىز،
شېئىر بولۇپ كىرىپ قالسا دەپ،
مېنى قايتا تۇغۇپ سالسا دەپ.

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
ئېچىپ قويدۇم قەلبىمنى يەنە
شېئىر بولۇپ تامچىلىماقتا
پەرىشتىنىڭ كۆز يېشى ئەنە.

## مۇھەببەت

شېئىرغىلا ئوخشايدۇ سېھرىڭ،
ئەسكە سالار تەڭرىنى مېھرىڭ.
شېئىر دېمەك تەڭرىنىڭ ئۆزى،
زادى كىمگە ئوخشايدۇ چېھرىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەن ئۆزۈمگە ئوخشىغان كۈنى
ئايلىنىمەن شېئىرغا جەزمەن.
تەگرى بولۇپ قەلبىم ئەرشىدە،
سۆكۈناتقا چۆكىمەن قەستەن.

مەن شېئىرغا ئايلانغان كۈنى
تەبىئەتكە كىتىمەن سىڭىپ.
شۇندىن باشلاپ ئادەملىك تارىم
كىتەر بەلكىم كارامەت چىڭىپ.

ئۆزۈم شېئىر تۇرۇقلۇق يەنە،
ئۆنى ئىزدەپ سەرسان-ھەلەكمەن.
ئالۋۇنىسمان تەشۋىشلىرىم جىق،
بەلكىم، مەڭگۈ پىشماس خەمەكمەن.

ئارزۇلايسەن شائىر بولۇشنى،
شائىرلىقتا ئادەملىك ئاساس.
تەگداشسىز يۈك مۇھەببەت، نەپرەت،
بولمىقىڭ تەس ئۆزۈڭدىن خالاس.

**ئەخمەتجان تۇرۇپ**

## خاتالىق

قەدىمىڭ بىر نۆۋەت بىسىلسا خاتا،
ناتونۇش دوقمۇشقا تېگەر پېشانەڭ.
ۋە لېكىن يىقىلىپ چۈشمە كۆز ياشقا،
تاۋلىنار دەرد بىلەن يۇمران ئىرادەڭ.

قەدىمىڭ بىر نۆۋەت بىسىلسا خاتا،
تېگىرقاپ تۇرماستىن ماڭغىن ئىرەجەپ.
شىرىندۇر بۇ ھايات چاقچىقى بىلەن،
خاتالىق ئىچىدىن چىقساڭ چىچەكلەپ.

**تۇرغۇنجان تۇرسۇن**

## باھار پىچىرلايدۇ بەخت ھەققىدە

### مەن بىلەن بەختنىڭ ئوتتۇرىسىدا

قەلبىمنىڭ سىرتىدا ئاچچىق رېئاللىق،
ئىچىدە لەڭ ئۇرار تىلسىم كىبلىچەك.
رېئاللىق ۋە ئىقبال ئوتتۇرىسىدا
قىستىلىپ تۇرىدۇ غۇبارسىز يۈرەك.

بىر بەخت دىلىمغا كىرمەكچى ئۇسۇپ،
بىراق ئۇ قول سوزسام كىتىدۇ داجىپ.
جۇرئەت يوق بەختتە، يوق ھەم مىنىڭدە،
تەشۋىشلەر قوينىدا بولىمىز غايىب.

شۇندىمۇ بىر ئۈمىد يانىدۇ ھامان
مەن بىلەن بەختنىڭ ئوتتۇرىسىدا.
بەلكىم بىز يىقىنلاپ كەتتۇق شۇ قەدەر،
قوشۇلار لەۋلەر تاڭ بوسۇغىسىدا.

### باھار پىچىرلايدۇ بەخت ھەققىدە

بۇ دەم كائىناتتا باھار جىلۋىسى،
ئۈمۈر بەتلىرىمدە كۆز قىنار باھار.
كالىندار تۇرىدىكى بۇ ئۇلۇغ مېھمان،
شېئىر بولىقىدۇر چاچقۇچى ئەشئار.

بۇ بۇلاق پىچىرلايدۇ ئانا تىلىمدا:
پەرۋاز ئەيلىگىن قۇياشقا قاراپ.
بەخت قۇچۇشۇڭدا ئالتۇن دەملەر بۇ،
كەتكىن نۇر بولۇپ تاغلارغا تاراپ.

پىچىرلار ئۇ يەنە سىنىڭ دىلىڭغا:
چۈشلەر دۇنياسىدىن كۆچكىن سۇبھىگە.
بېشىڭ قار تاغلىرىغا ئايلىنار ئەنە،
ئەزرائىل ھومايغاندا يول يوق سۇلھىگە.

باھار شوخ كۈلىدۇ، بۇلاق سۆزلەيدۇ،
قۇش شېئىر شاھىغا ئىبرىدۇ سايراپ.
خىزىر پىچىرلايدۇ بەخت ھەققىدە،
پۈتكۈل ئەل ئاتلىنىدۇ بەختكە قاراپ.

## قىزلىق دەۋر

ئۇن سەككىز يىل يالتىرىغان قار،
ئۇن سەككىز يىل قىسىلمىغان گۈل.
ئۇن سەككىز يىل قارايمىغان كۈن،
ئۇن سەككىز يىل مىڭىلمىغان يول.

ئۇچۇپ كەلسە ئۇن سەككىز رەت قۇش،
ئۇچۇپ كېلەر ئۇن سەككىز باھار.
شۇندا بىرەر ئىللىق يولۇچى
ئۆي ئالدىدا چالىدۇ دۇتار.

سەن ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ تۇرۇپ،
ئۇن سەككىز يىل تاقالغان ئۆيدىن
تولۇنئايدەك چىقىسەن پارلاپ.
ئۇ يولۇچى ئىشىك ئالدىدا
تۇرار ساڭا زوق بىلەن قاراپ...

## يالغۇز قىزغا ئۆيلىنىش

توي قىلىشىم چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن،
بۈگۈن ساڭا جورا بولدۇم يالغۇز قىز.
بەلكىم يەنە چۈش كۆردۇم مەن، چۈشۈمدە
مەڭگۈ ساڭا جورا بولدۇم يالغۇز قىز.

ئاتا-ئاناڭ چىدىمايدۇ ساڭا، سەن
چىدىمايسەن ماڭا، مەنمۇ ھەم ساڭا.
مەھەللىدە ماگنىتلىق بىر تاغ بار،
چاپلىشىشتىن قاچالمايمىز بىز ئاڭا.

يالغۇز قىزىم، ئايرىلدىم مەن سېنىڭدىن،
دەپ يىغلايدۇ ئاناڭ قۇتلۇق دەملەردە.
تويدا ھازا ئاچسا ئاناڭ سەن ئۈچۈن،
چۈش كۆرگەندەك قىز كۆچۈردۈم شەھەرگە.

## بىر مىنۇت

قاراپ تۇرۇپ قالساڭ بىر مىنۇت،
قىسقىرايدۇ ئۆمرۈڭ يۈز مىنۇت.
بولالىساڭ پەرھات بىر مىنۇت،
يۈز شىرىنغا ياقالايسەن ئوت.

غەم چۆلىدە كەزسەڭ بىر مىنۇت،
يۈز گۈلزاردىن قالسەن قۇرۇق.
كۈلەلىسەڭ قېنىپ بىر مىنۇت،
يار بولىدۇ ساڭا يۈز ئۇتۇق.

ئەنۋەر ئۆمەر

# ئانا ھەققىدە ناخشا

سۈرىتىڭ ئېسىقلىق تۇرىدۇ تامدا،
يۈزۈڭدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ شادلىق.
زوق بىلەن يېنىشلاپ قارايمىز ئاڭا،
تۇرسەن ھامانە كۈلگەنچە تاتلىق.
بۇ سۈرەت ياشلىقىڭ ئىزناسى ئانا،
ئۇ چاغدا سەن تېخى بولمىغان ياتلىق.

بۈگۈنمۇ مەن يىگىت، لېكىن شۇ چاغلار
ئېسىمگە چۈشسىلا ئۆرتىنىدۇ دىل.

كېيىنگە كىرمەستىن ئۆتكەن خاتالار
ئۆكۈنۈش ئىلكىدە قىينىدى مېنى.
مەنمۇ كېيىنچە ئەقلىمنى تاپتىم،
ۋە لېكىن بۇ يىللار مۈكچەيتتى سېنى.

مۈكچەيدىڭ ۋە لېكىن ئەجرىڭدە ئانا،
قاتارغا قوشۇلدۇق ئوغۇل-قىزلىرىڭ.
پەرزەنتلەر ھەرياندىن ئورتاق مەنزىلگە
يول ئالدۇق، ھەر جايدا ئۇچرار ئىزلىرىڭ.

ئانىجان، خاتىرجەم ئارامىڭنى ئال،
بىز ئۈچۈن غەم يېمە، بولما پەرىشان.
دىللاردا يېلىنجار قەلبىڭ يالقۇنى،
ئۇ سېنىڭ ئۈمىدىڭ — بىزدىكى نىشان.

* *

ئېسىمدە، مەكتەپكە يول ئالغان كۈنۈم،
قولۇمدىن يېتىلەپ ئاپارغان ئۆزۈڭ.
ئېسىمدە، ياخشى ئوقۇ جېنىم قوزام، دەپ،
پېشانەم سىلىغاچ ئېيتقان شۇ سۆزۈڭ.
كەپسىزلىك، بالىلىق قالدى يىراقتا،
بىلىنىپ-بىلىنمەي ئۆتكەچ تالاي يىل.

ھاۋاخان ئەخمەت

# ئوت دېغى

لەيلەپ چۈشتى سارغايغان پەسىل،
چىغىر يوللار كۆلەر شۇنچە سۇس.
ياندىشالماي ئۈزۈلگەن جۈپ ئىز
شامالللاردا يەلپۈندى مەيۈس.

قۇم باغرىغا سىڭىلدى بىر كۆي،
ھەم يوقالدى ئاستا ۋە جىمجىت.
خىلۋەتتىكى بۇلاق بويىغا
شۇندىن بۇيان ئۈندى كۆپ چىكىت...

ئەنۋەر ئەيىندىن

# شەيتان

(ھېكايە)

قاپقارا ھەم ئۇزۇن ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدىكى پىچاق بىلەن تىلىنىۋېتىلگەندەك كۆرۈنىدىغان چوڭقۇر تىك قورۇق ئۇنى ھەمىشە سۇرلۇك كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىغا تەستىق يازغاندىمۇ، بەش ياشلىق چىرايلىقىنا ئوغلىغا ئاتىلىق مېھرىنىڭ ئىللىقلىقىنى بىلدۈرۈپ قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكەندىمۇ، چوڭ يىغىنلاردىكى رەئىس سەھنىسىدە يولىيورۇق بېرىۋاتقاندىمۇ، ھۆججەت ۋە گېزىتلەرنى كۆرۈۋاتقاندىمۇ، توي سورۇنلىرىدىكى كۈلكە-چاقچاقلار ئارىسىدىمۇ، شەھەر باشلىقىنىڭ ھوزۇرىدىكى سۆھبەتلىشىشلەردىمۇ، ئايالى، قىز-ئوغۇللىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىققا بېرىپ سەيلە قىلغاچ، ئۇلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ قوشۇمىسى ئاشۇنداق تۈرۈلگەن ھالەتتە تۇرىدۇ. قوشۇمىسىدىكى تىك سىزىق ئۇنىڭدىكى قەتئىيلىك، ئىشەنچ، جۈرئەت، ئەمەلدارلىق سۈلكەت ۋە ئەستايىدىللىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېتەرلىك نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بەزىدە بۇ تىك سىزىق ئىنتايىن چوڭقۇرلاپ كېتىدۇ، بەزىدە بىر ئاز تېيىزلاپ قالىدۇ. ئېنىقكى، بەزى ئىشلار ئۇنى بەكمۇ غەزەپلەندۈرىدۇ، يەنە بەزى ئىشلار بولسا تولىمۇ مەمنۇن قىلىۋېتىدۇ. غەزەپلەنگەن ياكى مەمنۇن بولغان چاغلاردا يانچۇقىدىكى «قارلەيلىسى» ماركىلىق تاماكىدىن بىر تال چىقىرىپ ئوتا تۇتاشتۇرۇش ئۇنىڭ ئادىتى.

ئۇ چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلدى. قىزى تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقانىكەن. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قىزى بولۇپ، تېخى ئەمدىلەتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى.

— ئاپاڭ كەلدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ قىزىدىن.

— چۈشتىن كېيىن ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئاچماقچىكەن، چۈشتە كېلەلمەيمەن، داداڭغا تاماقنى سەن ئېتىپ بەرگىن، دېگەنىدى.

— ھە، نېمە ئېتىپ بېرىسەن ماڭا؟ يەنە ئۆتكەنكىدەك گاڭپەنمۇ؟

— ياق، لەغمەن.

— مۇنداق دە، بىراق دىققەت قىل، قورۇمىنى يەنە تۇزلۇق قىلىپ قويما. بولمىسا، ھەممىسىنى ئۆزۈڭ يەيسەن، بىلدىڭمۇ؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ئۆزۈڭ يەيسەن تازا، — قىزى شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەۋەبىي چىرايىدا ئازغىنا خىجىللىق ئارىلاشقان ئوماق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولغانىدى. دادا قىزى بىلەن قىلىشقان ئاشۇنداق چاقچاقلاردىن تولىمۇ ھۇزۇرلىناتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە كىلىپ، قوش كانايلىق ئۈنئالغۇغا لېنتىدىن بىرنى سالدى ۋە كۇنۇپكىنى باستى. ئۇنىڭدىن يېقىملىق ناخشا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى-دە، چىنگەر رەڭ خۇرۇم سومكىسىدىن گېزىت چىقاردى. ئۇ باش بەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىلغان بىر پارچە خەۋەرنى ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتى. گېزىتنىڭ ئارقا بېتىنى ئۆرۈگەن چاغدا، قىزى ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ كەلدى:

— ھە راست، دادا، بايا ھېلىقى مەمتىكام كىرىپتىكەن. ماۋۇ كىتابنى ساڭا ئېلىپ كەپتۇ، — قىز ياندىكى ئۆيدىن چوڭ بىر كونۋېرتنى ئېلىپ چىقىپ دادىسىغا بەردى.

— نېمە كىتاب ئىكەن بۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئۇ قىزىدىن.

— دادىڭىز ئۆزى بىلىدۇ، — دەيدىغۇ.

قىزى چىقىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى گېزىتنى شىرەگە قويۇپ، كونۋېرتنىڭ ئېغىزىنى يىرتىپ ئاچتى. ئىچىدىن مۇقاۋىسىغا «بۇغالتىرلىق قوللانمىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر كىتابچە چىقتى. ئۇنىڭ ئارقا مۇقاۋىسى بىلەن خېلى كۆپ بەتلىرى يىرتىلىپ تۈگىگەنىدى. ئۇ كىتابچە-نى ۋاراقلاپ، 2-بەت بىلەن 3-بەت ئارىلىقىدىكى پۇللارنى كۆرۈپ قالدى. ساناپ بېقىۋىدى، بەش يۈز يۈەن چىقتى. پۇلنىڭ يېنىغا خاتىرە دەپتىرىنىڭ ۋارىقىغا يېزىلغان بىر پارچە خەت قىستۇرۇلغانىدى:

«ھۆرمەتلىك باستى مۇدىر، ياخشى تۇرۇۋاتامالا، ئىشخانىلىرىغا بېرىپ ئەھۋالىڭىز-نى بىلەلەي كۆرۈپ، ئۆيلىرىگە بېرىشنى لايىق تاپتىم. خەۋەرلىرىدە بار، قىزىم شەمشىنۇرنىڭ قوي فېرمىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئۇنى ئۆزۈم ئىشلەۋاتقان مەكتەپكە يۆتكەپ ئەكىلىۋالمەن دەپ تالاي يوللارنى مېڭىپ كەتتىم. بىراق، سىلىگە كەلگىچە يولىمىز توسۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يۈز-خاتىرى-نى قىلىپ بولسىمۇ، بۇ قېتىم شۇ قىزىمنى مەن بار مەكتەپكە يۆتكەپ بەرگەن بولسىلا، مەن سىلىنى يەنە ئوبدان رازى قىلاتتىم. بۇ قېتىم بىر دانە كىتاب قالدۇر-دۇم، ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلارلا، دەپ ھۆرمەت بىلەن مەمەت ئەيسا.»

كىتاب قالدۇردۇم... قوبۇل قىلارلا... دەپ تەكرارلىدى ئۇ ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە قىزىنى چاقىردى:

— ساجىدە!

— ھە، — قىزى چىقىپ كەلدى.

— ئۇ يەنە باشقا گەپ قىلمىدىمۇ؟

— يەنىما؟ ھە، دادىڭىز كىتابنى قانداق ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ، ئىختىيار ئۆزىدە، دېدى.

— توغرا، ئىختىيار ئۆزۈمدە، تاماقنى پىشۇردۇڭمۇ؟

— پىشتى.

— ئەپچىق، — ئۇ گېزىت، كىتاب، خەت، پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ماتېرىيال سومكىسىغا سالدى.

* *

باسىت ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. قوشۇمىسى بورۇنقىدەكلا تۈرۈلگەنىدى. كاتىپ ماتېرىيال يېزىشتىن توختاپ، قەلىمىنى ئۈستەلگە قويدى ۋە كۆزەينىكىنى قايتىدىن سۈرتكەچ:

— تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن... — دەپلا توختاپ قالدى.

— شۇنداق، كېلەلمىدىم. قانداق، بىرەر يېڭى ئەھۋال بارمۇ؟

— ئون بەشتەك ئادەم سىلىنى ئىزدىدى، ھەممىسىگىلا، سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ كەتكەن، دەپ قويدۇم. ئەممازە...

— ھە، نېمە بولدى؟

— شەھەر باشلىقىغا سىلىنىڭ نەگە كەتكەنلىكلىرىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەي، پىشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى.

— ھەي، بانكىغا كەتتى، دەپلا قويسىڭىز بولماسمىدى.

— پەقەتلا يادىمغا يەتمەپتۇ، ياكى ئېيتىپ قويماپلا ماڭا.

— ھەئە. — ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، شىرەدىكى ھۆججەتلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. كاتىپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ، كۆزەينىكىنى تاقىدى ۋە قەلىمىنى قولىغا ئالدى.

ئارىدىن ئىككى يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئىشخانىدىكى ئىشلار ئاۋۋالقى كۈنلەردىكىدەكلا ئۆز يولى بويىچە كېتىپ باراتتى. تېلېفونمۇ پات-پاتلا جىرىڭلاپ تۇردى. كىملەردۇر يولىۋرۇق سورىغىلى، كىملەردۇر دەرد ئېيتقىلى، يەنە كىملەردۇر ئاللىقانداق ئىشلارغا تەستىق سالدۇرغىلى كىرىپ-چىقىپ تۇردى. ئەنە، تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى، كاتىپ دەرھال قەلەمنى قويۇپ، تۇرۇپكىنى ئالدى:

— ۋەي، كىمنى ئىزدەيسىز؟ ھە، ھى-ھى-ھى... ياخشىمۇ سىلى، بار، بار، مانا...

ئېنىقكى، بۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ياكى پارتكومدىكىلەردىن كەلگەن تېلېفون ئىدى.

ئۇ كېلىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى:

— ۋەي... ھەئە... ياخشىمۇ سەن؟ ھازىرلىمۇ؟ بولدۇ، ماڭدىم ئەمسە.

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كاتىپقا بۇيرۇق قىلدى:

— ماشىنا تەييارلاڭ.

— شەھەرلىك ھۆكۈمەتكىمۇ؟

— ھەئە، تېزرەك.

— مانا، ھازىرلا، — كاتىپ تېز قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى.

* *

ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار قەدىناسلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئىللىق كۈتۈۋالدى:

— كەل، باسىت، ئولتۇر.

— نېمە ئىش ئىدى؟

— بۇنى كۆرۈپ باق.

شەھەر باشلىقى بىر پارچە خەتنى كونۇۋېرتى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە تاشلىدى ھەم ئىستاكانلارغا چاي قۇيدى.

— نېمەڭ بۇ؟ — سورىدى ئۇ شەھەر باشلىقىدىن.

— «مەدھىيەنامە» بولمامدۇ، ساڭا ئوقۇلغان.

— ئاپتورى كىم ئىكەن؟

— غايىبتىن.

ئۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. خەتتە: « باستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈمىدىكى مەمەت ئەيسانىڭ قوي فېرمىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان قىزىنى دادىسى تۇرۇشلۇق مەكتەپكە يۆتكەپ قويۇش ئۈچۈن بەش يۈز سوم پارا ئالغان...» دېيىلگەنىدى. ئۇ خەتنى شىرەگە پاققىدە تاشلىدى.

— ئاران مۇشۇ ئىشقا چاقىرتقانمىدىڭ، — دېدى ئۇ چاي ئوتلىغاچ.

— ھەئە، بۇمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس.

— رەھمەت ساكا، ئەمدى مېنى قانداق قىلماقچىسەن؟

— ھەمشىرىك بولىمىز، شۇ.

ئۇلار بۇ چاقچاقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشۈپ ئوبدانلا قاقاقلىشىۋالدى. خەت-چەك، گېزىت، ژۇرنال تارقىتىدىغان ئايال گېزىت ۋە خەت-چەكلەرنى شەھەر باشلىقىنىڭ شىرەسىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ قاقاقلاشلىرىغا زوقلانغان، ئەجەبلەنگەن ھالدا چىقىپ كەتتى. باستى ماتېرىيال سومكىسىدىن ھېلىقى « بوغالتىرلىق قوللانمىسى» نى ئېلىپ، شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە تاشلىدى-دە، سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ھەمشىرىك دېگىن، ماۋۇلارنى كۆرۈپ باقە. ئالدى بىلەن خەتنى كۆر، پۇچۇركىغا، بولۇپمۇ ماۋۇ « ... قوي فېرمىسى پەرزەنتلەر مەكتىپى... مەمەت ئەيسا » دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلىشىغا قارا. « مەدھىيە نامە » دىكىسى بىلەن ئوخشاشمىكەن؟

— رازۋېتچىك بولساڭمۇ قاملاشتۇرىسەن جۇمۇ، — دېدى شەھەر باشلىقى كۈلۈمسىرەپ، — ھە، چۈشەندىم. بىلدىم. پۇلچۇ؟ پۇلنى تاپشۇرمىدىڭمۇ؟

— پۇلنى دەمسەن؟ ئۇنى مەن ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ بولدۇم. تۈنۈگۈن سەن مېنى تېلېفوندا سۈرۈشتۈرگەن ۋاقىتتا. ئالدى بىلەن مائارىپ فوندىغا مۇئىنىتىگە، ئاندىن گېزىتخانىغا باردىم. پۇلۇڭنى مانا ماۋۇ يەردىن تېپىۋال، — ئۇ شەھەر باشلىقىنىڭ شىرەسى ئۈستىدىكى ماتېرىياللار ئارىسىدىن بىر پارچە گېزىتنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە باش بەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېسىلغان: « شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خوجىلىق مۇدىرى مەمەت ئەيسا بۇ قېتىمقى مائارىپقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز يېنىدىن بەش يۈز سوم ئىئانە قىلدى » دېگەن خەۋەرنى كۆرسەتتى.

شەھەر باشلىقى كۈلۈپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا « شەيتان » دېۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى كىمگە قاراتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. باستى يانچۇقىدىن « قارلەيلىسى » ماركىلىق تاماكىدىن بىر تال چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇردى. شەھەر باشلىقىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، ئۇزۇن. ھەم قاپقارا ئىككى قېشى ئارىسىدىكى چوڭقۇر ئىزنالىق قوشۇمىسىغا مەنۇنلۇق بىلەن تىكىلگەنىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭمۇ « قارلەيلىسى » دىن بىر تال چەككۈسى كېلىپ قالدى.

— بىر تال بەرگىنە!

— چەكمەيتتىڭغۇ؟

— سېنى تەبرىكلەپ بىر تال چېكىۋېتەي.

ئىككىيلەننىڭ ئېغىزىدىن چىققان كۆكۈچ ئىسلار تورۇسنى بويلاپ دېرىزە تەرەپكە سىلجىشقا باشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

# كونا بۆشۈك

(هېكايە)

ئايىم ئاغچىنىڭ كۆزى يورۇپ بۆشۈك تويى يېقىنلىغانسېرى غوجامەمەت بىلەن ئارىسىدىكى گەپ تېخىمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى. بۈگۈن غوجا مەمەت «ئەللەي» نى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن قېيىن ئاتىسىنىڭكىگە بارغاندا، ئايىم ئاغچا بىلەن يەنە شۇ گەپ ئۈستىدە تالىشىپ قالدى.


— بۆشۈككە بۆلىمەيمەن، — دېدى ئايىم ئاغچا ئانىسىنىڭ قىرىق كۈندىن بۇيان قولىغا قويۇپ كېلىۋاتقان نەسىھەتلىرىنىمۇ بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، — سەگەنچۈكتە باقىمەن.

غوجامەمەت ئۈن-تىنسىز ئايىم ئاغچىغا تىكىلدى. ئايىم ئاغچىنىڭ يۈزىگە چۈشكەن داغ ئۇنىڭ قىز چاغلىرىدىكى گۈزەللىكىنى يوشۇرغاندەك قىلاتتى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئانىسىنىڭ ئاۋازى بۇزدى.

— قىزىم، بالىنى بۆشۈككە بۆلىسەڭ پاكىز باقىسەن، ئۆزۈڭمۇ ئاۋارىچىلىقتا قالمايسەن.

— ياق، هەرقانچە قىينالساممۇ بالامنى بۆشۈكتە ياتقۇزمايمەن، — ئايىم ئاغچا جاھىللىق بىلەن ئۆز گېپىدە تۇردى، — ھۆكۈمەت سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈڭلار دەۋاتسا، سىلەرنىڭ ئۇنداق كونا زامانەڭلار ئەمەستە بۇ.

— جاھىللىق قىلماڭ، ئاپامنىڭ گېپىگە كىرىڭ.



— سىلەر بۆشۈكنىڭ زىيىنىنى بىلمەيسىلەر، — دېدى ئايىم ئاغچا ئېرىنىڭ گېپىنى چورتلا ئۈزۈپ، — بالىنى بۆشۈككە باغلاپ بېقىش زىيانلىق ئىكەن.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئانا. غوجامەمەت بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلاۋەرگەچكە، ئېرىنچەكلىك بىلەن يانغا قارىۋالدى.

— بۆشۈكتە ياتسا بالىنىڭ مېڭىسى چايقىلىپ كېتىدۇ دەۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ راست، بىزنى بۆشۈككە سولاپ باققىنىڭلارمۇ يېتەر، بۆشۈكتە تولا يېتىۋېرىپ مېڭىمىز چايقىلىپ كەتكەچكە، مانا ھېچ نەرسىگە كاللىمىز يەتمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىزدۇق.

— ئوھوش، مۇشۇ زامانىنىڭ ياشلىرى ھەرقىسما گەپلەرنى تاپىدىكەن، — دېدى ئانا ئاخىرى قىزىغا كايىپ، — بىز خەقنىڭ ئىچىدە بۆشۈكتە چوڭ بولمىغان كىم بار، ئېيتقىنا.

ئايىم ئاغچىغا ھەرقانچە قىلىپمۇ گەپ يېگۈزەلمىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بۆشۈك تويى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئايىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاغچىنى «سانتانا»دا كۆچۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغاندا، «بۆشۈك توي»-نىڭ يارىشىقى بولغان بۆشۈك ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى.

تۇنجى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى ياش ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. ئايىماغچا تېخى چايغا ئېغىزى بارمايلا سەگەنچۈكتە ئۇخلاۋاتقان ئوغلى ئارتوغۇل ئويغاندى. ئايىم ئاغچا ئۇنىڭ ئاستىنى تازىلىغىنچە چىپى سۇۋۇپ يۇندىغا ئايلاندى. غوجامەمەت بىرھەپتىدىن بۇيان شۇنداق داۋاملىشىۋاتقان ئىشقا قاراپ ئىچى پۇشسىمۇ، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغان ئايالىغا بىرنىمە دېيەلمەي كېلىۋاتاتتى. چايدىن كېيىن، «ئەللەي»نى چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ، بازارغا بىللە چىقىپ كەلمەكچى بولۇشتى.

كوزنىڭ ئاۋات بازىرىدا ئادەم مىغ-مىغ ئىدى. ئۇلار بازارلىق ئېلىپ قايتىشىدا غوجامەمەت كونا دۇكاننىڭ ئالدىدا بۆشۈك تۇتۇپ تۇرغان بىر بوۋاينىڭ ئالدىدا توختاپ بۆشۈككە بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى. بۆشۈك ئاجايىپ نەپىس ياسالغانىدى. رەڭگارەڭ سىرلىرى كۈن نۇرىدا چاقناپ بوۋاينىڭ ئۆزىدەكلا مۆكچىيىپ قالغان بۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا بۆلەكچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

— بوۋا، بۇ سېتىلىدىغان بۆشۈكمۇ؟ — سورىدى غوجامەمەت ئايىم ئاغچىنىڭ كېتىشكە زورلىغانلىرىنى ئەتەي ئاڭلىماسقا سېلىپ.

— سېتىلىدۇ، سېتىلىدىغان بۆشۈك، ئوغلۇم، — بوۋاي بۆشۈكنى تارمۇشتەك قاتقان يېرىك قوللىرىدا ئېھتىيات بىلەن سىلاپ قويدى. غوجامەمەت بۇ چىرايلىق بۆشۈكنى مۇشۇ كۆزلىرىدىن چاپاق قايناپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ ياسىغىنىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ئۆزلىرى ياسىغانمۇ، بوۋا؟ — ئاخىرى ئىشەنچ قىلالماي سورىدى غوجامەمەت.

— شۇنداق بولمايچۇ، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ئېغىر تىنىۋېتىپ، — ئالغۇڭلار بولسا سىلەرگە ئەرزان بېرەي، تۇتۇپ قېلىڭلار.

— قانچە دەيلا؟

— ئوغلۇم، كۆزۈمگە بەكمۇ ئىسسىق كۆرۈندىڭىز، باشقىلارغا دېگەننى سىزگە دېمەيمەن، 25 سوم بېرىپ ئېلىپ كېتىڭا، زىيان تارتمايسىز، پۇلىڭىز ئۆزىڭىز بىلەن بىللە كېتىدۇ، ئاللا ئامانچىلىقىڭلارنى بەرسە، بۇ بۆشۈك تېخى نەۋرەڭلەرگىمۇ قالىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە مېنى راست ئېيتىپتىكەن دەپ قالارسىلەر.

ئايىم ئاغچا بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غودۇرىدى. غوجامەمەتنى مېڭىشقا ئالدىراتتى. ئىچىدە، نەۋرىمىز ئەمەس، ھازىرقى ئوغلۇمنىمۇ بۆشۈك يېنىغا يولاتماسمەن، مۇنۇ قېرى نېمە دەپ ئالجىۋاتىدۇ... دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— بەش ئوغلۇم چوڭ بولغان بۆشۈك بۇ، سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ مېنىڭ ئاشۇ باللىرىمدەك ئەلگە قېتىلىپ قالار.

بۆشۈكتە تولا يېتىپ مېڭىسى چايقىلىپ كەتكەن دۆت-دۆلەي باللىرىڭىزدەكمۇ؟ —

غۇدۇرىدى ئايىم ئاغچا ئىچىدە، — بېشىم ئامان بولسىلا، بالامنى ئۇ كۈنگە قويماسمەنا!

— شۇنداقمۇ؟! بەش ئوغلىڭىز چوڭ بولغان بۆشۈك دەڭ، — ھەيران قالدى غوجامەمەت، — ئەجەب يېڭى تۇرۇپتۇ-ھە!

— ھۈنەرگە ساختىلىق ئىشلەتمەيدىغان ئادەممەن، ئوغلۇم، — بوۋاي ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، غوجامەمەتكە تىكىلدى، — باللار چوڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئامبار ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويغان، مەنمۇ ھۈنەردىن قالغىلى ئۇزاق يىللار بولدى. قېرىدىم، ھۈنەرمۇ قېرىدى، سىلەر بىلمەيسىلەر. مانا مۇشۇ بازارنىڭ ئورنىنى «بۆشۈك بازىرى» دەيتتۇق. قاتىرىسىغا سېلىنغان دۇكانلاردا بەس-بەس بىلەن ھۈنەر قىلاتتۇق. نى-نى ئۇستىلار ئۆتكەن، ئۇلارمۇ تۇپىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇن بارمىقىدا ئۇن گۈل ئېچىلىدىغان قوللىرىنى يەر يەپ كەتتى. شۇ چاغلاردا ياسىغان بۆشۈك ئىدى بۇ، ئاخشام سىرلاپ قويۇۋېدىم، بۇرۇنقى ئىسكەتكە كەپتۇ، بوۋىقىڭلار بولسا بۆلەپ چوڭ قىلىۋېلىڭلار، پاكىز باقسىلەر، بۆشۈككە تېگىلگەن بالىنىڭ تەققى-تۇرقىمۇ چىرايلىق چوڭ بولىدۇ.

ئايىم ئاغچا بوۋاينىڭ گەپلىرىدىن زېرىكىپ ئېرىنى چاقىراي دېيىشىگە غوجامەمەت ئىخىز ئېچىپ قالدى.

— ئالغۇم بار، بىراق...

— قىممەت كۆرۈۋاتامسەن، ئوغلۇم؟

— ياق!

— كونا كۆرۈۋاتامسەن-يا، يېڭى دېيسەمۇ چاناماس ئىدى، ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۆنلەردە تىلىم بارمىدى، گەپنىڭ راستىنى قىلدىم. قورقماي ئېلىۋېلىڭلار. بوۋىقىڭلار بۆرىمۇ-تۈلكىمۇ؟

ئايىم ئاغچا بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈنەلمەي غوجامەمەتكە قارىدى، غوجامەمەت دەرھال:

— بۆرە، بوۋا، بۆرە، — دېدى.

— ۋاھ، ئاللاھ بەرگەن ئىكەن، ئاللاھ نېسىپ قىلسا، مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ چوڭ بولغان بۆشۈكتە سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ چوڭ بولۇپ قالار.

غوجامەمەت ئايىم ئاغچىغا قارىدى. ئايالى شۇ تاپتا بۆشۈكنى بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۆزى بولسا ئىككى ئارىلىقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي خىجىلچىلىقتا قالغانىدى. ئاخىرى ئۇ ئەرزان سورىسام بۆشۈكنى بەرمەيدۇ. مەنمۇ بۇ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلىمەن، دەپ ئويلىدى-دە، بوۋايغا:

— بوۋا، بۆشۈككە ئون سوم بەرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۆشۈكنىڭ سىرىغا ئون سوم كەتكەنىدى، — دېدى بوۋاي بىر ھازا ئويلىنىپ، — بوپتۇ، ئۆيدە تاشلىنىپ ياتقۇچە سېنىڭ ئوغلۇڭ چوڭ بولسا، ماڭا ساۋاب ئەمەسمۇ؟!

كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن غوجامەمەت گاڭگىراپ قالدى. ئوغۇلبالىچىلىقتا ئەمدى يېنىۋالغىلى بولمايتتى. بۆشۈكنى ئىشلەتمىگەندىمۇ، ئېلىپ تاشلاپ قويۇش قارارىغا كەلدى-دە، قولىنى يانچۇقىغا ئۇزاتتى.

ئايىم ئاغچا ئۇنىڭ پېشىدىن تارتتى:

— ئالمايمىز، جۇرۇڭ، ئېغىردىن ئارتۇق يۈك قىلىپ نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمىز.

www.uyghurkitap.com



— ھە، تارتىشىپ قالدىڭلارغۇ؟ — سورىدى بوۋاي.

— بىزگە بوشۇكنىڭ لازىمى يوق، — ئايىم ئاغىچا قەتئىي كېسىپ ئېيتتى.

— نېمىشقا؟ ھازىر بوۋىقىم بار دېگەندەك قىلىۋېدىڭلارغۇ، — بوۋاي ياشاڭغىراپ چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكتى.

— بار، لېكىن بوشۇكتە باقمايمىز، — دېدى ئايىم ئاغىچا بوۋاينىڭ ئالدىدىن غوجامەمەتنى تېزرەك ئېلىپ كېتىشكە ئالدىراپ، — بوشۇكتە ياتقان بالىنىڭ مېڭىسى چايقىلىپ كېتىدىكەن، بالىنىڭ دۆت-دۆلەي بولۇشىمۇ شۇنىڭدىن ئىكەن.

بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.

— قىزىم، بوشۇكتە ياتقان بالىنىڭ مېڭىسى چايقىلىپ كەتسە، مۇشۇ بوشۇكتە ياتقان بەش ئوغلۇمنىڭ ھەممىسنى مەن تاپالماي قالغان بولاتتىم. بىلەمسىلەر، مۇشۇ بوشۇكتە چوڭ بولغان ئوغلۇمنىڭ بىرى بېيجىڭدا ئوقۇپ، شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ. ئىككىنچىسى مۇسكۋادا ئوقۇپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە ئىشلەۋاتىدۇ، ئۈچىنچىسى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتىدۇ، ئەپتاۋۇر ئوقۇپلاۋاتىدۇ، ساقلىقى تېزىغا چۈشكىچە ئوقۇمدىكىن، بىلمىدىم، تۆتىنچىسى ياپوندا ئوقۇپ، ئەمدى گېرمانىدا ئوقۇيدىغان بولدۇم دادا، دەپ خەت كەپتۇ، بەشىنچى ئوغلۇمنى دېسەڭلار سايۇز، بۇخارا، شاڭخەي، شاڭگاڭ دېگەنلەرنى شاما قىلىۋەتتى. بەش ئوغلنى چوڭ قىلىپ، موماي راھەتنى كۆرمەي ئۇ دۇنياغا كەتتى. «ئوغلۇم يەپ ئوۋغا كەتتى. قىزىم يەپ قىرغا» دەپ، ئاخىرى مۇشۇ بوشۇكنى قۇچاقلاپ قاپتىمەن. ئۆمرۈم مۇشۇ ھۈنەر بىلەن ئۆتۈپتۇ، سانسىزلىغان بوشۇكنى ياساپتىمەن. سۇنۇرنىڭ بوشۇكنى ئالىمىز دەپ نە-نەلەردىن كېلەتتى. ئاخىرقى بىر بوشۇكتە سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلار چوڭ بولسۇن دەپتىمەن. بوشۇكنىڭ مۇنداق يامان زىيىنى بارلىقنى تۇنجى قېتىم سىلەردىن ئاڭلاۋاتىمەن. خاپا بولماڭلار، ئەمسە مەنمۇ ياندىم. ئەمدى بوشۇكنى 50 سومغىمۇ ساتمايمەن. بالىلىرىم ياتقان بوشۇك سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا تاشلىنىپ، خارلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمىگە شۇنچىلىك قايناپ كەتتىڭ، سۇنۇر؟ — قاياقتىندۇر بۇ يەرگە ئۈنگەن يۇسۇپ بوياق سۇنۇر بوۋاينىڭ قېشىدا توختىدى، — قاينىما، ئۆزۈڭ قېرىدىڭ، ھۈنىرىڭمۇ قېرىدى، خېرىدار بوشۇكۇڭنى يازاتمىسا، تاشنى تاياققا تاڭغاندەك تاڭاتتىڭمۇ؟

— ياراتمىغاندىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، بوشۇكنىڭ زىيىنى كۆپمىش.

— ھەئە، دېگىن سۇنۇر، — دېدى يۇسۇپ بوياق، — ھازىرقى ياشلار بالىلىرىنى سەگۈنچەكتە ئۈچۈرۈپ چوڭ قىلىدۇ. چوڭ بولسا ئاسماندا ئۇچىدىغان بولىدۇ. بولدى، گەپنى ئاز قىلىپ ئۆزۈڭنى ئۇپراتما.

سۇنۇر بوۋاي يۇسۇپ بوياقنىڭ گەپلىرىگە ئۈنچىقماي باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ، ئۆزىگە ئوخشاش مۆكچىيىپ قالغان دۇكاننى ئېچىپ بوشۇكنى ئەكىرىپ، ئىشىكنى بېكىتتى-دە، يولغا راۋان بولدى. غوجامەمەت بوۋايلارنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ تۇردى ۋە كۆڭلى ئەسكى بولغان

هالدا ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكەن ئايالىنىڭ كەينىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ماڭدى...

يەنە شۇ خىزمەت، يەنە شۇ ئۆي، بالا بېقىش، تاماق ئېتىش، ئەتىسى يەنە ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشلەر... بولۇپمۇ ئۇلارغا تەس توختىغىنى كېچىسى شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ، بالىنىڭ زاكىسىنى يەڭگۈشلەش ئىدى. ئاخىرى مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئەر-خوتۇن جاڭجاللىشىپ قالدى.

— كىيىدىغان مايكا ئىشتىنىمدىن تارتىپ زاكا قىلىپ بولدۇڭ، ئاخشام كۆڭلىكىمنى ئاستىغا سېلىپ سۈيدۈك قىلىپسەن، — زارلاندى غوجامەمەت، — ئەتە-ئۆگۈن ھەممىنى زاكا قىلىپ يالىڭاچ قالىدىغان ئوخشايمىز. بۇنداق قىلىپ جاننى قىيىنغىچە بۆشۈككە سالساق بولمامدۇ. بۆشۈك بالىسىنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدۇ دېگەننى نەدىنمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟

— مەنمۇ خەقتىن ئاڭلىغان.

— ئەتىلا بۆشۈك ئەكەلمەيدىغان بولسام.

— ئالسىڭىز ئالماسىز، — بالىنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن جاق تويغان ئايىم ئاغچا ئاخىرى رازى بولدى.

ئەتىسى غوجامەمەت ئايالىنى باشلاپ بۆشۈكنى 50 سوم بېرىپ بولسىمۇ ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى. ئۇلار ئىلگىرىكى بازار ئورنىغا كەلگەندە، ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ-توزانلار ئىچىدە توپا قېزىش ماشىنىسىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ۋە تاش-شېغىل يېيىتىپ ئىشلەۋاتقانلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇ ئەسنادا يۈزلىرىگە بوياق سۈرتۈۋالغان يۈسۈپ بوياقچى پەيدا بولدى.

— ئاكاۋۇي، مۇشۇ يەردىكى بۆشۈكچى بوۋاينى تونۇيلىغۇ دەيمەن، — سورىدى غوجامەمەت.

— قاچان كۆرگەنتىڭ؟ — سورىدى بوياقچى.

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا.

— ئۇكاۋۇي، بىر كۈن ئاۋۋالقى گەپنى قىلغىنا. گېپىڭگە قارىغاندا سۇنۇر بۆشۈكچىنى دەيدىغان ئوخشىمامسەن. ئەنە كۆرۈۋاتامسەن، دۇكىنى يولغا چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. بۆشۈكچىنىڭ ئاتىسى ئىدى ئۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ئېلىپ قالالمىدى.

غوجامەمەتنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ، ئاغزىغا تىقىلغاندەك قىلدى. ماغدۇرسىزلانغان قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

— نېمىگە ئىزدەيتتىڭ ئۇنى؟

— بۆشۈك ئالاي دېگەنىدىم.

— ئۆتكەندە ئون سومغا بەرسىمۇ ئالمىغان سەنغۇ. ئەمدى ئالالمايسەن.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، ئاكا؟

— دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ، تەرەپ-تەرەپتىكى ئوغۇللىرى ئايروپىلاندا بىر كېچىدىلا ئۆيگە ئۇندى. يۇرتقا نەزىر-چىراغ قىلىپ، كېتەر چاغدا ھېلىقى ياپونىدىكى ئوغلى ھېلىقى سەن ئالمىغان كونا بۆشۈكنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ يەردە كونا ئاسار-ئەتىقىلەرنىڭ باھاسىنى شۇنداق قىممەت، ياپون پۇلىغا بىر مىليون دوللار تۇرامدۇ، دەمدۇ نېمە.

(ئاخىرى 157-بەتتە)

مۇھەممەتجان سادىق

# گۈل ئېتىشىپ ئوينايلى

## سەھرا پۈرىغان گۈل

سىغامدۇ لىپاپىغا مۇھەببەت،
سىغامدۇ سېغىنغىنىم قۇرلارغا.
ھەركۈنى، جان ئانا، كۆزۈمدىسەن،
قارايمەن ئۆزۈم كەلگەن يوللارغا.
ئاقاتتى بىر قۇياش نۇرى ماڭا
چىڭ بېسىپ باغرىڭغا سۆيگىنىڭدە.
ئويلايتتىم بىر سېنى، جېنىم ئانا،
ماڭا گۈلخان بولۇپ كۆيگىنىڭدە.
ئوقۇيدۇ ئۆيلىرى ئاسمان پەلەك
شەھەردە چىرايى بۇغداي ئوغۇل.
يۈرىكىم ئۆزگەرمىدى، يەنە مەن
سەھرانىڭ پۈرىقى پۈرىغان گۈل...
قايتىمەن جان ئانا، پات يېقىندا
يېپيېڭى بىر ئالەم — باھار ئېلىپ.
ئوينايسەن سەنمۇ ھېيت شادىيانە
جاھانغا ياڭرىتىپ ناغرا چېلىپ.

## گۈل ئېتىشىپ ئوينايلى

كېلىمەن
ئاپئاق چېچەكلىگەن
غايىۋى بىر ئالەمدە
غاچىلدىغان
پۇتۇمدا ناخشا.
چېچىلىدۇ ئۈستۈمگە
كۈمۈشتەك ئاق گۈللىرى
ھاياجانلىق
يۈرەك يۇرتۇمدا ناخشا.
كۆزۈمدە
كۆز تارتقۇدەك
ئاق چېچەك پەسلى.
كۈي تارايدۇ،
ناخشا تارايدۇ
بۇرۇتلارنىڭ ئۇنچىسىدىن.
تۇتايمۇ ساڭا دىلبەر،
بىر دەستە
گۈللىگەن دەل-دەرەخلەرنىڭ
چىرايلىق گۈل-غۇنچىسىدىن!؟
گويا
سەن بىلەن مەن ئارزۇلىغان
بىر گۈزەل دۇنيا
ئالدىمدىكى ئاپئاق ئالەم
گۈل-چېچەكسىز بىر شېخى يوق
سۆگەتنىڭ،

تېرەكنىڭ...
ئۈيتقىنا، دىلبەر،
ئاق جاھان،
ئاپئاق جاھان
سۈرئىتىمىزدۇ
كۆڭلىمىزدىكى مۇھەببەت،
كۆڭلىمىزدىكى تىلەكنىڭ!؟
كەلگىنە، گۈل يۈزلۈكۈم،
گۈل ئېتىپ ئوينايلى
بۇ غايىۋى ئالەمدە
كۆكگۈللەرنى يايرىتىپ،
ئۇشقىدا ئانجان يۈرتىنىڭ.
بىردەمدىلا ئايلىنىسەن
سەنمۇ جېنىم،
كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا
كۆيدۈرۈشىدىن
قولۇڭدىكى ئوتنىڭ.

## بوغدا ئاتا

تۇرىمەن كۆز تىكىپ،
بىر بىنادا،
راۋاقتا،
ئالدىمدىكى ھەيۋەتلىك بوغدا
ھەيكىلىمۇ ئالىپ توغا ئەرنىڭ؟!
تال-تال ئاقارغان چاچلىرى
قۇياش نۇرىدەك،
بېشىدا گۈللىرى چوغدەك
گۈلگۈن دوپپىسى
چوغدەك سەھەرنىڭ...
كىرگەندۇ نەچچە مىڭ ياشقا؟!
كىيگىنى
گۈللىرى ئوت رەڭلىك دوپپا.
ياشلىق ھەۋىسى
تېخىچە قاينامدۇ بۇ بوۋاينىڭ؟!
بىلەمسەن، مويسىپىت يۈرىكىنىڭ
يالقۇنلۇق ھارارىتى
كۈندۈزدىكى كۈننىڭ
ئىسسىق ئاپتىپى،
كۈمۈش نۇرى
تۈندىكى ئاينىڭ.
ئۈچمىگەن ئۈمىد،
ئۈچمىگەن مۇھەببەت!
باھاردا،
يازدا،
كۈزدە
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا
رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
يېشىل گىياھلار...
ئاق قار قاپلىغان قارلىق چوققىدا
قارلە يىلىسى،
تۇرىدۇ ياپيېشىل ياشىرىپ
تاغ باغرى،
مەغرۇر قىيالار...
ئۇ، گويا نەۋقىران بىر يىگىت،
يۈرتىدا ئوت-يالقۇن،
يۈرىكىدە گۈلخان بار
يېنىۋاتقان گۈل چېچىپ.
ئۇ، تىنىكلىگەن قارىغىنا،
يىراق-يىراقلارغا
بىر مەغرۇر قىياپەتتە
بېشىنى تىك تۇتۇپ
بۈركۈت كۆزىدەك كۆزىنى ئېچىپ.
بوغدا ئاتا!
تۇرىمەن ئالدىڭدا
ئۇنىڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ،
ھۆرمەتتە ئېگىپ بېشىمنى.
گۈللىرىڭگە سۆزۈك شەبنەم قىلىپ

چاچمەن
بىر ئىزگۇ مۆھەببەتتە
كۆزلىرىمدىن
يۈرەك يېشىمنى.
بۇ سۇيى ئەمەس قايغۇ-ھەسرەتنىڭ،
مەغرۇر سىياقىڭدىن
ھاياجانلانغان ئوغلۇڭنىڭ
چاچقان ئۈنچىسى.
بىلەمسەن، ئاتا،
ئوخشايدىكەن
مېنىڭ يۈرىكىمگە
بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
چوغدەك غۇنچىسى.

## دوستلۇق بەزمىسى

ئۇرۇلغان
قەدەھلەرنىڭ جاراڭلىشى
دوستلۇق ناخشىسىنى
ياڭراتقان
ئوتلۇق يۈرەكلەر.
بۇندىكى چاقچاقلار،
كۈلكىلەر،
مۇھەببەتلىك قاراشلار،
خۇش بۇي پۇرىقىنى چېچىۋاتقان
گۈل ۋە پورەكلەر.
ياشايلى ئۆلگىچە يارۇ دوستلىرىم،
مۇشۇنداق ئىناق،
مۇشۇنداق كۆيۈپ.
ياشايلى تا، ئۆلگىچە.
بىر-بىرىمىزنى
ئاكا-ئۇكىدەك سۆيۈپ!

1997-يىل 17-يانۋار

## ئانام بىر پەرىشتە

ئانامنىڭ چىرايى ھەمىشە ماڭا
مېھرى ئاپتىپىنى چېچىۋاتقان كۈن.
ئانامنىڭ ئاۋازى ھەمىشە ماڭا
بېھىشنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئۈن.
ئانامنىڭ كۆزلىرى ھەمىشە ماڭا
يولۇمنى يورۇتۇپ يانغان شام-چىراغ.
ئانامنىڭ سۆزلىرى بەختىم-تەلىيىم،
كۆيۈنۈپ نۇرچاچقان مېھىر-ئىشتىياق.
ئانامدەك كۆيۈملۈك بارمۇ جاھاندا!؟
ئانامدەك سۆيۈملۈك بارمۇ جاھاندا!؟
ئانام بىر پەرىشتە،
مېھرى بىر جەننەت،
يېتەلمەس ھەتتاكى باھارمۇ ئاڭا.
مەككىگە ئاپارسام قەرزى تۈگىمەس
مەن ئۇنى بىر ئەمەس، مىڭ ھاپاش ئېتىپ.
تۈگىمەس كۈيلىسەم مېھرى-شەپقىتى
بىر ئۆمۈر ئولتۇرۇپ ناخشا-كۈي قېتىپ.

1986-يىل ئۆكتەبىر — 1997-يىل يانۋار

## ئاسمان قۇياشتىن، ئادەم ئارماندىن

1

يارالغاندۇ
بۇ ئالەم قاچان
تاغ-دالا،
يەر-زېمىن،
قۇياش ۋە ئاسمان؟!
كېلىدۇ تاڭ ئېتىپ،
قۇياش چىقىپ،
كېلىدۇ ئايرىلماي

زەڭگەر سامادىن
يالقۇنلۇق داستان.

2

تۆرەلگەندۇ
بۇ ئادەم قاچان:
مۇھەببەت،
تەبەسسۇم،
پىكىر-ئويلىرى؟!
ئۆتىدۇ، قارىغىنا، شۇنچە كۆڭۈللۈك،
نەغمە-ناۋا،
هاي-هاي ئۆلەن ئىچىدە
غۇنچە تويلىرى.
كېلىدۇ يوللىرىدا يىللارنىڭ
بىردەممۇ دەم ئالماي ئادەم،
ئايرىلماي
ئارزۇ-ئارماندىن.
قەيەردە زادى مەنزىلى؟
بىلمەيدۇ ھېچكىم
كېلىدۇ چارچىماي ئىككى ئايىغى
زامان-زاماندىن.
چۆكمىگىن، يارۇ دوست
قايغۇ-ھەسرەتكە،
كۆكلەيدۇ ئادەم ئۈمىد بىلەنلا،
ئۈزۈلمىگەي يوللاردىن
زادى پۇتلىرىڭ،
ئۈمىدسىز شەيتان،
كېلىچەككىنى
يورۇتار بىر كۈنى
ئارمان بىلەن ياشىغان ئىنسان
يۈرەك ئوتلىرىڭ.

1997-يىل 15-يانۋار، غۇلجا

ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى

## سەن باھارنى سېغىنىدىڭغۇ

### ئانا

كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا،
پوچتىكەشلەر قالدىمۇ ئۇخلاپ.
ئۆتمىدى يا سېغىنىشلىرىڭ
يۈرىكىمنى چۈش بولۇپ يوقلاپ.

كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا،
يېرىم يولدا قالدىمۇ توختاپ.
قارلىغاچلار ياساشقا ئۇۋا،
يا كەتتىمۇ ئۇنى ئوغرىلاپ.

كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا،
باھار بولۇپ كەتتىمۇ يېزىق.
ھەر بىر قوردىن باشلىنىپ دەريا،
قۇچىقىدا يايراپ شاد بېلىق.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆرەلمىدىم خېنىڭنى ئانا،
تىزالمىدىم ئۇنىدىن گۈل-چېچەك.
ئەسلىمەڭنى ئوقۇدى ئەمما،
مۇھەببەتلىك خەت قىلىپ يۈرەك.

## سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

ئەۋەتتىمەن سېغىنىشىمنى
ئەقىدەڭگە بولسۇن دەپ تۇمار.
تەبىئەتتە بار ئىكەن نەسىر،
كۆز يېشىمدا يۇيۇندى باھار.
كۈتتۈم، كۈتتۈم، كۆرۈنمىدىڭ يار،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

ئەسلەتمىنىڭ خاتىرەمدىكى
كەپتەر بولۇپ ئۇچتى پەشلىرى.
خىيالىمدا ئېچىلدى ئاسمان،
يۈرىكىمدە ئوت ئۇندەشلىرى،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

كىملەردىندۇر ئاڭلىماقچىدەك
قانداقتۇر بىرگە پەلەرنى قۇلاق.
نېمىشىندۇر سۆزلىمەكچىدەك
تىلىم لالدۇر، سۆزلەلمەس بىراق.
خاتىرىلەر قېلىپ بارار ئاق،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

كۆيەر خىيال، كۆيەر ئەسلىمە،
كۆيەر ئىزلار، كۆيىدۇرەر يۈرەك.
چوغ ئاستىدا ئەمما كۆپكۆك مۇز
تومۇرلارغا تارتىدۇ پىلەك.
ھىجران ئۇندا ئېچىلغان چېچەك،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

خەت ئەۋەتتىم ساڭا نەچچە رەت،
يۈرىكىمنى قىلىپ مەن ماركا.
كۆزلىرىمگە توشقاندا توپا،
جاۋابسىزلا ياندى ئۇ ئەمما
سوراقلاردىن ياساپ مۇئەمما.
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

## خوشلىشىش

خوش دېگەن ئاددىي سۆز پەقەت بىر بوغۇم،
ۋە لېكىن بەكمۇ تەس خوش دېمەك، كەتمەك.
كۆزۈڭدىن تامچە ياش سىرغىپ بولغۇچە
ئۆلگۈرەر ياپراقتەك تىترەشكە يۈرەك.

تىلىڭدا بىھېساب سۆز مارجانلىرى،
ئاۋازغا ئايلىنىپ چىقالماس ئەمما.
سۆزلەيدۇ كۆزلىرىڭ، سۆزلەر چىرايىڭ،
سۆزلەيدۇ بەدىنىڭ، پۈتلىرىڭ ھەتتا.

ئۇ كېتەر كۆزدە دۇنيانىڭ يۈكى،
يېنىڭدا قويۇپ بار ئىستەكلىرىنى.
سەنمۇ ھەم قالسەن پۈتكەن يۈرىكىڭ
قوبۇل قىپ ھاياتنىڭ تىترەكلىرىنى.

خوش دېگەن ئاددىي سۆز پەقەت بىر بوغۇم،
ۋەزنىگە مۆكۈنگەن لېكىن مىڭ تىلەك.
قايتا بىر ۋىسالنىڭ چاراقلىشىدۇر
چۈشەنسەڭ ئاخىرى خوشلىشىش دېمەك.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# بالىلىقتىكى سەھرا

## 1

گۈزەل سەھرا، سېنى ئەسلەپ بۇ يولدا ئۆيىنىغۇم كەلدى.
يېشىل قۇملۇق ئېرىقلاردا يىلاندەك سويلىغۇم كەلدى.
كېچە ئاسمانغا ئاي چىقسا ئۇنى سوقماققا تاش ئاتقان
چېغىمنى دۆڭ ئارا ئىزدەپ قويۇندەك قوغلىغۇم كەلدى.
يوغان گۈلدۈرمىلەر تۆگمەن تېشىدەك چۆرگىلەپ، بىزگە
چۆمۈلمەك ئىشقىنى سالغان ئىدى، تەن سوغلىغۇم كەلدى.
موزا يىلار مۆرىشىپ كەلگەن تۇمانلار لەيلىگەن يولدا،
گۆدەك تەڭتۇشلىرىم بىرلە پەلەكنى چوغلىغۇم كەلدى.
ئۆتۈپ كەتتى ئەجەپ شۇ چاغ ئۇنى ئىزدەشكە ئىمكان يوق،
يېنىپ كەلسە، ئاشۇ تەنتەك خۇيۇمغا تويمىغۇم كەلدى.

## 2

جاھان باقىي ئەمەس بىزگە، ھامان بۇندىن كېتەر كۈن بار.
قۇياش چىقماس ماكان بىزنى قەرەلسىز ئەل ئېتەر كۈن بار.
چىقىن قونسا ئۇچۇرماققا مادار يەتمەس، كۆرەر كۆز يوق،
ھايات بەرگەن باھادىرلىق ئۇچۇن خورلۇق يېتەر كۈن بار.
قالۇر ئامەت، قالۇر ئارمان، قالۇر تاپقان ھەشەم — دۇنيا،
تۇغۇلغاندەك يەنە سالتاڭ ياتارىڭ بىر كېلەر كۈن بار.
سېنى باققان ئەزىز تۇپراق قۇچاقلايدۇ تونۇپ «كەل» دەپ،
ۋاپادارلىق ئارا شۇ بىر قەدىم سىرنى يېشەر كۈن بار.
تونۇشتۇر بۇ ئۆلۈم شۇنداق، شۇڭا ھەسرەتكە كۆنگەن بىز،
ئەزىز تۇغقانلىرىڭ يىغلاپ بۇ يىغلاشتىن كېچەر كۈن بار.
تېشىپ زەرداپ، قۇرۇپ توزۇش بىلەن جىسمىڭ تامام ئاخىر.
ساۋاب قىلساڭ «يوقالماق» نى، ئىشەن، چەكسىز يېگەر كۈن بار.

ئەنۋەر مەتسەيدى

# قەلبىمدە رەنا

## 1

لالە-رەيھان قەدرىنى باغۋەنۇ ئىشچاندىن سورا،
داغى ھىجران دەردىنى ئاشىقۇ مەستاندىن سورا.
چىن ۋاپادار قەدرىگە يەتمەك پەرز ئاشىق ئۈچۈن،
ئىستىسەڭ جاننى پىدا ئەتمەكنى ۋىجداندىن سورا.
ئۆتتى قانچە قەددى گۈل، قەلبىمۇ گۈل مەشۇق-سەنەم،
دىلغا ئاتەش ياققۇچى نەزمەيۇ داستاندىن سورا.
قانچىلار كۈلپەت ئارا كۆرمەي نىگارى ۋەسلىنى،
جان سۈيىدە چۆلنى باغ قىلدى، گۈلىستاندىن سورا.
دەشت ئارا «يۇلغۇن»مۇ بىر بوستان ياراتسا سۆيگۈدىن،
جىسمىنى يەر قىتىدىن، روھىنى ئاسماندىن سورا.

## 2

يۈزى گۈلدەك، سۆزى بالدەك رەنا يېنىمدا،
گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بەرنا يېنىمدا.
قەلبى جاھان، مېھرى ئوكيان قوللىرى چاققان،
ھاياتىمغا بىر ئۆمۈرلۈك ھەمراھ يېنىمدا.
تەبەسسۇمى، چىن كۆيۈمى يۈرەككە مەلھەم،
پەلەك ئوقى تەگسە مەشھۇر جەرراھ يېنىمدا.
ئۇ بىر ۋاپا، ساداقەتتە ئۇچقۇر چەۋەنداز،
مەن بىر غەۋۋاس، جاۋاھىرلىق دەريا يېنىمدا.
ئەل ئىشىغا پەرۋانىدەك ئۇرار ئۆزىنى،
مېنىڭ ئانام يۇرت ئانىسى سەھرا يېنىمدا.
تەڭ بولامدۇ جاھاندىكى ياندىكى يارغا،
دەيدۇ «يۇلغۇن» بەخت، ۋىسال، ۋاپا يېنىمدا.

مۇختار سوپۇرگى

# ئىككى غەزەل

## 1

ئىشق كۆكىمدە چاقناپ شوخ يىنىپ ئەختەرگە ئايلاندىڭ،
دىلىمغا ئوت سېلىپ ئۆچمەس، گۈزەل دىلبەرگە ئايلاندىڭ.
قاچان كۆردۈم سىياقىڭنى شۇئان مەيلىمدىن ئايرىلدىم،
جېنىمنى ئەگىدى ئىشقىڭ، گويا شەمشەرگە ئايلاندىڭ.
گۈزەللىك كۆپ ئەگەر ئۆلچەش كېرەك بولسا تىزىپ رەتكە،
بىراق سەن مەن ئۈچۈن تەڭسىز گۈلى سەرۋەرگە ئايلاندىڭ.
مېنىڭ ئالتۇنلۇقۇم چاندى، سېنىڭ خىللاشلىرىڭ چىڭكەن،
بولۇپ مەن بىنەزەر داشقال، ئۆزۈڭ زەرگەرگە ئايلاندىڭ.
مېنىڭ مەجنۇنلۇقۇم ئاشتى بېغىڭدا لەيلى كۆرمەستىن،
جۇنۇنىڭ مەلھەمى خۇش ھىد ئىپار-ئەنبەرگە ئايلاندىڭ.
بۇ سۆيگۈ ئالمى ئىچرە كۆيۈكتە ئۆلمىگەن ھېچ كىم،
بىراق رەھمىڭ تىلەپ بارسام ئەجەب خەنجەرگە ئايلاندىڭ.
قۇتۇلماي ئىشقى دامىڭدىن ئۆتۈشكە رازىمەن دىلبەر،
ماڭا ۋەسلىڭ راۋا قىلماي سېھىر چەمبەرگە ئايلاندىڭ.

## 2

ئەقدەم تاغ ساڭا، دىلبەر، مېنى دىلدىن سۆيەر بولساڭ،
يېنىپ باغرىمدىكى ئوتتەك ماڭا جاندىن كۆيەر بولساڭ.
ھاياتلىق ئالمى ئىچرە سېنى سۆيدۈم بولۇپ مەپتۇن،
جېنىمنى بەرگىلى تەييار تۇرارمەن سەن كۆلەر بولساڭ.
رەقىبلەر تېرىسا پىتنە ئۇرۇپ تىغ رىشتىمىز ئۈزرە،
ئاقار ياشىم بولۇپ دەريا سۆيىدە گەر ئۈزەر بولساڭ.
ئەقدە، ئىستىكىم خالىس، ۋاپادىن ئۆزگە پەيلىم يوق،
مۇرادىمغا تىلەپ ئىقبال تىلەكىمگە كۆنەر بولساڭ.
ۋىسال ئىزدەپ يۇمۇلسا كۆز ساڭا ئارمانلىرىم قالغاي،
قىلىپ كۆكسۈڭنى گەر قۇببە ئاڭا جىسمىم كۆمەر بولساڭ.
مۇھەببەت ۋادىسى سۆيگۈ-ۋاپادا گۈللىنەر ياشناپ،
قىلىپ تۇپراق ۋۇجۇدۇمنى بولۇپ چوغلۇق ئۈنەر بولساڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياقۇپ ئىسمائىل

# يەل گۇمپىسى

(ھېكايە)

## 1

مەن ھېكايەمنى يېزىپ بولۇپ، ماۋزۇسىنى نېمە دەپ قويسام بولاركىن دەپ ئۇزاق ئويلاندىم، باشتا «ئۇسۇرۇق توغرىسىدا ھېكايە» دەپ باقتىم، لېكىن بۇ ئىسىم نېمىشقىدۇر سەت تۇيۇلدى، ئويلىنىپ-ئويلىنىپ ئاخىرى «يەل گۇمپىسى» دەپ نام قويدۇم. بۇ نام جايىغا چۈشتىمۇ-چۈشمىدىمۇ، كىتابخانلار ئايرىپ چىقار.

ياسىنجاننى سىلەر ھەقچان تونۇمايسىلەر، ئۇ بىزنىڭ يېزىدىكى داڭلىق ئۇسۇرغاق. ياسىنجاننىڭ بۇرۇنقى مۇنداق ئەيىبى يوق ئىدى. كېيىن ئۇ تېزلا سەمىرىپ كەتتى. سەمرىش بىلەن تەڭ دائىم قورسىقى كۆپۈپ، يەل قاپلىشىدىغان، ئۇنى چىقىرىۋەتمىسە ئارام تاپالمايدىغان بولۇپ قالدى. «ئۇسۇرۇق» دېگەن بۇ سۆز سەت ئاڭلانغان بىلەن دۇنيادا يەل چىقارمايدىغان كىم بار. تولا ئادەم كىشىگە ئاڭلاتماي ئاستاللا قويۇۋېتىدۇ. ياسىنجان بولسا نېمىشقىدۇر زادىلا ئاۋازسىز يەل قويۇپ بېرەلمەيتتى. بىچارە يەل قىستاپ كەلگەندە خىجىلچىلىقتە ئۇياق-بۇياققا قارىۋېتىپ، ئادەم يوق يەرنى تېپىپ تارتىلدىتىپ بىر نەچچىنى قويۇۋېتىپ، ئۇھ! دەپ ئارام تاپاتتى. ياسىنجان پەقەت ئۆيىگە كەلگەندە خېلى ئازادىلىشىپ قالاتتى. ئۆزىنىڭ ئۆيى دېگەن باشقىچە، بالىلىرى ئۇششاق، تارتىنىدىغان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن پۇت-قولىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ قانچىلىك يەل بولسا بەھۇزۇر قويۇۋېتىكىلى بولاتتى. بەزىدە بۇ يەلنىڭ ئاۋازى بەك ياڭراق چىقىپ كەتكەندە ئايالى: «ئاستىراق، تام ئۆرۈلۈپ كەتمىسۇن...»، «قوشنا-خولۇملار نېمە گەپ بولدىكىن دەپ يۈگۈرۈپ چىقمىسۇن...»، «ئىشتان ساقتۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن چېقىشىپ قوياتتى. ياسىنجاننىڭ بالىلىرى بولسا كۈلۈپ تېلىقىشىپ قالاتتى. بەزىدە ياسىنجان بالىلارنى كۈلدۈرىمەن دەپ، قىستىمىغان يەللەرنىمۇ ئەتەي چىڭقىلىپ ئارقا-ئارقىدىن چىقىرىشقا باشلايتتى. ياسىنجاننىڭ بىر شوتىلە ئوغلى بار ئىدى. مۇنداق چاغلاردا دادىسىنىڭ چىقارغان يەلىنى ئېرىنمەي، بىر، ئىككى، ئۈچ... بەش دەپ سانىغىلى تۇراتتى. كېيىن-كېيىن ياسىنجان يەل چىقىرىش سانىنى ئاۋۇتقىلى تۇردى، بىرقېتىمدا ئۇ ساق يىگىرمىگە يەتكۈزۈۋېدى، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى كۈلۈپ دومىلىشىپ كەتتى.

بەلكىم مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىۋەرسە ياسىنجان بۇ سانىنى ئوتتۇز-قىرىققىمۇ يەتكۈزەتتىمىكىن، لېكىن، ئارىلىقتا يۈز

بەرگەن بىر ۋەقە ياسىنجاننىڭ رېكورت
يارىتىش قىزغىنلىقىغا سۇ سېپىۋېتىپ قالدى.

## 2

قىش كېلىپ قالغان چاغ ئىدى. ياسىنجانلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىرقانچە ئۆيلۈك ئەر-خوتۇن قاتار چاي ئوينىماقچى بولۇشتى. كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قالغاچقىمۇ، يېقىندىن بېرى بۇ ئەتراپتا مۇشۇنداق چاي ئوينايدىغان ئىش ئەۋج ئېلىپ قالغانىدى. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى مۇشۇنداق بىر ئىشقا مەلىكە بولۇپ تۈگەتمىسە قانداق تۈگەتكۈلۈك. ياسىنجان ئەر-خوتۇن چاي ئوينايدىغان ئىشقا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ماقۇللىقنى بىلدۈرۈشتى. چاي باشلىنىدىغان كۈن يېقىنلاشقانسېرى تۇرۇپلا ياسىنجاننىڭ خوتۇنى ئېرىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

— ھوي ياسىنجان، — دېدى ياسىنجاننىڭ خوتۇنى ئۇنى چاقىرىپ، — ھېلىقى قىلىقىڭىزنى چايغا بارغان يەردە قىلىپ يۈرمەيدىغانسىز؟

— قايسى قىلىقنى دەيسەن؟ — دېدى ياسىنجان خوتۇنىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي.

— ھېلىقى تارتىلدىتىپ يەل قويۇۋېتىدىغان ئىشىڭىزنىچۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن، خوتۇن، مەن خەقنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قىلىپ ساراڭمىدىم.

— ھەرنېمە بولسائالدى-ئارقىڭىزغا ئىگە بولۇپراق ئولتۇرارسىز، خەقنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولمايلى يەنە...

— خاتىرجەم بول، خوتۇن، يەل دېگەنمىچۇ چىقىدىغان چاغدا بەلگە بېرىدىغان نېمە. سەل چىڭقالغاندا خۇدايىم بەرگەن پۇت بولغاندىن كېيىن تالاغا چىقىمىز-دە.

تونجى چاي مۇشۇ يېزىدا بورداقچىلىق بىلەن بېيىغان بىرىنىڭكىدە ئۆتكۈزۈلدى. داستىخان ناھايىتى مول راسلانغانىدى. ئاۋۋال پولۇ، ئاندىن قورداق تارتىلدى. ئاندىن كېيىن داستىخان يەڭگۈشلىنىپ، ئارقا-ئارقىدىن قورۇمىلار كىرگىلى تۇردى. ئانچە ھاراق ئىچمەيدىغان ياسىنجان قىزىقچىلىقتا بىر نەچچە رومكا ھاراقمۇ ئىچىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن كەيپىيات بارغانسېرى قىزىپ، ئوتتۇرىدىكى تارتىنىشلارمۇ كۆتۈرۈلۈپ، قىزىق پاراڭلار باشلىنىپ كەتتى. شۇ ئارىدا نېمە پاراڭ بولۇۋېدىكى، ياسىنجاننىڭمۇ تازا ئېسىدە يوق، ھەممە پاراقىدە كۈلۈشى بىلەن ياسىنجانمۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋېدى، ئارقىسىدىن تارت قىلىپ چىقىپ كېتىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ياسىنجاننىڭ خوتۇنى دەل مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ خۇدۇكتە ئولتۇراتتى. ئۇ ياسىنجاننىڭ يانپىشىنى قاتتىق بىر چىمدىۋالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟! — دەپ خوتۇنىغا گۆلەيدى ياسىنجان.

شۇ چاغدا نېمە بولغانلىقىنى ياسىنجاننىڭ ئۆزىمۇ پەملەپ قالدى. چۈنكى ئىككىنچى ئاۋازمۇ ئارقىدىنلا ئۇلىشىپ چىقۋاتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى باشقىلار كۈلكە بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئىككى غەيرىي ئاۋازنى ھېچكىم سەزمەي قالدى. ياسىنجان ئورنىدىن دەست قوپتى-دە، ئالدىدىكى داستىخاننى ئاتلاپ ئۆتۈپ،

خۇدايىم بەرگەن پۇت بىلەن تالاغا ئاراننلا ئۆلگۈردى.

شۇ كۈنى ياسىنجاننىڭ خوتۇنى مىجەزىم بولماپۋاتىدۇ، دەپ چاي ئاخىرلاشمايلا ئېرىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. ئەر-خوتۇننىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى جېدەل يولدىلا باشلاندى.

— چاي ئەمدى قىزىۋاتقاندا نېمە بولدى ساڭا، مىجەزىڭ قوداڭشىپ قالدىغۇ؟ — دېدى ياسىنجان خوتۇنىغا.

— ئادەممۇسىز، ھايۋانمۇ؟ — دېدى ياسىنجاننىڭ خوتۇنى، — يەنە مەندىن نېمە بولدى، دەپ سوراپسىزغۇ. ئارقىڭىزغا ئىگە بولالمايدىغان ئادەم سىزگە چاي ئويناپ نېمە كەپتۇ. خەقنىڭ ئالدىدا مېنىمۇ قوشۇپ شەرمەندە قىلماقچىمىدىڭىز يا. ئۆيدىغۇ ھېچقايسىمىزنى كۆزگە ئىلماي قىلىقلا بولسا قىلىسىز.

— ئاشۇ قورداقتىكى ياگيۇنى يېمەي دېۋېدىم، — دەپ غودۇڭشىدى ياسىنجان.

— قورداقتىكى ياگيۇنى سىزدىن باشقا ئادەم يېمەيتتىمكەن. ئۇسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە دېگەن شۇ. بولدى، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىلەن چاي دېگەنگە بارمايمەن.

— خوتۇن، مەن ۋەدە بېرەي.

— ۋەدىڭىز قۇرۇسۇن. ھېلىمۇ ئۇلار بۈگۈن كۆلكىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بىلەن ئاڭلىماي قالدى. ئاڭلىغان بولسا بۇ شەرمەندىچىلىك ئەتىلا پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلاتتى. ئۇ چاغدا مەن كىمنىڭ خوتۇنى دېسە، ياسىن ئۇسۇرغاقنىڭ خوتۇنى دېگەن نامنى ئېلىپ يۈزۈمنىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيتتىم.

## 3

ئەر-خوتۇننىڭ تەگشى ئۆيگە كىلىپمۇ توختىمىدى.

— توۋا! — دەپ قايناپتتى ياسىنجاننىڭ خوتۇنى، — تېخى يانپىشىنى چىمدىسام «نېمە بولدى؟!» دەپ ماڭا گۈلىيىۋاتقىنىڭنى ئېيتمايمۇ. چىمدىۋالمىغان بولسام ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلارنىمۇ پىلىموتتەك قويۇۋەتمەكچىمىدىڭىز؟ سىزنىڭچۇ مۇشۇ ئۆيدە قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىڭىزمۇ قىلىق ئەمەس.

— ھوي، ئەمدى بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيىغۇ؟!

— ئۆي دېگەن ئارقىدىن كەلگەن ھەممە نېمىنى قويۇپ بېرىۋېرىدىغان خالا جاي ئەمەستە! ئۆيدە مۇشۇنداق قويۇپ بېرىۋېرىپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، باشقا يەرگە بارغاندىمۇ ئىگە بولالمايدىغان گەپ!

— بۇ گېپىڭ توغرا، — دەپ قايىل بولدى ياسىنجان، — بولدى، مەن بۈگۈندىن باشلاپ قورسىقىم چىڭقىلىپ يېرىلىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ تالاغا چىقىپ ئادەتلىنەي...

ياسىنجان شۇنداق دېدى-دە، تالاغا قاراپ ماڭدى.

ياسىنجاننىڭ خوتۇنى نېمە ئىش بولدىكىن، دەپ ھەيران بولۇپ تۇراتتى. ھويلىدىن تارتتارتلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ياسىنجاننىڭ قورسىقىنى ھېلىقى قورداقنىڭ ياگيۇرى تېخىچە بىئارام قىلىۋاتاتتى. ياسىنجاننىڭ خوتۇنى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى، بۇ كۈلكە بىلەن ئۇتتۇرىدىكى جىددىي كەيپىيات خېلى يېنىكلەپ قالدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ياسىنجان راستىنلا

ئۆيدە زادىلا ھېلقىدەك يەل قويۇۋېتىدىغان ئىشنى قىلمايدىغان بولدى. يەل كېلىۋاتقانلىق شەپىسى بىلىنسە، دەرھاللا ئورنىدىن قوپاتتى-دە، باللىرىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ تالاغا قاراپ ماڭاتتى. ياسىنجاننىڭ ئايالمۇ ئېرىنىڭ بۇ مۇلايىم پوزىتسىيىسىنى كۆرۈپ، چايغا بارمايمەن، دېگەن ئاچچىقىدىن يېنىپ قالدى. خەقنىڭ چېيىنى ئىچىپ، چايغا بارمايمەن دېسە، ئۆزى چاي بېرىشتىن قاچقاندەك ئىش بولىدۇ-دە!

ئىككى-ئۈچ چاي تىنچ ئۆتتى. ياسىنجان ئۆزىگە ھوشيار بولۇپ، خۇدايىم بەرگەن پۇت بىلەن تالاغا ۋاقتى-ۋاقتىدا چىقىپ-كىرىپ يۈرۈپ ھېچقانداق مەسىلە چىقارمىدى. شۇ ئارىدا ياسىنجان تۇرۇشلۇق يېزىغا يېڭىدىن بىر يېزا باشلىقى يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. باشقىلارنىڭ بۇ يېزا باشلىقى قانداقراق ئادەمدۇ؟ دەپ ئۇنىڭ بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئارىدىن بىرەيلەن ۋەدە قىلىپ:

— بولدى، ئاغىنىلەر، يېزا باشلىقىنى كېلەر قېتىم ئۆزۈم چايغا باشلاپ كېلىپ ھەرقايسىڭلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن،— دەپ مەيدىسىگە ئۇردى.

كېلەر قېتىمقى چايدا ئۇ يېڭى يېزا باشلىقىنى راستىنلا باشلاپ كەلدى. يېڭى يېزا باشلىقى گەپنى ئاز قىلىدىغان، ئۆزىنى تۇتقان، سالاپەتلىك ئادەم ئىكەن. يېزا باشلىقىنىڭ سۈرىدىن شۇنداق بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ قېتىمقى چاي ئانچە قىزىماي قالدى. يېزا باشلىقى تۆردە كېرىلىپ ئولتۇرغاچقا باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى تازا ئەركىن بولالماي قالدى. ئارىنى قانداقتۇر بىر ئۆزئارا ياتسىراش كەيپىياتى بېسىپ تۇراتتى. ئىككى-ئۈچ رومكا ئىچكىنىدىن كېيىن بۇ يېزا باشلىقىنىڭمۇ گېپى ئاۋۇپ قالدى. ئۇ دۇنيا ۋەزىيىتى، ئىچكى ۋەزىيەت، ئىلگىرى ئىشلىگەن ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق يۈرۈشتۈرۈۋەتكەنلىكى، بۇ يېزىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاش ئۈستىدە نۇرغۇن باش قاتۇرۇۋاتقانلىقى، چوڭ قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئوقۇۋاتقانلىقى، ئايالىنىڭ قان بېسىم كېسىلىنى ئاشكۆكنى دەملەپ بېرىپ ساقايتقانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى لېكسىيە قىلغىلى تۇردى. باشقىلار ھۆرمەت ئۈچۈنلا ئۇنىڭ سۆزىنى ھە-ھە دەپ ئاغزىغا قاراپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى. خوتۇنلار قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى توراپ ئەسنەشكىلى تۇردى. ياسىنجانمۇ ئارقىسىغا سۈرۈلۈپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. بۇ چاغدا يېزا باشلىقى: ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى يېرىم سائەت دالىدا يۈگۈرۈيدىغانلىقى، بۇنىڭ سالامەتلىككە ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا لېكسىيە قىلىۋاتاتتى. ئۇ تارت قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئەتراپىغا قارىدى. ياسىنجان بىچارە ئۇيقۇلۇقتا ئۆزىنى ئۆيدە دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، بايىقىغا ئۇلاپلا ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچىنى بىراقلا چىقىرىۋەتتى. ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ياسىنجان چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپىغا قاراپ، خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن غەزەپلىك كۆزىدىنلا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئاڭغىچە بىر-ئىككىيلەن:

— ياسىنجان، ئارقا تەرىپىڭلىدە ئاق بالداق ئېتىۋاتامسىلە قانداق؟

— ئىشتاننىڭ ئىچىگە پىلمۇت ئورنە-
تىۋالدىڭلىمۇ يا؟ — دەپ چاقچاق قىلىپ
ئۇلگۈردى.
ياسىنجان ئۆپكىدەك قىزارغىنىچە
ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، تالاغا قاراپ
ماڭدى. ياسىنجاننىڭ ئايالى بولسا ئېرىنىڭ
ئارقىسىدىن بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنى
قىزىرىپ-تاتىرىپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋەردى.
چۈنكى ئۇمۇ قوپۇپ چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن بولىدىغان غەيۋەت تېخىمۇ
كۆپىيىپ كېتەتتى.

## 4

ياسىنجان ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتات-
تى. ئۇ بولغان سەتچىلىككە ناھايىتى نومۇس
قىلغانىدى. بۇ چايدا ئەر-ئايال بىرمۇنچە
ئادەم تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭى كەلگەن
يېزا باشلىقىمۇ شۇ يەردە تۇرسا... دېمەك،
ياسىنجاننىڭ قىلغان سەتچىلىكى ئەتىلا پۈتۈن
مەھەللىگە، ئەر-ئايال ھەممىسىنىڭ ئىچىگە
پۇر كېتىدۇ. ئەمدى ئۇ قانداق بېشىنى
كۆتۈرۈپ يۈرسۇن...
ياسىنجان ھويلىغا كىرىپ، ئۇدۇل
ئىسكىلات ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆينىڭ
چىرىغىنى يېقىپ، قاتتىق-قۇرۇقلارنىڭ ئىچى-
دىن بىر تال سۇلياۋ ئارغامچىنى تارتىپ
چىقاردى. ئاندىن بىر ئورۇندۇقنى پۈتىغا
قويۇپ چىقىپ لىم ياغاچقا ئارقانىنى سىرتماق
قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، سىرتماقنى بوينىغا سالدى.
ئەمدى پۇتىدىكى ئورۇندۇقنى بىرنى تېپىپ
ئۆرۈۋەتسىلا تورۇسقا پولاڭلاپ ئېسىلىپ جان
بېرەتتى. بۇ دۇنيانىڭ پىتنە-پاسات،
خورلۇقلىرىدىن، باشقىلارنىڭ سەت ھەجىيىپ
مەسخىرە قىلىشلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلاتتى.
لېكىن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئىسكىلات
ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە تاشلاپ قويۇلغان
دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا چۈشتى. ياسىنجان
ئەنە شۇ سايمانلار بىلەن خوتۇن-بالىلىرى-
نى گۈلدەك بېقىپ كەلگەنىدى. تېخى
مۇشۇ ئەتىيازدىلا ئۇ بەش ياشلىق ئوغلىنى
ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ نەمخۇش يەرگە
ئۇرۇق چاچقان، ئوغلى قارا چىلان توپىنى
كېچىپ يۈگرەپ، ۋىلىقلاپ كۈلگەن...
ياسىنجاننىڭ ئايالى چايدىن قايتىپ
كېلىپ، ئىسكىلات ئۆينىڭ چىرىغىنىڭ يورۇق
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.
ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ ھاڭقىرغاي ئوچۇق تۇراتتى.
ياسىنجاننىڭ ئايالى ئىشىك ئالدىغا يېتىپ
باردى-دە، ئېرىنىڭ تورۇستا ئېسىقلىق
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرلا چىرقىرىغىنىچە
ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتتى.
ئايال ئېرىنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ، دەپ
قالغانىدى. لېكىن، ياسىنجان بولسا ئورۇن-
دۇقنى دەسسەپ تۇرۇپ بوينىنى سىرتماققا
سالغىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى، ئۇنىڭ
كۆزىمۇ تېخىچە تۆشۈكتەك پارقىراپ تۇراتتى.
ئايالىنىڭ ئوڭدا چۈشكىنىنى كۆرگەن
ياسىنجان ئالمان-تالمان بوينىدىكى سىرتماق-
نى ئېلىپ تاشلاپ بېرىپ ئايالىنى يۆلىدى...

## 5

ياسىنجان ئايالىنى ئۆيىگە كۆتۈرۈپ
ئېلىپ كىرىپ، يۈزىگە مۇزدەك سۇ چاچتى.
ياسىنجاننىڭ ئايالى ئەندىكىپ كۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ئېچىپ، ئېرىنىڭ بېشىدا سالامەت تۇرغانلىقى-نى كۆرۈپ، ئېرىگە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— ۋاي ياسىنجان، خۇدايىم ساقلاپ ساقكەنسىزغۇ؟ مەن تېخى سىزنى...

— سەن راست ئېيتىپتىكەنسەن، — دېدى ياسىنجان ئايالىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — مەن ئادەم ئەمەس، هايۋان ئىكەنمەن، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئالدىدا قىلغان سەتچىلىكىمنى كۆردۈڭمۇ! ئەمدى يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن. ئۇنىڭدىن ئۆلۈۋالاي دېگەنىدىم.

— خۇدايا توۋا دەڭ، ياسىنجان. ئۇششاق باللىرىمىز تۇرسا، خەقنى-نى سەت ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ يەنە يۈزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدۇ، سىزنىڭ قىلغىنىڭىز ناهايىتى بىر يەلغۇ؟!

ياسىنجاننىڭ ئايالى بۇ قېتىم ئېرىنى زادىلا ئەيىبلىمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىگە چاي دەملىدى. ئەر-خوتۇن تۈن يېرىمدىن ئاشقىچە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. ياسىنجاننىڭ ئايالى بايا ئېرىنى بويىنغا سىرتماقنى سالغان هالدا كۆرۈپ راستىنلا ئۆلۈۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ بەك قورقۇپ كەتكەنىدى. ئېرىنىڭ يېنىدا مۇشۇنداق سالامەت ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق بولدى.

— قىزىقكەنسىز ياسىنجان، — دەيتتى ئۇنىڭ ئايالى، — ئەر كىشى دېگەن شۇنچىلىك ئىشنىمۇ كۆڭلىگە شۇنچە قاتتىق ئالامدۇ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن... — دېدى ياسىنجان، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ يەردە يىگى كەلگەن يېزا باشلىقى ئولتۇرسا...

— ۋاي ئۇ يېزا باشلىقى ئۇنچىلىك ئۇششاق ئىشلارنى زىغىرلاپ كېتىدىغان ئادەم ئەمەسكەن. ئوقۇغان ئادەم دېگەن يەنە باشقىدە. سىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن...

— هە، مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەردە نېمە گەپ-سۆزلەر بولدى؟

— هەممىسلا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆيىنى بېشىغا كەيدى. كۈلدۇ، خۇددى مەن ئوسۇرۇپ قويغاندەك هەممىسى ماڭا قارىشىدۇ.

— مانا مۇشۇنداق ئەمەسمۇ!

— مەنمۇ چاندۇرماي، خەق بىلەن تەڭ كۈلۈپ ئولتۇرۇۋەردىم. مېنىمۇ بىخوتلۇق بېسىپتۇ دەڭە. شۇ چاغدا مەن هېلىقى يىگى يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى بىلەن تونۇشۇپ قوياي دەپ ئۇنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ كېتىپ قاپتىمەن. يېنىڭىزدا قىمىرلىماي ئولتۇرغان بولسام، بىرىنچى تارتىنى چىقارغان ۋاقتىڭىزدىلا يانپىشىڭىزنى تازا بىر چىمدىۋېتەتتىم. ئىش مۇنچىلىكمۇ يوغناپ كەتمەيتتى. ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. ئېرىم بىلەن تەڭ مەنمۇ چىقىپ كەتسەم، ئارقىمىزدىن بۇ خەق نېمە گەپلەرنى دېيىشىپ كېتەر دەپ، چىداپ ئولتۇردۇم. شۇ چاغدا هېلىقى يىگى كەلگەن باشلىق نېمىلەرنى دېدى دەڭ.

— هە، نېمىلەرنى دېدى؟

— «بۇ ئىشقا ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمەڭلار، كىشى بار يەردە بايقىماي بىرەر-يېرىمنى ئۇنلۇكرەك چىقىرىپ قالىدىغان ئىشتىن خالىي بولماق تەس» دەپ مۇنداق بىر ۋەقەنى هېكايە قىلىپ بەردى. يىگى يېزا باشلىقى ئىلگىرى ئىشلىگەن ئورنىدا

www.uyghurkitap.com



باشلىقلار بىلەن ئەر-خوتۇن چاي ئۇينايدىكەن. بىرقېتىملىق چايدا خېلى ئابرويلۇق بىر باشلىق ساھىبخان سۇنغان چاينى ئالماي دەپ ئورنىدىن قوزغىلىشىغا تارتىلا قىلىپ بىرنى چىقىرىۋېتىپ قاپتۇ. باشلىق ئەتراپقا قاراپ بىر ئالىيشى بىلەن ھېچكىم كۈلۈشكە پېتىنالماي، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا يەنە بىر باشلىقنىڭ خوتۇنى كۈلكىسىنى ئىچىگە پاتۇرالماي بەك چىڭقىلىپ كەتكەنمۇ، غىڭ قىلىپ تازىمۇ ئىنچىكە ئاۋازدا بىرنى چىقىرىۋېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈلەلمەي چىڭقىلىپ ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ ئۆينى بېشىغا كىيىشىپتۇ...

— يالغان، — دېدى ياسىنجان، — يېڭى باشلىق سېنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماق بولۇپ يالغاندىن شۇنداق ھېكايە توقۇغان گەپ. ئۇنداق ئارقا-ئارقىدىن يەل قويىدىغان ئىش نەدە بار؟

— ئىشقىلىپ، يېڭى باشلىق شۇنداق دېدى. باشقىلارمۇ، راست، چىڭقىلىپ كەلگەن يەلنى سىڭدۈرۈۋەتكىلى بولامدۇ؟ دەپ قايىل بولۇشتى.

ياسىنجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چايدا ئولتۇرغانلار راست يوقىرىقىدەك گەپنى قىلدىمۇ-قىلمىدىمۇ، بىزگە نامەلۇم. ياسىنجاننىڭ خوتۇنى ئېرىنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق مەزمۇندا خېلى گەپ-سۆزلەرنى قىلدى. ياسىنجان ئۆلۈۋالمەن، دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسىمۇ، شۇ ئىشتىن كېيىن چايغا بېرىشقا زادى ئۇنىمىدى. ئېرى بارمىغاندىن كېيىن ياسىنجاننىڭ ئايالىمۇ ئىلاجىسىز چايدىن قالدى. ياسىنجاننىڭ ئايالى ئېيتقاندەك، بايقىماي بىرەر قېتىم يەل قويۇۋېتىش دېگەن قانچىلىك گەپ ئىدى. لېكىن، مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇلار چايغا بارمايلا قويۇۋېدى، «ياسىنجان پالانچىنىڭ ئۆيىدە بولغان چايدا بىرنى ئۇسۇرۇپ قويۇپ، شۇ خىجالەتچىلىكتە ئەر-خوتۇن چايغا بارماسلا بوپتۇ» دەپ، بۇ گەپ سىرتقا تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر ياسىنجاننى كۆرسە كۈلۈپ قوياتتى. يەنە بەزىلەر ئۇنى ياپما گەپلەر بىلەن چېقىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ياسىنجان خەققىمۇ ئانچە ئارىلاشماس بولۇپ قالدى.

## 6

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىتمۇ ئۆتمىگەن ئىدى. بىر كۈنى يېڭى يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى ياسىنجانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. يېزىدىكى بۇ بىرىنچى دەرىجىلىك خېنىمنىڭ ئۆز ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ياسىنجاننىڭ خوتۇنى خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. مېھماننىڭ ئاستىغا قوشلاپ كۆرپە سالدى. دەرھال چاي دەملەپ، ئۈستەلنى يەل-يېمىش، تاتلىق-تۈرۈملەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى.

— ۋاي، نېمانچە ئاۋارە بولىدىغانسىز، — دەپ ئۆزرە ئېيتاتتى يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى، — مەن مۇنداقلا ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كىرگەنىدىم. بولدى رەھمەت، ناۋات سالماڭ، مەن تاتلىق يېمەيمەن.

— ئەمسە قېنى، يەل-يېمىشلەردىن

بولسىمۇ ئېلىك.

— قېنى، ئۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇڭ، بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز.

ياسىنجاننىڭ ئايالى مېھماننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئالدىرىماي چۈشەندۈردى.

— بىزنىڭ ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە سىزنىڭ ياسىنجان يېقىپ قاپتۇ. كۆڭلى تۈز ئادەمكەن دەپ دائىم گېپىنى قىلىدۇ.

— ۋاي بۇ بىزنىڭ ئادەمنىڭ نومۇسچانلىقىنى دېمەمسىز، — دېدى ياسىنجاننىڭ ئايالى، — خۇددى ھېچكىم قىلمىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويغاندەك، ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ھېچكىمگە ئارىلاشمايلا قويدى.

— ھە، بىزنىڭ ئادەممۇ شۇ گەپنى قىلىدۇ، — دېدى يېزا باشلىقىنىڭ ئايالى، — ياسىنجان بەك نومۇسچان ئاغىنە ئىكەن. مەن مېھمانغا بارغان يەرلىرىمگە بىللە ئاپىرىپ، كۆڭلىنى ئاچسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭ بۈگۈن بۇياققا كېلىشىم بىزنىڭ ئادەمنى قوشنا يېزىنىڭ باشلىقى مېھمانغا چاقىرغانىكەن. ياسىنجاننى بىللە ھەمراھ بولۇپ بېرىشىپ بەرسە دەيدۇ. كىچىك ماشىنىدا بېرىپ كېلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياسىنجاننىڭ ئايالىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. ھەرنېمە بولسا دوست-دۈشمەننىڭ ئالدىدا كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، يېڭى يېزا باشلىقىغا ھەمراھ بولۇپ مېھمانغا بېرىش دېگەن كىچىك شەرەپ ئەمەستە!

— بارىدۇ، ياسىنجان چوقۇم بارىدۇ، — دەپ ئېرى ئۈچۈن ۋەدە بەردى ياسىنجاننىڭ ئايالى، — مەن ھازىرلا بالىلارنى ئەۋەتىپ ياسىنجاننى ئېتىزدىن چاقىرتىپ كېلەي.

ياسىنجاننىڭ ئايالى مېھماننى ئۇزىتىۋېتىپ، ئېتىز بېشىغا ئۆزىلا يۈگۈرۈپ باردى ۋە بولغان گەپنى ياسىنجانغا چۈشەندۈرۈپ:

— بولۇڭ-بولۇڭ. ھازىرلا ئۆيگە قايتىپ، يۇيۇنۇپ، ئۈستىبېشىڭىزنى يەڭگۈشلەڭ، — دەپ ئالدىراتتى.

— بولدى، چاي-پاي، مېھماندارچىلىق دېگىنىڭگە ئاغزى-بۇرنۇمغىچە تويدۇم، — دېدى ياسىنجان ئۇنىماي، — مەن «ئوسۇرغاق» دەپ نام ئالغان ئادەم بولغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئاسمىنى كەڭ ئېتىزدىلا يۈرەي.

— بىر ئوغۇلبالىدەك گەپ قىلىڭە! — دەپ تېرىكتى ياسىنجاننىڭ ئايالى، — پۈتۈن بىر يېزىنى سوراۋاتقان يۇرت ئاتىسى سىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ مېھمانغا چاقىرسا، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ تىلىڭىزنى چايناپ تۇرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟!

ياسىنجاننىڭ ئايالى ئېرىنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. يۇيۇندۇرۇپ، يېڭى بىر قۇر كىيىمنى كىيگۈزدى. راست دېگەندەك كەچكە يېقىن ياسىنجانلارنىڭ ئىشكى ئالدىغا بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ توختىدى. ياسىنجاننىڭ بىردىنلا مۇنداق چوڭ ئېتىبارغا ئېگە بولۇپ كېتىشى ياسىنجان تونۇشلۇق كىچىك كەنتتىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

7

يېڭى يېزا باشلىقى ياسىنجاننى باشلاپ بارغان مېھماندارچىلىقنى ھەقىقەتەنمۇ كاتتا زىياپەت دېسە بولاتتى. قوشنا

يېزىنىڭ باشلىقى بۇ زىياپەتكە ئەتراپتىكى بىرقانچە يېزىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن باشقا يەنە ناھىيىدىنمۇ بەزى مېھمانلارنى چاقىرغانىدى. مېھمانلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق سازەندىلەرمۇ بار ئىدى. زىياپەت ناھايىتى قىزىدى. ئۇزۇندىن بېرى ئېتىز بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىسىدىلا يۈرۈپ زېرىككەن ياسىنجاننىڭ خېلى كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىراق، زىياپەت ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا يۈز بەرگەن بىر ئىش ياسىنجاننىڭ كۆڭلىنى يەنە غەش قىلىپ قويدى.

مېھمانلار ئىچىپ خېلى تەڭشىلىپ قالغانىدى. ساھىبخان مۇشۇ بىر بوتۇلكا ھاراق تۈگەپ كەتسۇن، دەپ ھەر بىر كىشىگە ئۆز قولى بىلەن بىر رومكىدىن ھاراق قۇيۇپ سۇنۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا ياسىنجاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يېڭى يېزا باشلىقى ھاراقنى ئالىمەن دەپ ئورنىدىن قوزغىلىشى بىلەنلا ئارقىسىدىن تارتىلدە قىلغان بىر سەت ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن بۇ ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز ياسىنجاندىن ئەمەس، ھاراققا قول سۇنۇۋاتقان يېڭى يېزا باشلىقىدىن چىققانىدى. ياسىنجان بولسا ئۆزىگە باشتىن-ئاياغ ئاگاھ بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقان ئىدى. لېكىن يېڭى يېزا باشلىقى ئارقىسىدىن ھېلىقى ئاۋاز چىقىشى بىلەنلا ئىتتىك ئارقىسىغا قاراپ:

— بەللى، ياسىنجان! — دېۋىدى، بۇ ئىش ياسىنجانغا دۆڭگىلىپ قالدى.

ھەممە پاراقىدە كۈلۈشۈپ ياسىنجانغا قارىدى. ياسىنجان ئۆپكىدەك قىزىرىپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— بەللى، بەللى! — دەپ چاقچاق قىلدى يېڭى يېزا باشلىقىغا باشقا يېزىلاردىن كەلگەن باشلىقلار، — باياتىن بېرى بىز كىمنى باشلاپ كەلدىكىن دېسەك، سازەندىدىن بىزنى باشلاپ كەپتىكەنسىلدە!؟

— ھە، ھە، چوڭ گەپ يوق، — دېدى يېزا باشلىقى قولىدىكى رومكىنى پىرقىرىتىپ تۇرۇپ، — بۇ ياسىنجاننىڭ مۇشۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئانچە-مۇنچە غىجەك چېلىپ قويىدىغان ھۈنىرى بار.

ياسىنجانغا خىجالەتچىلىكتە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولدى. يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ كېتەي دېسە، ئۇ بارىدىغان ئۆي يىراقتا قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلەمگە چىداپ ئولتۇردى.

ماشىنىدا قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئارىدىكى سۈكۈتنى يېڭى يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇزدى.

— دېمىگىلا ئىچىڭلىغا چۈشۈپ كەتتىغۇ، ياسىنجان؟

— ئەمدى بايىقى ئىشنىڭ ماڭا دۆڭگىلىپ قالغىنىنى دەيمىنا! — دېدى ياسىنجان.

— گەپنىڭ توغرىسىنىلا ئېيتسام، — دېدى يېزا باشلىقى، — سىزدە بار كېسەل مەندىمۇ بار دەڭە. ھېلىقى كۈنى چايدا تارتىلدە ئاۋاز چىققاندا مېنىڭ چۈچۈپ ئەتراپىمغا قارىغىنىم شۇ. شۇ چاغدىمۇ دەسلەپكىسى مەندىن چىقتى. كېيىنكىلىرى سىزدىن چىقتىغۇ، دەيمەن؟ ھېلىمۇ ياخشى نەغمىنىڭ ئاخىرىنى سىز داۋاملاشتۇرغاچقا مەن سەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. سىز

www.uyghurkitap.com

مۆگدەپ ئويغانغاچقا قايسى ئاۋاز قاياقتىن چىقتى، پەملىيەلمەي قالدىڭىز. شۇ چاغدىلا مەن ھە، ياسىنجاننى يان تاياق قىلىۋالسام بولىدىغان گەپكەن، دەپ كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئەمدى ماڭا قاراڭ، مەن دېگەن بىر يۇرتنىڭ چوڭى. خەق مېھمانغا چاقىرىپ ھالىمنى قويمايدۇ. باراي دېسەم ھېلىقى كېسەل، بارماي دېسەم بارغۇم كېلىدۇ. ئەمدى سىز ھامىنى ئوسۇرغاق دېگەن نامنى ئالدىڭىز. بىزدە «تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول» دېگەن بىر گەپ بار. بۇنىڭدىن كېيىن مېھمانغا چاقىرغان يەرلەرگە سىزنى بىللە ئاپارسام. يېنىمدا مىدىرلىماي بىللە ئولتۇرسىڭىز. مېنىڭدىن ئۇقۇشماي ھېلىقىدەك غەيرىي ئاۋازلار چىقىپ كەتسە ئېغىر كۆرمەي ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز... يىغىپ ئېيتقاندا، ئاغىنە بولغاندىن كېيىن، بىر-بىرىمىزنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرسەك دېمەكچىمەنغۇ. مانا، يېقىندا ئەزالارغا يېڭىدىن جايلىق يەر كەسمەكچى. مەن كەنت باشلىقىغا ئېيتىپ قوياي. سىزنىڭ ھېلىقى كىچىك ئوغلىڭىزغىمۇ بەش پۈڭ يەر كېسىپ قويسۇن. بۇ گەپلەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالسۇن-ھە!

يېزا باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ياسىنجان ئۆزىنى ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بىر تۇرۇپ بۇ ئىش ئۇنىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ياسىنجاننىڭ يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزىنى نېمە مەقسەتتە ھەمراھ قىلىپ مېھماندارچىلىققا ئاپارغانلىقىنىڭ سىرىنى ئايالىغا ئېيتىشقا يۈزى چىدىمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك ياسىنجان يېزا باشلىقىغا ھەمراھ بولۇپ، كىچىك ماشىنىدا غادىيىپ ئولتۇرۇپ مېھماندارچىلىققا بارىدىغان بولدى. بارغان يەردە يېڭى يېزا باشلىقى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىر يەردە — تۆردە ئولتۇرغۇزاتتى. ئولتۇرۇش تازا قىزىغاندا يېزا باشلىقى ئۇقۇشماي بىرەرنى قويۇۋېتىدىغان بولسا، ياسىنجان ئارقىدىنلا ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋازلىقراق بىرنەچچىنى قويۇۋېتەتتى-دە، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى ياسىنجان بولۇپ قالاتتى. مۇنداق «ھەمكارلىق» نىڭ سىرى ئاز ئۆتمەيلا كۆپچىلىككە مەلۇم بولۇپ قالدى. لېكىن، ياسىنجاننىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يېڭى يېزا باشلىقىنىڭ ئەيىبىنى ئۈستىگە ئېلىۋاتقاچقا ھېچكىم باشقىچە بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمايتتى. بەزىلەر ياسىنجاننىڭ ئارقىسىدىن:

— قاراڭلار، ياسىنجان يەل گۇمپىسىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈۋاتىدۇ جۇمۇ! ئولتۇرۇشى كىچىك ماشىنا. كۈندە مېھماندارچىلىق، بىكار تاماق، بىكار ھاراق، — دېيىشىپ قوياتتى.

دېمىسىمۇ ياسىنجان بارغانسېرى ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ، يەلنىڭ ئاۋازىنى يېڭى يېزا باشلىقىنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقىرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ھەتتا يەل چىقىرىشنىڭ ئالدى-كەينىدە باشلىقنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ پەملىۋالغانىدى. يېڭى يېزا باشلىقىمۇ ياسىنجاندىن ناھايىتى رازى ئىدى. دۆگەپ قويىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇ ھەرقانداق سورۇندا ئىشەنچلىك،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تارتىنماي قويۇپ بېرىۋېتەتتى. ئۆزىگە مۇنداق قولاي پۇرسەت يارىتىپ بېرىۋاتقان ياسىنجاننى ئۇ كادىر قىلىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ئەمەل بېرىشنى ئويلاشتى. بەلكىم ئۇ ئەمەلنىمۇ بېرەتتىمىكىن، شۇ ئارىدا بولغان بىر ۋەقە ئىشنى بۇزدى.

8

بىر قېتىم يېڭى يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزى ئۆيىگە مېھمان چاقىردى. ناھىيىدىن، شەھەردىن چىققان بىرقانچە ئەزىز مېھمانلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بۇ مېھماندارچىلىقنىڭ دەرىجىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولدى. سازەندىلەر ئاجايىپ نەغمىلەرنى قىلىشتى. ئىچىشۋازلىقمۇ يېتەرلىك بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا مېھمانلارغا نارىن تارتىلدى. يېڭى يېزا باشلىقى ئايالى كۆتۈرۈپ كىرگەن بىر تاۋاق گۆشنى ئايالىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئېگىشىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇنداق بىر سەت ئاۋاز چىقىپ كەتتىكى، ھەممە دەسلەپتە تېگىرقاپ يېڭى يېزا باشلىقىغا قاراپلا قالدى. يېڭى يېزا باشلىقىنىڭ كۆزى ياسىنجاندا ئىدى. ياسىنجان بولسا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ، مېھمانلارنىڭ قاتارىدا ئۇبداتلا ئىچىپ مەست بولغاچقا، ئۇمۇ يېڭى باشلىققا مەنسىز ھېجىيىپ قاراپلا تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مېھمانلارنىڭ كۆلكىسى ئۆيىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. يېڭى يېزا باشلىقمۇ مېھمانلار بىلەن تەڭ ئىچىپ ئۇبداتلا قىزىۋالغان ئىدى. ئۇ ئاچچىقىدا بېرىپ ياسىنجاننى كارنىيىدىنلا ئالدى-دە، سۆرەپ دالان ئۆيگە ئېلىپ چىقتى.

— ھوي تۈزكور، سەنمۇ مېھمانلارنىڭ قاتارىدا ماڭا قاراپ ھېجىيىپلا تۇرسەنغۇ، مەقسىتىڭ مېنى شەرمەندە قىلىشمىدى؟

تارىس قىلىپ تەگكەن بىر كاچات ياسىنجاننىڭ مەڭزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. ياسىنجان ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم سەنتۈرۈلۈپ كەتتى-دە، ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ، ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

بۇ بىر كاچات ياسىنجانغا ھەققەتەن ھار كەلدى. خەقنىڭ ئەيىبىنى ئۈستىگە ئالمىغانلىق «گۇناھى» ئۈچۈن تاياق يېيىشى كېرەكمۇ؟ بۇ ئالەمدە ئادالەت دېگەن نېمە بارمۇ-يوق؟ شۇ ئەلەمدە ئۇئەتىسىلا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەرز يازدى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى بىر رەھبىرى كادىرنىڭ ناھەق ئادەم ئۇرغانلىق مەسىلىسىنى مۇھىم ئەنزىلەر قاتارىغا تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى. بىرلا تەكشۈرۈۋىدى، ئىش چوڭىيىدى. يېڭى يېزا باشلىقىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىگەن ئورۇنلىرىدىنمۇ قىلغان-ئەتكەن ئەسكىلىكلىرىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويىدىغان جىنايەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن چۇۋۇلۇپ چىققىلى تۇردى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

# خاتىرە ۋە ئەسلىمە

توختى سابىر

## جايالىق كۆڭۈللەردە

— يولداش تىيىپجان ئېلىيوف ھەققىدە ئەسلىمە

1964 - يىلى.

بۇ چاغدا مەملىكەت مىقياسىدا «سىنىپىي كۆرەش» مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇۋاتاتتى. بىز مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىن يازلىق تەتىلگە شىنجاڭغا قايتقان بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى مۇشۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپىمىز بويىچە قەشقەر ۋىلايىتىگە بەلگىلەندۇق. بىز قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپال گۇڭشېسى، يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن گۇڭشېلىرىدا ئۇدا ئىككى قارارلىق تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتىنى تۈگىتىپ، 1965 - يىل ئۆكتەبىردە پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل گۇڭشېسىغا كەلدۇق. بىزگە تىيىپجان ئېلىيوفمۇ قوشۇلدى. تەشكىل ئۇنى مەن بىلەن بىرگە شاپتۇل گۇڭشېسىنىڭ 1 - دادۈيىدىكى كالتەبازارغا تەقسىم قىلدى. مەن خىزمەت دۈيىنىڭ دۈيجاڭى، قوشۇمچە ياچېيكا شۇجىسى، تىيىپجان مۇئاۋىن دۈيجاڭ، ياچېيكا ھەيئىتى ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 1966 - يىل مايدا باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇزاققا قالمايلا ئۇنى يەنە ئۆز قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى.

مەن بۇ ئەسلىمەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن ئاشۇ كۆڭۈللەردىكى ئىككى ئىشنى كىتابخانلارغا ھېكايە قىلىپ بەرمەكچىمەن.

### تىيىپجاننىڭ لاچىنبايىنى دوست تۇتۇشى

1

تىيىپجان مۇئاۋىن دۈيجاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كونكرېت باشقۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تەقسىم قىلىپ بېرىلمىگەن. لېكىن ئۇ مەن «چېنىقىمەن»، «ئۆزۈمنى

www.uyghurkitap.com



ئۆزگەرتىمەن» دەپ دادۇيدە ياتقىلى ئۇنىماي، 3-ئىشلەپچىقىرىش دۇيى — قاسقانچى مەھەللىسىگە بېرىۋالدى. ئۇ يەردىمۇ تەلىم-تەربىيە كادىرلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ياتاقتا ياتماي، مال قوتىنىغا بېرىۋېلىپ، پادىچىلار بىلەن يېتىپ-قوپۇشتا، ئەمگەكتە، تاماقتا بىرگە بولدى. دادۇيگە ناھايىتى ئاز كېلەتتى.

بىز خىزمەتكە كىرىشىپ بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەن بىركۈنى تېيىپجان دادۇيگە مەجلىسكە كەلدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇ ماڭا:

— سىلىگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى. مەن بىر «دوست» تېپىۋالدىم، ئىسمى لاچىنباي، 60 ياشلاردا بار. تېنى ساغلام، تېتىك ھەم چىچەن ئادەم. مەن ئۇنى ئاكتىپ قىلايمىكىن دەيمەن. ئۇنى بىر جانلىق ئارخىپ، ماتېرىيال خالتىسى دېسە بولغۇدەك. گۇڭشې دائىرىسىدىكى ئىشلاردىن ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق. گەپ-سۆزى جايىدا. بەزىدە سىنىڭ راست، دەپ سەللا قوشلاپ قويسا، ئاشۇرۇۋېتىدىغان، پوچىلىق قىلىدىغان خۇيى باركەن، دېھقان ئەمەسمۇ؟ لېكىن شۇنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇكى،—دېدى ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ ئادەم كۆيدۈرگە ئەمەس. ئۇنىڭ نۇقسانلىرى ئۆگىنىپ كەتكەن ئىغىز، سىڭىپ كەتكەن مىجەز، ئادەتتىن بولۇۋاتقان ئىش. ياخشى يېتەكلىسەك بىزگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن.

— يېزىۋاتتىمۇ يۇرتلۇقلارنى تېپىپسىلە-ھە قارىي؟ — چاقچاق قىلدىم مەن.

— پۇ ئىپتىشتا بىزگە يېتىدىغاندەك ئەمەس، لېكىن بىر ئوبدان سۆزلەۋېتىپ گېپىگە «شەيتان» ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىكەن، — ئولتۇرغانلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— سىلىنىڭ مۇشۇ پىرىڭلار قالتىس جۇمۇ توختاخۇن، چۈشكەن ھامان قايىل بولىسىلەر.

— تىركە شەكلى بىزدە سىلىنىڭكىدەك مۆڭگۈز بولمىسا؟

— سىلىگە مۆڭگۈز كېرەك ئەمەس. سىلىنى قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. خالىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، خالىغان يەرگە مۆكۈنۈۋالالايسىلەر، شۇڭا سىلە ھەممىدىن خەتەرلىك.

بىز بىر پەس چاقچاقلاشقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى گېپىمىزگە كەلدۇق.

— بۇ ئادەمنى مەنمۇ ئاڭلىغان، — دېدىم مەن.

— ھازىر بىزگە مۇشۇنداق ئادەملەر كېرەك بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئەندىشلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەيدىغان ئادەم يوق. ھەر كۈنى مەجلىس ئېچىپ دېھقانلارنى سۆزلىتەلمىگەندىن كېيىن ئۆزىمىز سۆزلەپ كۈنىمىز ئۆتۈۋاتىدۇ. ھېلىمۇ لاچىنباي بار ئىكەن، بىرنېمىلەرنى دەپ مەجلىسنى ئازراق بولسىمۇ جانلاندۇرۇۋاتىدۇ. ئۇسۇل، تاكتىكىغا خېلى دىققەت قىلىدىغان ئادەمدەك تۇرىدۇ. بەزى گەپلەرنى ئايرىم يەردە دەيدۇ، —دېدى تېيىپجان ھەرىكەتتىنىڭ كېتىپ بېرىش

ئەھۋالنى لاچىنبايىنىڭ ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ.

— بۇ ئۇنىڭ تاكتىكىسى ئەمەس، قارىي، ئۇنىڭدىمۇ ئەندىشە بار.

— لاچىنبايغا يىلتىز تارتىپ باقايلىمۇ؟

— شۇنىمۇ مەندىن سورامتىڭلا؟ ئۆزۈڭلا بىكىتىڭلا.

— بىكىتسەمغۇ بىكىتەتتىم. لاچىنبايىنىڭ ئۆتمۈشىدە ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغان يەرلىرى بار، دېيىشىدۇ. سالماقراق بولايلى، دەپ سىلىدىن مەسلىھەت سورىغىنىم.

مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم. ئۇ ئاشۇ يىللاردا ھەرىكەت بولسىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇچۇقدىلىپ، يۈرەكئالدى بولۇپ قالغانلىقتىن، سەل ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى.

— بىز ئۇنى كادىر قىلىپ ئۆستۈرمىگەندىن كېيىن پايدىلانساق بولىدىغۇ؟ ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاتتۇقمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ھەرھالدا يىلتىزنى توغرا تارتالماي، گۈل ئورنىغا ئازغان ئۈنۈپ قالمىسۇن دەيمىنا.

— سىلە ئۇنى دوست تۇتۇپسىلەرغۇ، قوقماي ئىشلىتىڭلا.

— بىناپ باقايلى، دوستلۇققا يارىمىسا بولدى قىلمامدۇق. قانداق دەيسىلە؟

— قارىي، مۇنداق ئەمەستىڭلە، ئەجەپ زىغىرلايدىغان بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟

— مەن بۇ قېتىم بىر تەجرىبىنى يەكۈنلىدىم. ئاكتىپ بولغۇچىلار ھەققىي تۈردە پارتىيە، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغانلاردىن تاللانماي، شەخسىي غەرەزلىك، ئۆپكىسى يوق گۇپپاڭچىلاردىن بولۇپ قالىدىغان بولسا، تەنقىت ئوبيېكتى قىلىنغان ئادەمنىڭ جىنى قىينىلىپ كەتكەندىن تاشقىرى تەشكىلنىمۇ قىيناپ قويىدىكەن. شۇڭا ئاكتىپ بىلەن دوست بولۇپ قالماي دەيمىنا.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى گەرچە قىسقا بولسىمۇ ناھايىتى مەنىلىك ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ناھايىتى مۇرەككەپ، ئۇزۇن بىر مۇساپىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

2

— لاچىنبايىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى خېلى تەپسىلىي ئىگىلىدىم. ئۇنىڭدىن پايدىلانساق بولغۇدەك، ئاغىنىدارچىلىققىمۇ بولىدىكەن. لېكىن سىلە بىلەن بىزنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىمىزغا ئوخشاش ئاغىنىدارچىلىققا تۇشماسمىكىن، — دېدى تېيىپجان كېيىنكى قېتىم كەلگەندە گەپنى چاقچاققا بۇراپ.

— بىزنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىمىزغا ئوخشاش ئاغىنىدارچىلىققا تۇشىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس جۇمۇ قارىي؟ — دېدىم مەن.

— شەيتان بىلەن ئاغىنە بولۇپ باققان ئىنسانىنى بۇ ۋاقىتچە كۆرۈپ باققانمىدىڭلە، بىزمۇ بوش ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەنمىز جۇمۇڭلا؟

www.uyghurkitap.com



— ئالدار كۆسا دوست بوپتىكەنغۇ؟

— ئۇ چۆچەكنى كۆرۈپتىكەنسىلە-ھە؟

ئۇ لاچىنباينى ماڭا تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

— لاچىنباي — ئۇنىڭ لەقىمى ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئىسمائىل، فامىلىسى تۇراپ ئىكەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ بەزىلىرى، بۇ ئادەم ئۆتمۈشتە گومىنداڭنىڭ ئاخباراتچىسى بولغان، دېيىشىدىكەن. ئۆزىمۇ مەن ئۆتمۈشتە گومىنداڭغا «ئاخباراتچى» بولغان، ھازىر گۇڭچەنداڭغا ئاخباراتچىلىق قىلىمەن دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دەپ يۈرىدىكەن. مەن ئۇنى گەپكە سېلىپ باقسام، ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىدىن قارىغاندا، مەخسۇس ئاخباراتچى ئەمەس، «كۆز»، «قۇلاق» ئوخشايدۇ. گومىنداڭنىڭ ئاخباراتچىسى دېگەن سۆز رەسمىي ئىشپىيون دېگەن گەپ دەڭلە، ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ يەتمىسە كېرەك. بولمىسا بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرەمدۇ؟ لېكىن شۇغىنىسى كالتە بازارنىڭ ئۆتمۈش تارىخى بىلەن ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋالىنى ئۇنىڭدەك پىششىق بىلىدىغان ئادەم يوقمىش. نەدىن گەپ ئاچساڭلار شۇ يەردىن سۆزلەيدۇ. ھەتتا بۇ يەردىكى ئاتاقلىق ئادەملەرنىڭ ئەڭ نازۇك ئىچكى ئەھۋاللىرىنىمۇ بىلىدىكەن.

— ئۇ نېمىشقا لاچىنباي دەپ ئاتىلىپ قاپتىكەن؟ — سورىدىم مەن.

تىيىپجان سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— بەزىلەر بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا گومىنداڭ تەرىپىدىن قويۇلغان. لاچىن ئۇنىڭ مەخپىي بەلگۈسىمىش دەيدىكەن. يەنە بەزىلەر بۇ ئىسمنى ئۇنىڭغا يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرى قويغان. لاچىنباي بىر پومىشچىكنىڭ كېچىدە مال-مۈلۈك يۆتكەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن كادىرلاردىن بىرى بۇ ئادەم لاچىندەك ئۆتكۈر كۆزلۈك ئىكەن دەپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئىسىم بولۇپ سىڭىپ قالغان دەيدىكەن. ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى بولسا، ئۇ ناھايىتى چاققان، چىچەن بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىپ قالغان. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئاخشىمى چىقىپ كەتسە، كېچىچە قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، ئەتىسى سەھەرگە ئۈلگۈرۈپ كالتە بازارغا پەيدا بولاتتى، شۇڭا خەقلەر، لاچىندەك ئۇچامدۇ نېمە؟ دېيىشكەن. بۇ گەپ بىلەن ئۇ دەسلەپتە «ئىسمائىل لاچىن» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئىسمائىل چۈشۈپ قېلىپ، لاچىن بايغا ئۆزگىرىپ كەتتى، دېيىشىدىكەن. مەن مۇشۇ گەپ راستمىكىن دەيمەن. ھازىرمۇ پەيزىۋات ناھىيىسىگە باشقىلار 5-6 سائەتتە پىيادە بارسا، ئۇنى 2-3 سائەتتە بارالايدۇ دېيىشىدۇ.

— قارىي، خېلى كۆچ سەرىپ قىلىپسىلە جۇمۇ، — دېدىم قايىللىقىمنى بىلدۈرۈپ.

— ئۇ تېز ماڭسىمۇ كۆزگە كۆرۈنىدىكەن، بەزىلەر كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ يەنە چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ.

— گېپىڭلا تۇگەپتۇ-دە، — مەن ئۇنىڭ بىر مەزمۇندىكى گېپى ئاياغلاشقاندا چاقچاق ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ شۇنداق دېدىم.
— سىلىمۇ دېمە مەسىلە ؟
— سەل كۆشۈلاي.
— يېڭىلىق يوق.
— بولدى سىلەر يەڭدىڭلا. سىلەر راستىنلا شياۋدۈيدە چاقچاقلىشىدىغان ئادەم يوق ئىچىڭلا پۇشۇپ، لاچىنىنىڭ ئىشىنى باھانە قىلىپ مەن بىلەن چاقچاقلىشىشقا كەپتىكەنسىلە-دە؟
— ئۇنداق دېسەڭلە ئۇۋال قىلغان بولسىلە، گەپ ئارىسىدا توغرا كېلىپ قالدى.
— سىلىنىزە قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە، سۆرەمدىن چىقىرىپ قوشقا سېلىپ تۇرسا ئاندىن ياۋاشلايسىلە.
— مانا بۇ مەنىلىك گەپ بولدى ھەم كەلدى. لېكىن ھالاللىق ئۇچۇن قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە سالسىمۇ مەيلىدى، كۆك شۈپۈك بىلەن شۇيۇگدىمىسىلا بولاتتى.
بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن تۇس ئالدى.
— لاچىنباي نېمىلەرنى پاش قىلدى؟ — دېدىم مەن گەپنى بۇراپ. تېپىپچان ئۆز ۋاقتىدا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە كادىرلىرى ئىچىدە مودا بولۇپ قالغان شىرىق لاتا سومكىسىدىن بىر تۇتام ماتېرىيالنى ئېلىپ ماڭا بەردى. مەن كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن:
— بۇلارنى بىرمۇ-بىر قۇر رەتلەپ ئەكەلسەڭلا بولمامدۇ؟ — دېدىم.
— ئۆزۈڭلە رەتلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلا. مەن شېئىر يازغان بىلەن خەقنىڭ ئۈستىدىكى ماتېرىيالنى رەتلىيەلمەيمەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭلا؟
— ئاۋۇ كۈنى نېمە دېدىڭلا؟
— نېمە دېدىم. مەن دەرھال ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، — دېدىم. ئۇ چىرايىغا جىددىي ئاتۇس بېرىپ:
— 3-شياۋدۈينىڭ شياۋدۈيجاڭىنىڭ ماتېرىيالىنى رەتلەپ بولۇپ سىلىگە كۆرسەتسەم بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا، نېمە بۇ؟ بۇنداق ماتېرىياللارنى يېزىش شېئىر، داستان يازغانغا ئوخشاش گەپ تاللاپ، گەپ ئويىنىتىدىغان ئىش ئەمەس. پاكىتنىڭ تايىنى يوق، نېمە دېگەن تولا تەھلىل بۇ؟ دېدىڭلا، — ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سىلە باش دۈيجاڭ بولغاندىن كېيىن پىكىرنىمىز بولسا بەرسەك بولۇۋېرىدۇ، — دېدى.
— شۇنچىلىك ئىشقا ئەجەب قايناپ كەتتىڭلا غو؟
— شۇ كۈندىكى گېپىڭلاردىن قورسىقىم كۆپكەنتى. ئەسلى شۇ چاغدىلا دەۋالماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىدىم. ئەتراپتا بىرمۇنچە ئادەم بولغاچقا، سىلىنى دۇيجاڭ دەپ ئاياپ يول قويدۇم.
قانداق، ئۇسۇل جەھەتتە بىز سىلىدىن سالماق، ماھىرمىكەنمىز؟ شۇ كۈنى خەقنىڭ قىشىدا ئۆزۈڭلانى بىر كۆرسىتىۋالدىڭلار - ھە؟ — ئۇ ئەمدى گەپنى ماتېرىيال مەسىلىسىگە يۆتكىدى، — بۇ ماتېرىيالدا چىق گەپلەر بار. بۇ يالغۇز بىزنىڭ ئاكتىپىمىز لاچىنباينىڭ پاش قىلغانلىرى.

تېيىپجان شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ھەپتىگىچە دادۇيگە كەلمىدى. مەجلىس بار دەپ ئادەم ئەۋەتسەم، توختاخۇنغا دەپ قويۇڭ، ئۇنىڭ ئاچقان مەجلىسى بىز ئاچقانغا ئوخشاش. بىخىرامان ئېچىۋەرسۇن، دەپ چاقچاق سالىمى يوللاپتۇ. مېنىڭ ئەسلىدە ئۇنى كۆرگۈم كەلگەنىدى.

بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى.

— بەللى قارىي! سىلىنى ئەسلىدە يايلاققا قويۇۋەتمەيدىغان ئىشكەن، ياۋايىلىشىپ كەتتىڭلامۇ نېمە؟ — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— كۆرگۈڭلار كەپتۇ - ھە؟ بىز ئاغىنىلەرنى شۇنداق ئۆزىمىزگە مەپتۇن قىلدۇرالايمىز. مېنىڭمۇ سىلەنى كۆرگۈم كەلدى. سىلە پىرلەردىن بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ مەپتۇن قىلىسىلەدە، — دېدى ئۇمۇ چاقچاق قىلىپ. مەن كۆرۈۋاتقان ماتېرىيالىمنى تاشلاپ قويدۇم. ئىككىمىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— «يايلاق» ياخشى ئەمەس ئوخشامدۇ، ئورۇقلاپ كېتىپسىلە؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ جۇدەپ قارىداپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ.

— بىزا ئاساسىي قاتلامدا بۇنداق ئۇزاق تۇرۇپ باقمىغىلى خېلى زامانلار بوپتىكەن. بۇ يەردە قىلساڭلا قىلىدىغان ئىش ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئاساسىي قاتلام رەھبىرى بولۇشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەستەك تۇرىدۇ جۇمۇ توختاخۇن، — دېدى ئۇ چاقچىقىمغا پەرۋا قىلماي.

— تونۇگۇن پولو ئېتىپتىكەن، كېلەمدىكىن دەپ شۇنچە قارىسام كەلمىدىڭلا، سىلىگە بىر قاچا ئالدۇرۇپ قويغانىدىم. يېۋالامسىلە؟

— ياخشى قىپسىلە، پولو يېمىگىلى بىر ئايدىن ئېشىپتۇ، — دېدى خۇشال بولۇپ.

ئۇ قاچىدىكى ئاشنى تېزلا يەپ بولدى ۋە:

— كۆپرەك ئالدۇرۇپ قويساڭلار بولمامدۇ؟ — دېدى.

— تويمىدىڭلارمۇ؟

— مېيى بار ئەمەسمۇ.

— بىزگىمۇ شۇنچىلىك تەگكەن. تويمىساڭلار كېمىگە ھەلەپ يەڭلە.

— سىلىمۇ بوش كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭلا.

بىز بىردەم چاقچاقلاشقاندىن كېيىن تېيىپجان گەپنى لاچىنبايغا بۇراپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم قىلىشقان پارىڭىنى سۆزلەپ بەردى.

بىركۈنى تېيپجان لاچىنبايىنى گەپكە سېلىپ، لاچىنباي، سىلى ئۆتمۈشتە نېمە ئىش قىلغان؟ دەپ سوراپتۇ.

لاچىنباي ھېچقانداق يوشۇرۇپ ئولتۇرماي خۇددى ئۆزىگە تەمەننا قىلغاندەك، دېھقانچىلىق قىلدىم، قوشۇمچە ئاخباراتچىلىق قىلدىم. پارتىيە كەلگەندىن بۇيانمۇ ھازىرغىچە دېھقانچىلىق قىلمەن، قوشۇمچە پارتىيىگە ئاخباراتچىلىق قىلمەن، دېگۈدەك.

— گومىندالىڭ ۋاقتىدا كىمنىڭ ئۈستىدىن كىمگە ئاخبارات بېرەتتىڭلا؟ — دەپ سوراپتۇ تېيپجان ئۇنى گەپكە سېلىپ.

— گومىندالىڭ ئۈستىدىن پارتىزانلارغا ئاخبارات بېرەتتىم.

— شۇ ۋاقتىدا سىلەرنىڭ بۇ يەردە پارتىزانلار بارمىتى؟

لاچىنباي چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، چاندۇرماي، ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى روزى ھاشىم پارتىزان ئىدى. مەن «دى داۋجەن» (لەخمە ئۇرۇشى) كىنوسىدىكى بوۋايدەك بولۇۋېلىپ ئاخبارات بېرەتتىم. بىر قېتىم تېخى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكىتىگە قاتناشقان، دېگۈدەك.

— نېمە ھەرىكەت قىلغانتىڭلا، — دېسە، گومىندالىڭ پەيچۇسوسىدىكى ئەسكەر بىلەن سوجاڭنىڭ قىمار ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندۇق، دەپتۇ.

— ھەي لاچىنباي، يالغان سۆزلەۋاتىسلەغۇ دەيمەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىشلىغان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىنى گومىنداڭغا خەۋەر قىلغان ئوخشىمامسىلەر، — دەپتۇ تېيپجان.

لاچىنباي بىردىنلا پەدە يۆتكەپ:

— ئۇ ۋاقىتتىكى ئىشلار ھازىر تازا ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن روزى ھاشىمنى ئازادلىقتىن كېيىن شۇنداق ياشلاردىن ئىكەن دەۋاتقان. شۇ چاغدا بىر قېتىم گومىنداڭنىڭ سوجىڭى ماڭا، روزى ھاشىمنىڭ ئۆيىگە كىم كىرىپ، كىم چىقىدۇ، كۆز-قۇلاق بولۇپ، كۆرگەن ھامان ماڭا خەۋەر قىل، دېگەنىدى. شۇنىڭغا قاراپ مەن ئۇنى پارتىزان بولغانمىكىن دەيمەنغۇ، دېگۈدەك. تېيپجان يەنە گەپكە سېلىپ:

— شۇنىڭغىمۇ ئۆزۈڭلەرنى «لەخمە ئۇرۇشى»دىكى پارتىزان بوۋايغا ئوخشىتىپسىلەر--ھە؟ — دەپتۇ.

لاچىنباي «شۇنداق»، دەپ كېرىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى پەسلىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنداق ئىشلارنى پارتىيە كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆپ قېتىم قىلدىم. بىزنىڭ گۇڭشېغا يېڭىدىن كەلگەن ھەرقانداق كادىر رەھبەرلىك ئورنىدا ئولتۇرۇپ بىرەر ئاي بولا-بولماي مېنى چاقىرتىپ، لاچىنباي، تۆۋەندە نېمە گەپلەر بار؟ مەن ھەققىدە قانداق ئىنكاس ئاڭلىدىڭلا، دەپ سورايدۇ. كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم غولۇمغا قېقىپ، ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاڭلىغانلىرىڭلانى پات-پات يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلا،

www.uyghurkitap.com



دەيدۇ.

— قىزىقمىكەن بۇ ئادەم؟ — دېدى تىيپىجان لاچىنباي بىلەن قىلىشقان پارىڭىنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بولۇپ، قولىدىكى ئالىقاچان ئۆچۈپ قالغان موخۇركا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، مەندىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندەك.

— قارىي، سىلىنىڭ بۇ دوستۇڭلار مۇغەمبەرمۇ ياكى ھالى شۇنچىلىكمۇ؟ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئىبلە شتۇرۇۋېتىدىكەنغۇ؟ — دېدىم.

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىكەن، — دېدى تىيپىجان، — ئاڭلىدىڭلىمۇ، ئۆزىنى «لەخمە ئۇرۇشى» دىكى پارتىزانغا ئوخشاتقىنىنى؟ بۇ ئادەم ماڭا بىر خىل سەنئەتچىدەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سەنئەتتە قايسى تۈرگە كىرىدىغىنىنى دەپ بېرەلمىسەممۇ، شۇنداق تۇيغۇ بار. خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى كۆپ ھاللاردا ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— دېمەك، كەسپداش ئىكەنسىلەردە؟

— ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئۇ ئادەم ماڭا باشقا دېھقانلارغا ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى خەنزۇچە لاۋيىتاۋ دەپ قويىدۇ. بۇ گەپنى ئۇيغۇرچە نېمە دەيمىز؟ — دېدى تىيپىجان سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قاراپ.

— قىرچاڭغۇ بولۇپ كەتكەن دەمدۇق؟

— ياق، بۇ دەل مەنىسى ئەمەس.

— بولدى، ئۇختۇم.

تىيپىجان يەنە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغىلى تۇردى:

— بۇ ئىشلار ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئاجىزلىقلار، ئۇنداق بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئاما ئىچىدە ئىناۋىتى چوڭ. كىشىلەر ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرالارنى بىرتەرەپ قىلىشتا پەم ۋە دېتى بار. ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ دائىم يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر يىغىنلاردا مەسىلە پاش قىلغاندا، بىزنى ئىشەنمەي قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، بۇ ئىشنى لاچىن ئاكامۇ بىلىدۇ، دەپ ئۇنى گۇۋاھچىلىققا تارتىدۇ دەڭلا!

3

1965-يىلى دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇشى مۇمكىن، گۇڭشېنىڭ چوڭ سېڭدا گۇڭشې ئەزالىرى چوڭ يىغىنى بولدى. يىغىننى گۇڭشې خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلايوف باشقۇردى. بۇ يىغىنغا 2-دادۈيدە نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان بىشۇ چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ قاتناشقانىدى. بۇ يىغىننىڭ مەقسىتى گۇڭشېنىڭ مەلۇم بىر بۇغالتىرىنىڭ خىيانەت، كۆپ يەپ، كۆپ

ئىگىلىۋېلىش مەسىلىسىنى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش ئىدى. بىز تۇرغان دادۇي گوڭشې تۇرۇشلۇق ئورۇن بولسىمۇ «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، ھەممىدىن كېيىن قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغۇزۇلغانىدۇق. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بۇغالتېر XXX ئۆزىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىچكى قىسىمدا ئالدىن ئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغانلار سۆزگە چىقاتتى. بىزگە سۆزگە چىقىش سانى بېرىلمىگەنىدى. دېھقانلار داق يەردە ئوشۇقىچە توپىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇشاتتى. بىرى خۇددى ئانىڭغا قارا، دېگەندەك، دېھقانلارنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى رەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قارىسام لاچىنباي پۈتىدىكى قونچىلىرى ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ ئىسكەتىنى يوقاتقان، قونچىنىڭ بىر تەرىپى بار، بىر تەرىپى چىرىپ كەتكەن چولاق پىيمىسىنى سېلىپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىنى ئالدىغا، قونجىنى كەينىگە قىلغانچە پىيما ئۈستىگە تىزلىنىپ، كونا چەكمەن چاپىنى بىلەن تىزلىرىنى ياپقىنىچە سەھنە تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ پەمگە ھەيران قالدىم-دە:

— قارىي، بۇگۈن يىغىنغا دوستۇڭلارمۇ كەپتۇ-ھە، — دېدىم. تېيىپجاندىن زۇۋان چىقمىدى. ئىككى يېنىمغا قارىسام، تېيىپجان يوق تۇرىدۇ. دەرھال ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام ئۇ بىر كىتاب يايمىسىدىن كىتاب تاللاۋېتىپتۇ.

— قارىي، بۇ يەرگە كېلىڭلار، — دېدىم ئىككى قولۇمنى كانەي قىلىپ بوش ئاۋاز بىلەن.

— نېمە بولدى؟ مەن كىتاب ئېلىۋالاي.

مەن دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— سىلەر تەرەپتىكى ئەزالارنى يىغقاندا لاچىنباي بارمىدى؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئۇ كەپتىما؟ بىز ئەزالارنى يىغقاندا ئۇ يوق ئىدى. يولدا قوشۇلۇۋاپتۇ-دە، — دېدى تېيىپجان سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ، — ئۇ ئۆزى بىلگەنچە ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئېلىشتۇرۇپ يۈرمىسۇن، سىلەر بېرىپ قاراپ تۇرۇڭلار. مەن قەھرىمان ۋاڭ جېيىنىڭ كىتابىدىن بىر قانچىنى ئېلىۋالاي.

— ئۇنداق قىلالماس.

— ياق، بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. دائىرىسى قانچە چوڭ مەجلىس بولسا، ئۇنىڭ تۈۋۈنقى شۇنچە قىزىپ كېتىدۇ.

— ئۇ كىتابنى جىق ئېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئىنتىك بولۇڭلار.

— بىزنىڭ شىۋادۇيدە قاملاشمىغان ياشتىن بىرقانچىسى بار، شۇلارغا بىردىن تارقىتىپ بېرىمەن، ئوقۇپ ئادەم بولسۇن، — دېدى تېيىپجان يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىۋېتىپ.

بىز ئورنىمىزغا قايتىپ كېلىپ دېھقانلار ئولتۇرغان جايغا قارىساق، بىردەمنىڭ ئىچىدە لاچىنباي يوق تۇرىدۇ. بۇگۈن ساڭنىڭ ئىچى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مىغىلداپ، ئەتراپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



توپا-چاڭنىڭ دەستىدىن تۈتەكلىشىپ كەتكەنتى. شۇڭا بىز توپقا يېقىن بېرىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۇق. ئۇ كۆرۈنمىدى. بىر چاغدا قارىسام لاچىنباي ساڭنىڭ ئىگىز تېمىنى ياقىلاپ ئۆرە تۇرۇۋالغان دېھقانلار توپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، پۈكىر-پۈكىر (پىكىر دېمەكچى) دەپ قولىنى كۆتۈرگىنىچە توختىماي ۋارقىراپ سەھنە ئالدىغا كېتىۋېتىپتۇ.

— قارىي، بولۇڭلار، لاچىنباي سەھنە ئالدىغا كەتتى، — دېدىم جىددىيلىشىپ تىپىچانىنىڭ قولىدىن سۆرىگەنچە.

بىز ئۇنىڭغا يېتىشكىچە ئۇ، سەھنە ئالدىغا بېرىپ بولدى ۋە سۆزگە چىققانلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش ئورۇندىن قىستۇرۇلۇپ كىرىپ، يىغىن باشقۇرغۇچىدىن رۇخسەت ئالماي:

— ھەي تۆتتە ئىنقسىز، ئىسمىڭ نىمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

سەھنىنىڭ سول بۇرجىكىدە قول باغلاپ، بېشىنى سىلىپ ئۆرە تۇرغان بۇغالتىر بېشىنى كۆتۈرۈپ لاچىنبايغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېدى-دە، يەنە بېشىنى سىلىۋالدى.

— ھە، تۆتتە ئىنقسىز، خوتۇنۇڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى لاچىنباي ئۇنىڭغا قول شىلتىپ.

بۇغالتىر لام-جىم دېمەي بېشىنى سالغانچە تۇرۇۋالدى. ئۇ سۆزلىسىمۇ بىز ئاڭلىمايتتۇق.

— قېنى ئاتاڭ كىم؟ قېنى ئاتاڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ خوتۇنۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟

شۇ ئارىلىقتا لاچىنباي تۇيۇقسىزلا بىزنى كۆرۈپ قالدى ۋە پىكىرىم تۈگىدى، دەپلا كەينىگە ياندى.

— ھەي يولداش، سىلى قايسى دادۇيدىن؟ — دەپ سورىدى ئابلايوف، ئەمما لاچىنباي ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا تۇرۇپ قالدى. ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراپ قېلىشتى، بەزىلەر، بۇ قانداق پىكىر بولدى؟ ساراڭمۇ نىمە بۇ ئادەم؟ قايسى دادۇيدىندۇ؟ ساراڭ بولمىسا خەقنىڭ ئىچىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ پىكىرىم بار دەپ چىقامدۇ؟ شۇنىمۇ پىكىرىم بار دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققىنى قاراڭلار بۇنىڭ، دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. لاچىنباي ئۇلارغا ھەجىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، مېنىڭ قاپىقىمنىڭ تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— پىكىرىم تۈگىمىگەنىدى. قىزىقى كېيىن چىقاتتى. ھىلقىدەك گەپنى قىلىپ بولۇپ ھەرقايسىلىرىنىڭ «ئىستىل مەسىلىسىنى ئۇنداق ئوچۇق سورۇنلاردا ئىسىم-پىسىملىرى بىلەن ئاشكارىلىماي ئايرىم پاش قىلساڭلار بولىدۇ» دېيىشكەن تەلىملىرى گۇيپىدە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇنداق قارىسام توختى سابىر دۇيجاڭنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇڭا گەپنى چولتا قىلىپ يېنىپ كەلدىم. لېكىن ئۇ ئاداش كۆڭلىدە تۇيدى. «ئىشتانغا چىشقان كۆكۈلگە تايىن» دېگەن گەپ بار. قارىسىلا، بېشى چۈشۈپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— پەيزىگىلار بار لاچىنباي، نېمە دېمەكچى ئىدىڭلە؟ — دېدى تىيىپجان كۈلگەنچە ئۇنىڭ غولىغا قېقىپ.

— بۇ گۆي خەقنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوينايدۇ. بۇ گۆينىڭ خوتۇنىمۇ خەق بىلەن ئوينايدۇ ئەمەسمۇ؟ قېيىن ئاتىسى دېگەن شوۋىچىمۇ قېرىغىنىنى تويمايدۇ. شۇلارنى دېمەكچىدىم.

— كىم سىلىنى بۇگۈنكى يىغىندا سۆزگە چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردى؟ بۇ سىلىنىڭ ئىختىيارلىرىچە قالايمىقانلاشتۇرىدىغان شىياۋدۈي مەجلىسى بولمىسا، ئۆز ئورۇنلىرىدا جىم ئولتۇرسىلا بولمامدۇ؟ — دېدىم تېخىچە ئېچىلمىغان قاپىقىمنى تېخىمۇ تۈرۈپ.

— پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىمەن توختى سابىر دۈيجاڭ، تىيىپجان دۈيجاڭ تۇرۇپتۇ، مەن شىياۋدۈي مەجلىسىنى قالايمىقانلاشتۇرمىدىم. بۈگۈن سۆزلەيمەن دېگەن نىيىتىممۇ يوق ئىدى. قارىسام مەجلىس سەل سوۋۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا بىر قىزىتاي دەپتىمەن.

— بىز سىلىنى لاچىنىم قۇۋ، دەپ قۇشلىماستا نېمىشقا ئۆزۈڭلەرچە قونمايدىغان يەرگە قونۇپ يۈرىسىلە، ئۆزۈڭلەنى بىر كۆرسىتەي دەپسىلە-دە؟ — دېدى تىيىپجان چاقچاق بىلەن ئۇنى لاچىنغا ئوخشىتىپ.

— كاللامدىكىنى تېپىۋالدىلا-ھە؟ ئۇمۇ بار، ئاڭلىسام بۈگۈنكى سەھنىدە تۆمۈر داۋامەت رەئىسنى بار، دېدى. شۇڭا ئۇنى بىر كۆرەي. ئۆزۈمنىمۇ بىر كۆرسىتىپ قوياي دەپ ئويلىغىنىم راست. لېكىن مۇھىمى، مەجلىس سوۋۇپ قالمىسۇن دېدىم. ئۇنىڭ ھېلىقى ئىشلىرىنى ئويلاپ ئاغزىمنىڭ قىچىشقىنىمۇ راست.

مەن تېخىچە چىرايىمنى ئاچماي تۇراتتىم.

— بولدى، جايىڭلاغا بېرىپ ئولتۇرۇڭلا، — دېدى تىيىپجان، — ھېلىمۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى ئېچىۋاتمىغىنىڭلا ياخشى بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىڭلا، بىلىدىغانلىرىڭلا بولسا بىزگە ئايرىم دەڭلا. قانداق، — دېدى تىيىپجان لاچىنباي ئورنىغا كەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ، — لاچىنباينىڭ سەۋىيىسى بىلەن جۈرئىتىنى بۈگۈن بىلىپ قالغانسىلە؟ ئۇ ئالدىغا قاراپ سۆزلەۋېتىپ، كەينىدىن بىزنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلىۋالغىنىنى كۆردۈڭلىمۇ. چاققانمىكەن؟ خەقنىڭ گېپىدىن پۇتاقنى مەنلا چىقىرالايمەن دېمەڭلا، ئۇمۇ سىلەنىڭ گېپىڭلىدىن پۇتاق چىقاردى. «مەجلىسنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ» دەپتىڭلا، مەن مەجلىسنى قالايمىقانلاشتۇرمىدىم دېدىغۇ. سىلىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەڭلە بولمىدى. سىلە خىيالىڭلىدا مۇنداق يەرلىرىنى ئۇ پەرق قىلالمايدۇ، ھەيۋە قىلسام خوش ئەمدى قىلماي، دەپ باش ئېگىدۇ دەپ ئويلىغانتىڭلە-ھە؟ لېكىن ئۇ سىلىنى گەپتە تۇتۇۋالدى.

— ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن زوقلىنىپ كېتىۋاتىسىلە-ھە؟

— قىلىقلىرى دېمەڭلا، سۆزلىرىنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىشكە كەلگەندە خېلى چالا.

ئىكەنسىلە.

— ئەمىسە نېمە دەيمىز؟

— ئۇنىڭ سۆزىدىن، ھەرىكىتىدىن، چاقچاقلىقىدىن، چېچەنلىكىدىن دېمەمسىلە. زوقلىنىش دېگەن گەپنى شۇنداق يەرلەردە ئىشلىتىمىز. قىلىقلىرىدىن زوقلانسام ناچار سۈپەتتىن زوقلانغان بولمامدىمەن. سىلىگە بۇ ئادەم ياقمىدىما؟

— يېقىشىنغۇ ياقتى. لېكىن بەك ئېلىشتۇرىدىكەن.

— يېتەكلىمەمدۇق. مەن دېدىمغۇ، ئۇنىڭغا «شەيتان» ئارىلىشىپ قالمىسىلا خېلى جايىدا ئىش قىلىدۇ دەپ.

— كالا پوقىدەك ئەزمەگىلەرچۇ.

— بەك ئاشكارا دەۋەتتىڭلار. بۇ چاقچاق بولمىدى.

## 4

مارت ئايلىرىنىڭ بىرىدە تېيىپجان ئالدىراپ دادۇيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى بىلەن بۇرنىنىڭ تېرىلىرى سويۇلۇپ تارتىپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

— ھە لاچىنبايىنىڭ جىنى تەگكەن قارىي، ئەجەپ ئۇندەرەپ قاپسىلەرغۇ؟ — دېدىم ئۇ ئۆيگە كىرىشىگىلا.

— ئۇنىڭ جىنى سىلەرنىڭ جىنىڭلارغا يەتمەيدۇ. بۈگۈن چاقچاق قىلماڭلا، مەن ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كەلدىم. ھازىر ماللار تۆللىگىلى تۇرغانىدى. چارۋا دوختۇرى تاپقىلى بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئولتۇرمايلا.

— مالچىلار بارغۇ، ئۇلار بىرنەرسە قىلالمامدىكەن؟

— قويۇڭلا ئۇلارنى. تۆتىنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭمۇ پەمى يوقكەن، — دېدى تېيىپجان جىددىي تەرزدە، — تونۇگۈن ئاخشام قاراپ تۇرۇپ ئىككى ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. شۇڭا بۇ يەرنىڭ چارۋىسى كۆپەيمەيدىكەن ئەمەسمۇ. بىر دادۇيگە بىر چارۋا دوختۇرى دورىكەن دەڭلا. گوڭشېدا چارۋا دوختۇرى بار دەيدۇ. شۇلاردىن بىرەرىنى تەكلىپ قىلىپ ئاپارغىلى بولارمۇ؟

— بېرىپ باقساڭلا بولماقتى، گوڭشې سىلىنىڭ شىۋادۇيگە يېقىن بولغاندىكىن.

— مەن ئۇلار بىلەن ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيمەن.

— تېيىپجان ئېلىيوف دېسە كىم تونۇمايدۇ سىلىنى؟

— شائىرلىق جۇۋىسىدا تەرلىمەيمىكىن دەيمىنا.

— قارىي، مەن سىلىدىن سورايمەن دەپ، نەچچە قېتىم ئويلاپ ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن، شاپتۇلغا كەلگەندىن كېيىن شېئىر يازدىڭلامۇ؟

— بۇ يەردە يازىدىغان نەرسىلەرغۇ جىققەن، لېكىن يازمىدىم. ۋاقىت بولمىدى.

يەنە بىرى، شېئىرىيەت تەلىپى بويىچە يازساق ئۆتمەيدۇ دەڭلا، بۇيرۇتما بىلەن يېزىلغان شېئىردىن لەززەتلەنگۇدەك بىرنەرسە چىقمايدۇ. بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىمۇ بۇرۇن يازغانلىرىمنىڭ خېلى قىسمىنى بولمايدۇ، دېيىشتى. شۇڭا بىر مەزگىل جىم يۈرەيمىكىن دېگەن يەرگە كەلدىم.

— مەن نېمە دېيىشنى بىلمەي جىم بولۇپ قالدىم.

— سىلە مېنى ئازدۇرماڭلا. مال دوختۇرنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

ئۇ مېنى ئالدىراتتى.

— جۇرۇڭلا، گۆڭشېغا بارايلى.

بىز گۆڭشېغا بارساق ئىككى چارۋا دوختۇردىن بىرىمۇ يوقكەن. گۆڭشېنىڭ چارۋىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، مەن باراي، دەپ تېيىپجان بىلەن شىياڭدۇيگە كەتتى.

تېيىپجان ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۆل ئېلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزۈنچە دادۇيگە كەلمىدى. شۇ يىلى بۇ يەردە تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 90% ئەتراپىغا يەتتى. بۇنى كېيىن گۆڭشې خىزمەت ئۈمىكى تەقدىرلىگەنىدى.

## 5

بىر يەكشەنبە كۈنى بىر قانچىمىز كالتە بازارغا كەلدۇق. بۇ مايىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ، ئۆرۈكنىڭ ئالدى پىشقان مەزگىل ئىدى. لاچىنباي بىر قاپاق تېرەككە يۆلىنىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە سەپسېلىپ تۇرغانىكەن، بىزنى كۆرۈپ ئالدىمىزغا كېلىپ، ھەممىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىز تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن تېيىپجان لاچىنبايغا چاقچاق قىلدى.

— بۈگۈن نېمە بازارلىق قىلغىلى كەلدىڭلا؟ تېرەك تۈۋىدە نېمىنى ماراپ تۇرىسلە؟

ئۇ تېيىپجاننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، ئازراق گېپىم بار ئىدى، ئاڭلاپ باقاملا! دەپ، توپ ئارىسىدىن مېنى ئايرىپ، چەتتىكى بىر قاپاق تېرەك تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى.

— دۈيجاڭ، بىزنىڭ تېيىپجان دۈيجاڭ ھېلقى ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف دېگەن شۇدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— قانداق دەيلا، نېم بولدى؟ — دېدىم ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي. كۆڭلۈمگە ھەرخىل خىياللارنى كەلتۈرۈپ.

— مەن ئۇنىڭدىن ئىككى-ئۈچ قېتىم سورىسام، مەن ئەمەس، دەپ تۇرۇۋالدى — دېدى لاچىنباي ماڭا تىكىلىپ قاراپ.

— لاچىنباي، شۇ، — دېدىم مەن ئەسكەرتىپ، — بىزنىڭ خىزمەت ئۈمىكىمىزدە چوڭ كادىرلار، ئاتاقلىق ئادەملەر خېلى بار. لېكىن بىزدە ۋەزىپىسىنى، ئورنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاتىمايدىغان قاتتىق تۈرۈم بار. شۇڭا سىلە ئۇ ئىشلارنى كولاپ يۈرمىسىلە، — دېدىم،
— مەن ئۇنى خېلى بۇرۇنلا بىلىپ بولغان. مېنىڭ سىلىگە دەيدىغان ئاساسىي گېپىم بۇ ئەمەس. سىلىگە مېنىڭ دەيدىغىنىم...
ئۇ گېپىنى شاپپىدە توختىتىپ، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئاۋۇنىڭغا قارىسىلا، دېگىنىچە بىزدىن ئون نەچچە مېتىر نېرىسىدا ئۆرۈك سېتىۋاتقان كىشىنى كۆرسەتتى. ئۆرۈك سېتىۋاتقان ئۆرۈكچىنىڭ ئالدىدا بىر دېھقان زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆرۈك يەۋاتاتتى. باياتىن بېرى ئۇنىڭ ئاغزى گەپتە بولسىمۇ، ئاشۇ تەرەپكە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن پات-پات قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى مەنمۇ سېزىپ تۇراتتىم.
— ئۇ، ئۆرۈك يەۋاتىدىغۇ؟ — دېدىم مەن ھېچ ئىشنى ئاڭقىرالماي.
— توغرا، ئۆرۈك يەۋاتىدۇ. لېكىن قانداق يەۋاتقانلىقىغا تازا سىنچىلاپ قارىسىلا.
— بىردىن-بىردىن چايناپ يەۋاتامدۇ؟
— ئۇنداق ئەمەس، دىققەت قىلىپ قارىسىلا، نا ئىنساپ ئوغرىكەن، چىنىنى تېكىپ قويۇپ يەۋاتىدۇ، — دېدى لاچىنباي.
— بۇ تېپىشماقلىرىنى تاپالمىدىم، لاچىنباي زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدىم تاقەتسىزلىنىپ.
ھېلىقى ئادەم ئۆرۈكنى يەپ بولۇپ، ئالدىدىكى ئۆرۈكچىنى قولى بىلەن ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتكۈزۈپ ساناپ كۆرۈپ ئۆرۈك ساتقۇچىغا بىر نېمىلەرنى دەپ، قولىدىكى ئۆرۈك يۇقىلىرىنى ئىشتىنىنىڭ يانپاشلىرىغا سۈرتكەندىن كېيىن يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ئۆرۈكچىگە بېرىپلا كېتىپ قالدى.
— ماڭسىلا، مەن سىلىگە بىر كارامەت — سىرنى ئاشكارىلاپ بېرەي، — لاچىنباي قولۇمدىن يېتىلىگەنچە ئۆرۈكچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆرۈك ساتقۇچى بىزنى ئۆرۈك سېتىۋالىدىغانلار دەپ قالدى بولغاي، كەلسىلە مېھمانلار، كېلىشسىلە، قېنى كەلسىلە كادىرىمىز، تاتلىق ئۆرۈك، مىڭ كويغا 20 دىن (بىر موچەن دېمەكچى)، كۆپ ئالسا قوشۇپ بېرىمەن، دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.
— ئۇكام، ھېلىقى ئادەم قانچە پۇللۇق ئۆرۈك يېدى؟ — دېدى لاچىنباي.
— مىڭ كويغا 20 تال دېگەن ئىدىم، 22 نى يەپتۇ. بوپتۇ دېدىم، — دېدى ئۆرۈكچى.
— راست شۇنچىلىك يېدىما؟
— ئەنە ئۇنىڭ يېگەن ئۆرۈكلىرىنىڭ ئۆرۈقچىسى.
— بۇ ئادەم سەزمەپتۇ، ماڭسىلا، — لاچىنباي مېنى تېخى ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەن ھېلىقى ئادەم تەرەپكە باشلاپ ماڭدى، بىز بىر پەستىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدۇق. لاچىنباي ئاستا ئۇنىڭ غولىغا ئۇرۇپ قويدى. ئۇ ئادەم شارتتىدە كەينىگە قاراپ بىرنەرسە دېگۈچە، لاچىنباي، ما يەرگە كەلسىلە قېرىندىشىم، دەپ ئۇنى بايا ئىككىمىز پاراڭ

سېلىشقان قاپاق تېرەك يېنىغا ئەكەلدى-دە، سىناش نەزەرى بىلەن:

— قېرىندىشىم بايا قانچىلىك ئۆرۈك يېدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— مىڭ كويلۇق يېدىم، — ئۇ ئادەم ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — 22 دانە، قانداق، سوراپ قالدىلىغۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، راست گەپنى قىلسىلا.

— بۇ كىشىغۇ كادىرىمىزكەن، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— مەن كالتە بازارلىق لاچىنباي بولىمەن، — ئۇ كېرىلىپ قويدى.

— ھوي، ئۆزلىرى لاچىنبايما؟ ياق لاچىن ئاكاما؟ ئاپلا، كۆرۈپ قاپلا-ھە؟ — ئۇ ئادەم بېشىنى ئەگكىنىچە ھەدەپ ئىككى قولىنى ئۇۋۇلايتتى. ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قارايتتى، — مەن راستىنى دەي، 44 نى يۇتۇۋەتتىم، — دېدى ئۇ ۋە ھۇپپىدە قىزاردى.

— ئۇكام، ئۇرۇقچىغۇ تاھارەت بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىر قانچە تال ئۆرۈكنى دەپ جان بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ دېھقان تۇرسا. ئۇنى خەيلى قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

لاچىنباي ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ خېلى سۆزلىدى.

— لاچىن ئاكا، بۇ گەپلەرنى يەنە بىر يەرلەردە دەپ يۈرمىگەن بولسىلا. مەن خۇش بولۇپ قالاي، ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى ئۇ يېلىنىپ.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— لاچىنباي، ئۇنىڭ ئىشىنى قانداق سېزىپ قالدىلا؟

— بىز پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا، ئۇ ئادەم ئۆرۈك يېگىلى تۇرغان. بىرى ئۇنىڭغا قارا دېگەندەك دىققەت قىلىپ قاپتىمەن. قاراپ تۇرسام ئۇ، 3-4 تال ئۆرۈكنى يەپ بولۇپ ئۇرۇقچىنى يۇتۇۋېتىپ، بىرىنى يەرگە تاشلاۋاتىدۇ. بىردەم قاراپ تۇرسام 20 نەچچە ئۇرۇقچىنى يۇتۇۋەتتى. شۇڭا سىلى بىلەن پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا پىكىر-خىيالىم ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ، گېپىممۇ قولاشماي قالدى.

لاچىنباي خۇددى ماھىر رازۋېتچىكتەك قەددىنى رۇسلاپ قويدى.

— لاچىنباي، تېيىپجان دېگەندەك سىلىنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن جۇمۇ، بۇ ئىشنى ناھايىتى توغرا قىلدىلا، بىرموچەن ئۇچۇن بۇنداق قىلغان بارمۇ؟ — دېدىم. ئۇ مېنىڭ تەقدىرلىگىنىمدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى.

— يەنە نېمە دېمەكچىدىلە؟ بايام گەپ باشلاپ، بۇ ئىش بىلەن بولۇپ كەتتۇق — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى بىلمەكچى بولۇپ.

— مېنىڭ سىلىنى ئايرىم چەتكە تارتىشىمدىكى سەۋەب، بىرى، ئۇنىڭ راست شۇ ئاتاقلىق شائىر تېيىپجانمۇ، ئەمەسلىكىنى بىلىش، يەنە بىرى، بۇ ئادەم قوتاندا يېتىپ-قوپۇپ بەك چاپا تارتىپ كەتتى. پىت بولۇپ كېتىپتۇ بىچارە. شۇڭا ئۇنى كۈندۈزى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇ يەردە ئىشلەپ، ئاخشىمى دادۇيىدە يېتىپ قوپىدىغان، ئاش- تامىقىنى شۇ يەردە يەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولماسمۇ؟

— ئۇ، بۇنىڭغا ئۇنىمايۋاتىدۇ. چېنىقمەن دەيدۇ، — دېدىم مەن.

— ئۇ تازا چېنىققان ئادەمكەن. يەنە نېمىگە چېنىقىدۇ؟ ئۇ مۇلايىم، كەمتەر، چىقىشقاق ئادەمكەن. بىزگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. كۆز ئالدىدا ئۆزىنى ماختىغاننى يامان ئالىدىكەن. بىز ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ ئاغزىمىز ئېچىلىشىغا، بولدى، مېنى ماختىماڭلار، باشقا گەپ بولسا قىلىشايلى، بولمىسا مەجلىس تۈگىدى، دەپلا يىغىننى تارقىتىۋاتىدۇ. ياپىر، ئادەمنىڭ قارىنىدىنمۇ ھەرخىل ئىنسان چۈشىدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردىكى بەزى باشلىقلىرىمىز مەخسۇس ئۆزىنى ماختايدىغان گەپنى تەمە قىلىپ تەرەپ- تەرەپتە پىرقىراپ كېتىدۇ دېسىلە! — ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — سىلىگە ئايرىم دەۋاتىمەن جۇمۇ، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئويلىشىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ ئەمدىلا ماڭاي دېيىشىمگە ئۇ يەنە:

— راست دۇيجاڭ، بىز سىلىنىڭ تېگى- تەكتىلىرىنى بىلمەيمىز جۇمۇ؟ — دېدى سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ.

— ھەي لاچىنباي، ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىكەنلا- ھە؟ مېنىڭ تېگى- تەكتىمنى دېسەم- دېمىسەم بەرىبىر بىلمەيلا، مەن ئادەتتىكى ئادەم. بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىم. شۇڭا ھېچكىم مېنىڭ نامىمنى بۇرۇن ئاڭلىمىغان.

— ئۇنداق بولسا تېيىپجاندىن چوڭ ئەمەلدار ئىكەنلىغۇ؟

مەن كۈلۈپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— سىلە تېيىپجاننىڭ ئاتاقلىق شائىر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىلا؟

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىزنىڭ كالتە بازارلىق بىرى دەپ قويدى.

ئۇزاققا قالماي پۈتۈن گۇڭشې تەۋەسىدىكى چوڭ- كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەتتى.

6

— مەن بىر كۈنى تېيىپجانغا ئاشۇ ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەم تېيىپجان لاچىنباي ئۇچۇن پەخىرلەنگەندەك قىلىپ:

— ئۇ سىلىگە ئەمەلىي مايىۇر قىلىپ كۆرسىتىپتۇ- دە، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىلە؟ — دېدى.

— بۇ ئادەم كالتە بازارنىڭ قاراۋۇلى ئىكەن دەڭلا، — دېدىم مەن. ئۇ، خۇددى

مېنىڭ مۇشۇ سۆزۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، يانچۇقىدىن بىر ماتېرىيالنى ئېلىپ ماڭا بەردى.

— ئۇ مانا بۇ ماتېرىيالنى يازدۇرۇپ چىقىپتۇ. ساپلا ئىسكىلاتنىڭ ھېسابات دەپتىرىدىكى سانلار بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن، لاچىنباي، بۇ سانلىرىڭىزدىن پۇچەك چىقىپ قالمايدىغاندۇ؟ دېسەم نېمە دېدى دېمەمسىلەر، «تېيىپجان دۇيجاڭ، ماتېرىيالغا يازغان نەرسىلەرگە ئېغىزدا دېگەن گەپتەك يېنىكلىك قىلغىلى بولمايدۇ. يازغانلىرىمنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ كۆرۈشسىلە، يالغان چىقىپ قالىدىغان بولسا، ماڭا ئىككىنچىلەپ ئىشەنمىسىڭلار بولىدۇ» دەيدۇ. ماتېرىيالغا يېزىلغان نەرسىلەر بىلەن ئېغىزدىكى گەپنىڭ مۇنداق نازۇك مۇناسىۋىتىنى بىزنىڭ خېلى مەن-مەن دېگەن كادىرلىرىمىزمۇ پەرقلەندۈرەلمەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ دېگىنىمنى چۈشىنىۋاتامسىلە؟

— چۈشەندىم، بۇ ئادەم بۇنچىۋالا ئەھۋالنى قانداق بىلىپ تۇرىدىغاندۇ؟ — سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— مەن ئۇنىڭ بۇ سىرىنى تېپىپ چىقتىم. ئۇ كىشىلەر ئارىسىغا بېرىشتا ماھىر ئىكەن. چوڭ-كىچىك دېمەي دوست تۇتۇشقا ئامراقكەن، — تېيىپجان ئۇنى خاراكتېرلىگىلى تۇردى، — ئۇ ئەسلىدىنلا تارتىنچاقلاردىن بولمىغاچقا، ھەرقانداق يەرلەرگە كىرىپ، ھەرقانداق ئادەم بىلەن ئالاقىلىشالايدىكەن. چوڭغا چوڭچە، كىچىككە كىچىكچە مۇئامىلە قىلىدىكەن. ساددا دېھقانلارنى گەپكە سېلىپ، ئاغزىنى كولايدىكەن، ئۇلار بىلەر-بىلمەي ھەممە گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دەيدىكەن-دە، ئۇ شۇ يىپ ئۇچى بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى تېپىپ چىقىدىكەن. مەن ئۇنىڭدىن، ھۆججەتتىكى نازۇك ئىشلارنى نەدىن تويلايسىلەر، دېسەم، ئۇ، بىرى، كىچىك باللار، بولۇپمۇ باشلىقنىڭ باللىرى دەپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەركە چوڭ بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئەتىسى-ئاخشاملىرى پىچىرلاشقان گەپلىرىنى ئاڭلىۋېلىپ ئەتىسى تارقىتىدۇ. ئۇلار يالغان سۆزلىمەيدۇ. نېمە بولسا، شۇنى دەيدۇ. يەنە بىرى، باشلىقنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئېغىزىدىن بىلىۋالىمەن. ئۇلار بىرىنچىدىن، مەنمەنچى كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىز باشلىقتىن قورققان بىلەن ئۇلار باشلىقتىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئېرى شۇ تەشكىل تۇرسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرنى ئىككى قىلىپ، ھەرخىل سورۇنلاردا سۆزلەيدۇ. كۆزگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ئېرى يوشۇرغان ئىشلارنى ئاشكارىلاپ قالماستىن، باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن تېخى بولۇشىچە كۆپتۈرىدۇ. كېيىن ئاچچىقى يانغاندا پۇشايمان قىلىپ، ئۇلارنى قايتا ئىزدەپ، بۇ گەپلەرنى سىرتقا چىقارماڭلار، دەپ تۇرۇپ، بۇرۇن دېمىگەنلىرىنىمۇ قوشۇپ دەۋېتىدۇ، دەيدۇ. كۆردۈڭلارمۇ ئۇنىڭ يامانلىقىنى، مەن ئۇنىڭدا سەنئەتنىڭ ئاملى بار دېمىدىممۇ؟ — تېيىپجان بىردەم ئويلانغاندەك جىم تۇرغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن لاچىنبايغا، بۇنداق ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ نېمە قىلىسىلەر، يامان ئاتلىق بولۇپ، قالمامسىلە؟ دېسەم، ئۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بۇ ئىش ماڭا خۇمار بولۇپ قاپتۇ. خەققە يامانلىق قىلاي دېمەيمەن. لېكىن يەپ-ئىچىپ دېھقانلارغا زىيان سالىدىغان ئىشلارنى كۆرسەم، ئاڭلىسام، ۋىجدانىم قايناپ كېتىدۇ. بەزىدە تېخى خەقلەرگە بولۇشۇپ دەۋاغىمۇ ئارىلىشىمەن. شۇڭا ئەزالارمۇ، كادىرلارمۇ ماڭا يامان كۆزى بىلەن قارىمايدۇ» دەيدۇ، — دېدى.

— لاچىنباي بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئىسكەتىگە كەلتۈردىڭلە-ھە؟ مەن دەسلەپتە، ئۇنىڭ بەزى خۇيلىرى قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەم تۇرسا، بۇ ياشقا كەلگەندە ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولارمۇ؟ نېمىمۇ قىلار بۇ ئاداش بۇ ئادەم بىلەن ھەپىلىشىپ، دەپ ئويلىغان چاغلىرىم بولغان، — دېدىم بىرىنچى قېتىم ئۇ توغرىسىدىكى قارىشىمنى ئاشكارىلاپ.

— سىلىنىڭ بۇ گەپلىرى مېنى تەسىرلەندۈردى. سىلەر ئاخىر ئېتىراپ قىلدىڭلا-ھە؟ سىلە ئېتىراپ قىلساڭلارلا بۇ ئادەمنى دوست تۇتۇپ ئاكتىپ قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلمايمەن، — دېدى تېيىپجان خۇشاللىقىدا تاماكىسىنى تېز-تېز شوراپ. ئاندىن كېيىن يەنە دېدى، — ئۇ تومپايلاردىن ئەمەس، پىكرى ئوچۇق ئادەم. ھازىر ئۇ ياش ۋاقتىدا يۇقتۇرۇۋالغان بەزى ئىللەتلىرىنى تاشلىغىلى تۇردى. ئۇ مۇشۇ بويىچە ماڭسا گۇگۇشى بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر مويسىپىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئادەم دېگەن يېتەكلىگەنچە ئۆزىنى تولۇقلاپ ئالغا ئىنتىلىدىغان نېمە، چۈنكى ئۇنىڭدا ئاڭ بار ئەمەسمۇ، لېكىن قېلىپقا چۈشۈشىنى خالىمىسا باشقا گەپ، — ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئادەم بىر ياخشى تىپ دەڭلە. قېرى بولسىمۇ بىر ئاكتىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىنىمغا خۇش بولۇۋاتىمەن. بىز بۇ يەرگە كەلگەن ئىككى-ئۈچ ماھەلدە، ئىمىز باشقا چوڭ ئىش قىلالمىساقمۇ، بىرەر مەنىلىك ئىش قىلىپ قويساق 7-8 ئاي بىكارغا كەتمەيدۇ. ماڭغان يولىمىزدىن قارا كۆلەڭگە ئەمەس، كىشىلەر ئەسلىگۈدەك ئىز قالىدۇ، — ئۇ خۇشاللىقىدا توختىماي سۆزلەيتتى، — مەن ئۇنى ئۆيلەپ قويايمىكىن دەيمەن. بىچارە تەنھا ياشاپ قېرىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى تېيىپجان بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— ئۇنىڭ بالىسى يوقمىكەن؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇ ئۆمرىدە ئۈچ نىكاھلىق بوپتۇ. دەسلەپكى ئايالى بىر ئۆلۈك بالا تۇغۇپ، كېيىن زادى تۇغمىغاندىن كېيىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى ئايالى نەشە چېكىدىغان چىقىپ قېلىپ قويۇپ بېرىپتۇ، سىلىگە دەي دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇ يەردە ئاماكا، نەشە چېكىدىغان ئاياللار خېلى بار دەيدۇ. ئۈچىنچى ئايالى تۇغۇتتا ئانا-بالا بىراقلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سالتاڭ ئۆتۈپ كەپتۇ. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن، نېمىشقا يەنە ئۆيلەنمىدىڭلا، دېسەم، «بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۆز جېنىمىزنى جان ئەتمەك شۇنچە تەس تۇرسا، خوتۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى بېقىپ، كىيىم-كېچەكنى تەخ قىلىشقا نەدە پۇل دەيلا؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى كەمبەغەللىكتە

ئۆتسمۇ، ئۇ ئۆزىنى بولغايدىغانلاردىن ئەمەسكەن، مەن ئۇنىڭغا بىر ئاز كىيىپ قويغان بىر كۆڭلىكىمنى بەرسەم تەستە ئالدى، ئۇن كوي بەرسەم قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى. تېيىپجان گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكرىنى دېدى:

— ئۇ تاتلىق، شېرىن گەپلەرنى قىلىشقا ئۇستا، سىپايى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياللار ئۇنىڭغا ئامراق. بىزنىڭ شىياۋدۇيدە 50 ياشلارغا بېرىپ قالغان تول خوتۇنلاردىن تۆت-بەشى بار. مەجلىس بولسىلا ئۇلار لاچىنباينىڭ بېقىنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. ياكى ئۆزلىرى بالدۇر كېلىپ قالسا، لاچىنكا، مەيەگە كەل، بۇ يەردە ئورۇن بار، دەپ ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە 50 نەچچە ياشلاردا بار گۈلئايىم خان دېگەن بىر خوتۇن بار. ناھايىتى ئۇچۇق، قىزىقچى ئايال. بەزىدە لاچىنباي بىلەن ئىككىسى قوشاق قوشۇشۇپ كېتىدۇ. مەن بۇ ئىككىسىنى گەپكە سېلىپ باقسام، ھەر ئىككىسىنىڭ مەيلى باردەك قىلىدۇ. ھەركەتىنىڭ ئاخىرىدىراق ئۆيلەپ قويامدۇق؟ — تېيىپجان بۇ گەپلەرنى شۇنداق ئەستايىدىل، كۆيۈمچانلىق بىلەن دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشى پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ:

— قارىي، سىلە سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتىن ئالغا باسقانچە قەلبىڭلار گۈزەللىشىپ، ئېسىل بولۇپ كېتىپ بارسىلە جۇمۇ؟ — دېدىم.

— سىلىنىڭ بۇ گېپىڭلار ئەدەبىي تۈس ئالدى. لېكىن مېنى تولا ماختاۋەرمەڭلا. بىكار شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن، — دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاققا بۇراپ.

ئىككىمىز كۈلۈشتۇق.

— تۇيدۇرماي كەلتۈرۈۋالدىڭلا-ھە؟ — دېدىم مەن.

بىز يەنە مۇلاھىزىگە چۈشتۇق.

— بىزنىڭ خەلقىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن. بىر ئادەم خوتۇن ئالالمىسا، خوتۇن ئالسا باقالمىسا، — دېدىم مەيۇس ھالدا.

— بۇ گەپنى سىلەر دېسەڭلەر بولىدۇ. مەن دېسەم چېچەك چىقىدۇ، — دېدى ئۇمۇ مەيۇس ھالدا.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دەيسىلەرغۇ؟ لاچىنباي جېنىدا «ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېگەن يەردە، سىلە بىلمەمتىڭلا؟ بولدى، لاچىنباينىڭ گېپىنى قىلايلىچۇ، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇشقا قوشۇلامسىلە؟

— قوشۇلاي! تويىغا كالا ئۆلتۈرەمدۇق؟

— خوتۇنىغا بىر كىيىملىك شەنبىجى، ئۆزىگە شەيتان تېرىسى ئالىمىز، كەلدىما؟

— كەلدى. تازا كەلدى، تېز كەلتۈرۈۋالغىنىڭلارغا قارىغاندا ئويلاپ قويۇپتىكەنسىلە دە؟

— چاقچاقنى ئويلاپ قويۇپ كەلتۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ. گەپ ئىنكاسىنىڭ تېزلىقىدا، — ئۇ ماڭا مەغرۇرانە قاراپ قويدى. بىز بىردەم مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن تېيىپجان دېدى، — مەن بۇ قېتىم مۇنداق بىر ئىشنىڭ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالدىم. نېمە ئۈچۈن ھەممە ئادەم مائاشلىق بولۇش ئۈچۈن جان تىكىپ تىرىشىدىكىن دېسەم، بىزدەك مائاشلىق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغان بىلەن دېھقانىنىڭ تۇرمۇشى ئانچە كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بىز مائاشىمىز تۆۋەن دەپ كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلماي ئەكسىچە راھەتتە ياشايدىكەنمىز دېسەك بولغۇدەك. چاتاقمۇ دائىم ئۆزىنى تۆۋەنگە سۈرۈشتۈرماي يۇقىرىغا سۈرۈشتۈرگاندىن چىقىدىكەن دەڭلە؟

— سۈرۈشتۈرمىغىچە بىلگىلى بولماس دېگەن شۇدە، — دېدىم مەن.

بىز «سىنىپىي كۈرەش» باسقۇچى ئاياغلىشىپ، 3 - باسقۇچ — ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا ئۆتكەندە، تېيىپجاننىڭ تەشەببۇسى ۋە ئاتا بولۇشى بىلەن لاچىنباي بىلەن گۈلئايىمخاننىڭ توينى قىلىپ قويدۇق. تېيىپجان يادىكارلىق سوۋغىتىدە ئۇلارغا بىر كىگىز تەقدىم قىلدى. توي ئاخشىمى:

ئىنىك ئالدى شاپتۇلا،
قىلىپ كەلسەم گەپ تولا.
كالتە بازار چۆلىنى
لاچىنبايدا ئەپ تولا.

دېگەن چاقچاق قوشىقىنى ئوقۇپ، ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

## 7

بىر كۈنى لاچىنباي دادۇيگە كىرىپ كەلدى. سالام-سائەتتىن كېيىن ئۇ:

— مەن بۈگۈن ھەر قايىسىلىرىڭنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقلىرىغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتقاچ، ئۆتكەن قېتىم سىلىگە دېگەن ھېلىقى ئىشنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى سەملىرىگە سېلىپ قوياي دەپ كەلگەنىدىم. ئۇ ئادەم بەك جاپا تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام ئىككىلىرىمۇ يېقىن ئاغىنە ئىكەنلا، ئۇ ئادەمگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن، يانلىرىغا ئەكىۋالسىلا، — دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ ئۇستىبېشىغا قارىسام ئۇ خېلى ئىسكەتكە كىرىپ قاپتۇ. بېشىدا سەل كونىرىغان بادام دوپپا، ئۈستىدە تۆت يانچۇقلۇق جۇگسەنىۋ چاپان، پۇتىغا يېڭى چۇخەي كىيىۋاپتۇ. ساقال-بۇرۇتىنى پاكىز قىردۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئۇزۇن شالاڭ ساقىلىنى قىسقارتىپ ياسىتىۋاپتۇ.

— ئۇستىبېشىڭلار يارىشىپتۇ، لاچىنباي، — دېدىم مەن. ئۇنىڭ تېيىپجانغا كۆيۈنۈپ

دېگەن سۆزلىرىدىن سەل يۇرىكىم سىقىلغاندەك بولدى. بولۇپمۇ ئىككىمىزنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىنى شىپى كەلتۈرۈشى ئۇستىلىق بىلەن ماڭا ئىشلىتىۋاتقان ئىبسىمى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئىمە دەپ جۇشەندۈرۈشۈمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم. چۈنكى تېيىپجاننى نەچچە قېتىم سۆيلە پمۇ دادۇيگە قايتۇرۇپ كېلەلمىگەنىدىم. لېكىن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىسەم بولمايتتى. شۇڭا:

— مەن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەي. ئۇنىمىسىمۇ، چوقۇم قايتۇرۇپ كېلەي، — دېدىم.

— ئۇنىتايلى، ئۇنىتايلى، ئۇ كىشىنى ئۇ يەردە پىنقا تاشلاپ بەرمەيلى، — دېدى ئۇ قايتا-قايتا يېلىنىپ.

— لاچىنباي، دېنىي ئەقىدىلەردە ئېيتىلىشىچە، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر بىر تال چاچ، ساقىلىنىڭ تۈۋىدە بىردىن پەرىشتە بارمىش، ئۇلار شۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىق، يامانلىقلىرىنى يېزىپ تۇرغۇدەك. راستمۇ؟ — چاقچاق قىلدىم مەن ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن. چۈنكى ئۆزۈممۇ زېرىكىپ ئولتۇراتتىم.

— ئۇ ئادەمنىڭ چاچ، ساقاللىرىنىڭ ھەر تېلىدا ھازىر بىردىن ئەمەس، ئىككىدىن پەرىشتە بولۇپ قالدى، دۇيجاڭ، ئاڭلىسام تېيىپجانىنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن كۆرە، يامانلىقلىرىنى يازىدىغان «پەرىشتە»لەر كۆپمىش، شۇنداقمۇ؟ بۇ ئادىللىق بولماپتۇ، ئەسلى ياخشىلىقلىرىنى يازىدىغان پەرىشتىلەر كۆپرەك بولۇشقا لايىق ئادەمكەن ئۇ. قانداق دېدىم؟ — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ چاقچاققا بۇنداق تېز، مەنىلىك ئىنكاس قايتۇرغانلىقىغا ھەيران قالدىم. تېيىپجانىنىڭ بۇ ئادەمگە ئامراق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

## 8

بىز بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. ئەمدىكى مەجلىس، ماتېرىيال ئۆگىنىش، پىكىر قىلىش، گەپ-سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەقتە بولىدىغان بولدى. گۇڭشې رادىئو ئۆزېلىنىڭ پروگراممىلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، كېچە-كۈندۈز دېگەندەك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدىكى باش ماقالىلەر، ئوبزورلار، پىپەن ماقالىلىرى ئاڭلىتىلىدىغان بولدى. يۇقىرى بېسىملىق كانايدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز كالتە بازاردا توختىماي ياڭرايتتى.

لاچىنباينىڭ تۈۋقى يەنە قىزىغىلى تۇردى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە كالتە بازارغا كېلىۋېلىپ، كاناي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ستولبىغا يۆلە نگىنىچە ئۈچ ۋاخ خەۋەر ئاڭلايتتى. ھەرىكەتنىڭ دەسلىپىدە ئۇ بىلىنگەگە قىزىل لاتا ئېسىۋېلىپ، ياش باللار، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كىرىۋالدى، نۇتۇق سۆزلەپ، شوئار تۈۋلاپ، «جان تىكىپ

ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

ماۋجۇشىنى قوغدايمىز» دەپ ۋارقىراپ يۈردى. دېڭ تۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشا قاتارلىقلارنى پىپەن قىلىش قانات يايدۇرۇلغىنىدا چوڭ يىغىن ئاچقان ئىدۇق. لاچىنباي سۆزگە چىقىپ، دېڭ تۇ، دېڭ تۇ تولا ۋالاقشىماي جىم تۇ، دەپ يىغىندىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىد ئاڭلىدى. ئۇ بىرەر ئايدەك ئاشۇنداق «ئىنقىلابچى» بولۇپ يۈرۈپ بىردىنلا شىپپىدە توختىۋالدى-دە، ئانچە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بولدى. تىيىپجان ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سېزىپ، بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە بولدى لاچىنباي؟ يېقىندىن بۇيان «ئىنقىلاب» قىلمايدىغان بولۇپ قالدىڭلاغۇ؟

— قېرىغاندا جىم يۈرسەم بولغۇدەك، بۇ ئىنقىلابقا مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ،— دەپتۇ ئۇ تومتاقلا قىلىپ.

— بىرەر ئىشنى ئاڭلاپ قالدىڭلارمۇ نېمە؟ سىلە ئۇزۇن قۇلاق ئەمەسمۇ؟— دەپ چاقچاق قىپتۇ تىيىپجان.

— سىلە يەنە چاقچاق قىلىۋاتىلاغۇ، مەن بىر شۇم خەۋەر ئاڭلاپ قالدىم، — دەپتۇ ئۇ.

— قانداق شۇم خەۋەركەن ئۇ؟

— سىلى رادىئودىن ھېچنەرسىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئاڭلىمىدىم. مەن بۇ «ئىنقىلاب»قا ئارىلاشمايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن پىكىرمۇ بەرمەيمەن. مەجلىسكە بارسام ئاغزىمنى ھىم يۇمۇپ ئولتۇرسام بولغۇدەك.

ئۇ شۇلارنى دەپلا تىيىپجاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ دەل ليۇشاۋۋۇ، ۋاڭ يوخۇ، ۋاڭ گولىن، تىيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجايوف قاتارلىق يولداشلارنى «شىنجاڭدا ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدىكى قارا يىپ» دەپ گېزىت ۋە رادىئودا ئېلان قىلىپ پىپەن قىلىۋاتقان چاغلار بولۇپ، تىيىپجان بۇنى ئاللىقاچان ئاڭلىسىمۇ، چاندۇرماي يۈرگەن كۈنلەر ئىدى. بىر قانچىمىز شاپتۇلدىن قايتىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىگە مېڭىش ئالدىدا لاچىنباي ئاتايىتەن مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى سۇس ئىدى.

— سىلە كېتىدىغان بولۇپلا، تىيىپجان قالامدۇ؟ — دەپ مەندىن سورىدى ئۇ مەيۈس ھالدا.

— ئۇمۇ ئۇزاققا قالماي قايتىدۇ. مەن قەشقەرگە بېرىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قاتنىشىمەن. تىيىپجان ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قايتىشى مۇمكىن، — دېدىم مەن.

ئۇ تۆت ئەتراپىغا دىققەت بىلەن قارىۋالغاندىن كېيىن پەس ئاۋاز بىلەن:

— سىلىگە نېمە بولسىمۇ دەۋېرەي، بۇ ئىنقىلاب بىر قىسىم ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقامدۇ نېمە؟ — دېدى غەمكىن هالدا. يېنىمىزغا باشقىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ گېپىنى توختىتىۋالدى.

— هەي لاچىنباي، سىلە ئۇنداق خاتا گەپ قىلماڭلا، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى ئۇلۇغ داهىمىز ماۋجۇشى ئۆزى بىۋاستە قوزغىغان، — دېدىم ئارتۇقچە سۆزلەشكە تىلىم بارماي.

— ئۇ ئاتىمىزنى ئويلىسامغۇ كۆڭلۈم توق تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، رادىئودىكى بەزى گەپلەرگە زەن سالسام، بىر كۆڭۈلسىزلىكنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. سەل ئىش چاتاقمىكىن دەيمەن، — ئۇ بىردەم جىم بولغاندىن كېيىن دېدى، — مەن ئوقۇمىغان ئادەم بولغىنىم بىلەن كۆپنى كۆرگەن ئادەممەن. نەچچە هۆكۈمەتنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. تۈنۈگۈن رادىئودا بىر گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. نېمە دېدى دېسىلە، «مەدەنىيەت سېپى چىرىپ كەتتى» دېدى. يەنە بىر يېرىدە «تۆۋەننىڭ هوقۇقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس» دېگەندەك قىلدى. ئاۋۇ كۈنى بىر قانچە ئادەمنىڭ ئېتىنى ئاتىدى، شۇنىڭ ئىچىدە تېيىپجاننىڭمۇ ئېتى بار. سىلىنچە بۇ بوش گەپلەرمۇ؟ تېيىپجان مەن ئاڭلىمىدىم، دەيدۇ، راستمۇ؟ — ئۇ يەنە سۆزلىگىلى تۇرۇۋېدى، مەن گەپ ئارىلاپ:

— بوشلۇقى بوش گەپ ئەمەس، لېكىن بۇ پۈتۈن مەملىكەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان گەپلەر، ئۇنى توغرا چۈشەنسەك بولىدۇ، — دېدىم.

مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ چۈشەندۈرگىنىم بىلەن ئىچىمدە تېيىپجاندىن ئەنسىرەپ، ئېھ، بۇرادەر، سېنى ئالدىڭدا قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ، دەپ دەككە-دۈككىدە يۈرۈۋاتاتتىم.

لاچىنباي بۇ ئىشتا مېنىڭ قولۇمدىنمۇ هېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى بولغاي، بېشىنى سالغانچە خۇددى ماتەم مۇراسىمىغا ماڭغاندەك سۇس قەدەم تاشلاپ، داۋۇي ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

## تېيىپجاننىڭ تۇرغۇن «قالاق»نى ئۆزگەرتىشى

### 9

بىر كۈنى مەن داۋۇي ئىشخانىسىدا ئولتۇرسام، تېيىپجان 18-20 ياشلاردىكى بىر يىگىتنى باشلاپ كىرىپ:

— بۇ مەن سىلىگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن هېلىقى بالا، ئېتى تۇرغۇن، — دېدى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ۋە ئۇنىڭغا قاراپ، — ئاتاڭنىڭ ئېتى نېمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتام يوق مېنىڭ، ئۆلۈپ كەتكەن.

— ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئېتى بار بولغىيدى؟

— سايىم، — ئۇ ناھايىتى سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدا يېزا ياشلىرىدا بولىدىغان تارتىنچاقلىق، ئىززەت-ھۆرمەت، قائىدە-يوسۇن دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— ماۋۇ كىتابنى سېنى دەپ سېتىۋالدىم، ئالە، ئوقۇپ ياخشى ياشلاردىن، يارامىلىق ئادەملەردىن بول، — دېدى تېيىپجان چوڭ يىغىن ئېچىلغان ھېلىقى كۆنى ساڭىنىڭ يېنىدىكى كىتاب يايمىسىدىن سېتىۋالغان كىتابتىن بىرىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

ئۇ خۇش ياقمىغاندەك ئەلپازى بىلەن كىتابنى ئېلىپ، ئالدى-كەينىگە، مۇقاۋىلىرىغا بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن خۇددى قەرت شىلىغاندەك شارتتىدە بىر ۋاراقلىۋېتىپ گەپ قىلماي جىم تۇردى.

— بۇ كىتابنى سېنى ئوقۇسۇن دەپ ئالدىم. ئون بەش كۈندە ئوقۇپ بولالامسەن؟ ئەگەر دېگەن ۋاقتىدا ئوقۇپ بولساڭ يەنە يېڭى-يېڭى كىتابلارنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى تېيىپجان ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— بۇ كىتابنىڭ سۈرىتى يوقكەنغۇ؟ — ئۇ كىتابتىن قەستەن قۇسۇر تاپتى.

— سۈرەتنى نېمە قىلاتتىڭ؟ بۇ دېگەن ئازادلىق ئارمىيە ئىچىدىن چىققان قەھرىمان ۋاڭ جېنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتاب، — تېيىپجان كىتابنىڭ مەزمۇنىنى بىر قۇر تونۇشتۇردى.

— ئۇ جەنزۇكەنغۇ؟ — دېدى ئۇ بىغەم ھالدا. تېيىپجان لاپپىدە ماڭا قاراپ قويۇپ:

— ھەي تۇرغۇن، تولا ئەزمىلىك قىلما، ئېتىڭ تۇرغۇن بولغاندىكىن، ئىسمى-جىسمىڭغا لايىق تۇرغۇندەك ئىش قىلمامسەن، زادى ئون بەش كۈندە ئوقۇپ بولالامسەن يوق؟ — دېدى.

— ئوقۇپ بولارمەن، — ئىشەنچسىز جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئوقۇپ بولارمەن دېمەي ئوقۇپ بولىمەن دېمەمسەن؟

— ئوقۇپ بولاي.

— بۇ دېگىنىڭ سەل يېقىنلاشتى. شۇنداق قىل. قەرەللىك توشقاندا مەن سېنى ئىزدەپ، كىتابنى ئوقۇپ بولغان-بولمىغانلىقىڭنى تەكشۈرىمەن. شۇ ۋاقىتتا يەنە سۆزلىشىمىز.

ئۇ تېيىپجاننىڭ گېپى تۈگە-تۈگىمەي، قانداق بىپەرۋا كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق بىپەرۋا ھالەتتە چىقىپ كەتتى.

— نەدىن تېپىپ كەلدىڭلا بۇ قاغدالما قالاقنى؟ — دېدىم زەردە بىلەن، —

شۇ تۇرقىدا ئۇ كىتاب ئوقۇمدۇ؟
— نېمشقا كىتاب ئوقۇمايدۇ؟ تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىغىچە ئوقۇغان بالا تۇرسا. سىلە بىلمەيلا نارازى بولماڭلا، ئۇنىڭ بۇگۈن مەن بىلەن دادۇيگە كەلگىنى، كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئوقۇي دېگىنىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىلگىرىلەش.
مەن گەپ قىلماي جوزا ئۈستىدىكى ماتېرىيالغا قارىۋالدىم.
— ئولتۇرمۇ دېمەيسىلەغۇ؟ — دېدى تېيىپجان ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ئەجەب ئەمەلدارلىق كېسىلىڭلا پەيدا بولۇپ قاپتىغۇ بۈگۈن؟ نېمىگە خاپا بولۇپ تۇرغانتىڭلا؟
— بىر نەرسىگە خاپا بولمىدىم، ماۋۇ بالىنىڭ قىلىقىنى كۆرۈپلا جۇدۇنۇم تۇتتى. بۇ قالاق ھارىمنىڭ ئىشىنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان. ئۇنداق ئاسانلىقچە ئادەم بولىدىغان نېمە ئەمەسكەن بۇ!
تېيىپجان مېنىڭ كەيپىياتىمنى كۆرۈپ چاقچاق باشلاپ:
— بۇمۇ سىلىنىڭ يۇرتلۇق ئازغانلاردىن، — دېدى.
— مەندەك كۆندۈرۈلگەن ياۋىشىدىن ئەمەس، ياۋىسىدىن دەڭلا، — دېدىم مەنمۇ.
— سىلە بۇنداق ياشلارغا «ياغلىق قاپىقى» نۇقتىسىدىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارىماڭلا. كەينىگە كىرىدىغان ئادەم بولسا، توغرا يولغا چۈشۈپ ئاخىر ئادەم بولىدۇ. بۇنداق بالىلار تۈزۈلۈپ كەتسە، قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغانلاردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھېچ بولمىغاندا ئازغان يولىدا داۋاملىق ماڭماسلىقى مۇمكىن.
تېيىپجان توختىماي ماڭا چۈشەندۈرگىلى تۇرۇۋېدى، مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپلا:
— قارىي، ئاڭلىدىم، ئاۋۇ كۈنى گۇڭشېنىڭ ساقچىسى ماڭا، بۇ چوڭ گۇناھ قىلمايدىغان، كىچىكىدىن يانمايدىغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان، قېلىن بىر نېمە. شۇڭا پۈتۈن گۇڭشېدا «تۇرغۇن قالاق» دەيدۇ. يىل بويى ئەمگەك قىلمايدۇ. ساۋادى بولغان بىلەن كىتاب ئوقۇمايدۇ. مەجلىس، ئۆگىنىشكە دەسسەپمۇ قويمايدۇ. قەيەردە جېدەل چىقسا، «تۇرغۇن قالاق» چىقارغان دەپ پەرەز قىلساق خاتا بولمايدۇ. ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدۇ. بۇنىڭغا بىزنىڭ ھېچ ئامالىمىز قالمىدى، دەپ قاقشاپ بەرگەن، — دېدىم.
— ئۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى، ئۇ ئەسلى 2-شياۋدۇيلۇك بولسىمۇ، دائىم چاتاق تېرىيدىغان يېرى 3-شياۋدۇي بولغانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ ھازىر ئۇنى خېلى چۈشىنىپ قالدۇق، — دېدى تېيىپجان ئۆز گېپىدە يەنىلا چىڭ تۇرۇپ، — مەن سىلىگە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

## 10

— بىز يېڭى كەلگەن چاغلاردا ئۇ مەجلىسكە كەلگىلى ئۇنىمايدىكەن. ئۇنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلگەن 2-شياۋدۈي ئەزالىرىلا ئەمەس ھەتتا 3-شياۋدۈي ئەزالىرىمۇ ئۆيلىرىدىن ئەنسىرەپ، مەجلىسكە كەلمەيدىكەن. كەلگەنلىرى خاتىرجەم ئولتۇرالماي كېتىپ قالىدىكەن، — دەپ گەپ باشلىدى تېيىپجان تۇرغۇننى ماڭا تەپسىلىي تونۇشتۇرماقچى بولۇپ، — ئۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە يوق پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، بۇغداي نېنى، گۆش، قاق-جىگدە قاتارلىقلارنى ئوغرىلايدىكەن، باللىرى بەرمىسە ئۇلارنى ئۇرۇپ، بۇلايدىكەن. ئەگەر بۇغداي نان تاپالماي قالسا، ھۇ قەلەندەرلەر، ئۆيىدىن بىرپارچە بۇغداي نېنىمۇ چىقمىدا، دەپ تىللاپ، قوناق نانلىرىنى ھويلىغا چۆرۈۋېتىپ چىقىپ كېتىدىكەن. مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كادىرلار بىلەن پىكىرلىشىپ، ئۇنى كۈندە مەجلىسكە ئەكىۋالايلى دېيىشتۇق ۋە ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر كادىرنى مەسئۇل قىلىپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار مەجلىستە خاتىرجەم ئولتۇرىدىغان بولدى. لېكىن ئۇ مەجلىسنى زادى مەجلىس قىلغىلى قويمىدى. ھېلى پاراڭ سالسا، ھېلى يېنىدىكى چوكاننىڭ يانپىشىنى چىمدىۋېلىپ، قىيا-چىيا چىقىرىپ، مەجلىس تەرتىپىنى بۇزىدۇ. بىز قاتتىق گەپ قىلساق، ئەمسە مەن چىقىپ كېتەي، دەپلا جەرەندەك سەكرەپ، خەقلەرنى ئاتلاپ تالاغا ماڭىدۇ. ئۇ چىقىپ كەتسە دېھقانلار خاتىرجەم ئولتۇرالمايدۇ. ھەي، شۇ چاغلاردا بىز ئۇنىڭ جاپاسىنى كۆپ تارتتۇق، — دېدى تېيىپجان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم سۆزلەشتىم، ھارىمىنىڭ كالىلىسى ئۆتكۈركەن، دېگەن گەپلەرنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، يۈزىنى قېلىن قىلىپ، قەستەن پۇتاق چىقىرىپ، بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلىپ ئادەمنى جىلى قىلىدىكەن. شۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا بېسىم بولىدىغان، كەمسىتىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ ئېيىپلايدىغان بولسا، ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، ئادەمنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋاتىدىكەن. مەن كېيىنكى قېتىم ئۇنىڭغا: سەن خەقنىڭ نېنىنى ئوغرىلاپ يەپ يامان ئاتلىق بولغىچە، ئەمگەك قىلىپ، ئۆزۈڭ ئىشلەپ، ئۆزۈڭ تېپىپ يېسەڭ بولمامدۇ؟ ئۇنداق نان تېخىمۇ لەززەتلىك، سىڭىشلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ، دېسەم، ئۇ گەپ ياندۇرماي جىم ئولتۇردى. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن كۆپ ۋاقىتتا مەجلىسكە كەلدى. بىر نەرسە ئوغرىلىشىمۇ ئازايدى. لېكىن ھازىرغىچە ئەمگەككە چىققىلى ئۇنىماي ۋاتىدۇ، — دېدى تېيىپجان ئۆزى قىلىۋاتقان بۇ ئىشقا زور ئىشتىياق باغلىغاندەك قىزىقسىنىپ.

مېنىڭ ئۇ توغرىسىدىكى گەپلەرنى بۇنداق ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە ئاڭلىغۇم يوق ئىدى. شۇڭا تۇرۇپ-تۇرۇپ ئالدىمدىكى ماتېرىياللارنى ۋاراقلاپ ئولتۇردۇم.

— سىلىگە خوش ياقمايۋاتىدۇ-ھە؟ ئاڭلىمساڭلا بوپتۇ. مەن ئۇنى يارىملىق ئادەم قىلىپ سىلىگە كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام، — دېدى تېيىپجان خاپا بولغاندەك قىلىپ، — بۇ

يەردە سىلە بىلەن بىزگە قىلىدىغانغا كۆندە چوڭ ئىش يوق. بۇنداق ئىشلارنى قىلغاننى كۆزۈڭلەرگە ئىلمىساڭلا بوپتۇ.

— قايىنىماڭلا، ئاڭلاي، يەنە ئۇستۇمدىن ئەرز قىلماڭلا؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنى كۆلكىگە زورلاپ.

— مەن سىلىگە ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى تىيىپجان ئىككىمىزنىڭ كەيپىياتى سەل ئوڭشالغاندىن كېيىن.

— ئۇنىڭ ھازىرقى ئىشلىرىمۇ ھېكايە قىلىشقا ئېشىپ-تېشىپ تۇرمامدۇ؟

— سىلە ئۇنى ئىككى پۇلغا يارىماس كۆرۈۋاتسىلە-ھە؟ سىلە ئۇنداق قارىغان بىلەن دېھقانلار ئۇنى ئەقلىگە كېلىپ ئادەمگە ئوخشاۋاتىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ماڭا ئۇنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرىشتى، — تىيىپجان گەپنى تېخىمۇ يىراقتىن باشلىدى، — ئۇ بىر كۈنى قوشنىسىنىڭ نېنىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. قوشنىسى ئۇنى ئۇرۇپتۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئەتىگىنى ھېلىقى قوشنىسىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۆگزىسىگە چىقىپ، مورىسىدىن تەرەت قىلىپ قويۇپتۇ. بىر قازان ئۇماچنى بۇلغىغاندىن كېيىن، خولۇم-قوشنىلار ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، خالايىق، قادىر تازنىڭ ئۆيىدىكىلىرى پوق يەيدىغان بولدى، ئىشە نىمىسەڭلار كۆرۈڭلە، دېگىنچە ۋارقىراپ، ئۆگزىدىن ئۆگزىگە سەكرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ناھىيە بازىرىغا قېچىپ بېرىۋاپتىكەن، ئاتىسى تۇتۇپ كەلگەنمىش.

— مۇشۇنداق نېمىلەرمۇ ئادەم بولامدۇ؟ بىكار ئاۋارە بولماڭلاچۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۆزۈم يەتمەي.

— بۇ دېگىنىڭلارنىڭ يېرىمى توغرا، يېرىمى توغرا ئەمەس، راست ئۇنىڭ تۈزۈلمىكى تەس. ئەگەر تۈزۈلۈپ كەتسە، شاپتۇلغا «داھى» بولىدۇ دەڭلا؟

— چاقچاق قىلماڭلا، بۇ ياسىن ھاجىمچە ئوخشىتىش بولدى، — دېدىم مەن، يولداش ياسىن خۇدا بەردىنىڭ كۆپتۈرۈلگەن چاقچاقلارنى ئاڭلىغاندا، گېپىڭلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا، كېيىنكى قىسمى تامامەن قوشۇلغان توقۇلما، دەپ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئادىتىنى ئېسىمگە كەلتۈرۈپ. چۈنكى يولداش ياسىن خۇدابەردىمۇ شۇ چاغدا شاپتۇل گوڭشېسىنىڭ 6-دادۈيىدە ئىدى.

— مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۈچ قېتىم باردىم، — گەپنى داۋاملاشتۇردى تىيىپجان، — بىر قېتىم ئانىسى بىلەنمۇ سۆزلەشتىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئۆي دېگىلى بولامدۇ؟ چاك-چېكىدىن دەز كەتكەن، كۈندۈزى كۈن نۇرى، ئاخشىمى ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان، تۆت تامدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئۆيكەن. كۆلۈك ئوچاق ئالدىدا تىنتما-تىنتما بولۇپ كەتكەن بىر كىگىز پارچىسى، بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەن ئىككى پۇتلۇق بىر داڭقىنى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر پۇتىغا يېرىم پارچە خىشنى يۆلەپ قويۇپتۇ. ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ بىرمىكىن دەپ قالدىم. تەكچىدە جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن بىرلا يوتقان-كۆرپە تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىز كىرگەندە ئانىسى ئەتىگەنلىك «دولقۇن» دىن يېنىپ، ھويلىسىدىكى ئوچاقتا ئوماچ
چېلىۋاتقان ئىكەن. تۇرغۇننى ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ، دېدى. بۇ ئەتىگەن سائەت توققۇز
بولغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ بالىسىدىن قورقۇپ، بىزنى ئۇ بار ئۆيگە كىرگۈزمىدى ھەم
ھېچنەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى. پەقەت بوش ئاۋازدا، مەن ئۇنىڭ گېپىنى قىلسام
تىللايدۇ. يامىنىغا كەلسە ئۇرىدۇ، دېدى. بىز يېنىپ چىقتۇق. ئەتىسى بىز ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە يەنە باردۇق. ئاپىسى تېخى «دولقۇن» دىن قايتىپ كەلمىگەن ئىكەن.
ئۇدۇل تۇرغىن ياتقان ئۆيگە كىردۇق. ئۇ ئاللىقاچان ئويغانغان بولسىمۇ قوپماي ئېغناپ
يېتىپتىكەن. بىزگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ گەپمۇ قىلماي يېتىۋەردى.
تۆرە ئورنىڭدىن، تېيىپجان ئاكام سىلەرنى يوقلاپ كەلدى، — دېدى مەن بىلەن
بىللە كىرگەن قېيۇم ئاخۇن. لېكىن ئۇ بېشىنى يوتقان ئىچىگە تىقىپ ياتىۋەردى. قېيۇم
ئاخۇننىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى-دە، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يوتقىنىنى ئاچتى-يۇ، دەرھال
يېپىپ قويدى. چۈنكى تۇرغۇن يوتقان ئىچىدە قىپيالىڭاچ ياتقان ئىكەن. ئۇ ئۇياقتىن
بۇياققا يۆملانغىلى تۇردى. ئىككى پۇتى بىلەن يوتقاننى يۇقىرىسىغا تېپىپ تېپچەكلىدى،
ئۇ شۇ ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن ئۈنلۈك قىلىپ، ئېچىش، ئېچىش، ھەممىسىنى كۆرۈش،
دەپ ۋارقىرىغىنىچە ھەدەپ كۈلەتتى. ئۇ بىر پەستىن كېيىن ئورنىدا ئولتۇرۇپ، بىزگە
كۆزىنى ئالايتىپ: كۆرۈشنى خالاشمىساڭ چىقىشە ۋاي ئاداشلار. تېيىپجان-پېيىپجانلىرىڭ
بىلەن نېمە كارىم مېنىڭ، دەپلا يەنە يوتقان ئىچىگە كىرىپ، بېشىنى پۈركەپ
يېتىۋالدى. بىز يەنە قايتىپ كەتتۇق. بىز ئۈچىنچى قېتىم تۇرغۇن يوق چاغدا
باردۇق، — دېدى تېيىپجان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاپىسى ئىشىك ئالدىغا
چىقىپ ئەتراپقا قايتا-قايتا قارىۋالغاندىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتا تۇرغۇننىڭ يوقلۇقىغا
كۆزى يېتىپ، ھويلىسىغا يېنىپ كىردى. سۇپا لېۋىدە ئولتۇرۇپ يىغلاپ-قاقشاپ تۇرۇپ
ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بەردى. ئاپىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىشچان
ئادەمكەنمىش. ئۆز ۋاقتىدا ئۆيلىرى خېلى قويۇق ئىكەن. ئۇ ئايال تۆت ئوغۇل
تۇغۇپتۇ. ئالدىنقى ئۈچ بالىسى چېچەك، قىزىل كېسەللىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ، يېشى
خېلى بىر يەرگە بارغاندا مۇشۇ ئوغلى تۇغۇلۇپ توختاپ قاپتۇ. شۇڭا بىر بالا دەپ
ئانىسى ئۇنى بەك ئەتۋارلاپتۇ. نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلغىلى قويۇپتۇ. لېكىن
ئاتىسى قەھرىلىك، غورۇرى كۈچلۈك ئادەمكەن. ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە كەچۈرلۈك قىلمايدىكەن.
ئازراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى كۆرسىلا قولىغا چىققان نەرسە بىلەن قاتتىق
ئۇرىدىكەن. شۇڭا تۇرغۇن ئاپىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئاتىسىغا ئۆچمەنلىك كۆزى
بىلەن قارايدىغان بولۇپ چوڭ بوپتۇ. ئاتىسىدىن تاياق يېگەندە ئاتىسى بىلەن
قارشىلىشىدىغان، تېخىمۇ يامانلىق قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇ بۆگۈن ئۇنى قاقشاتسا، ئەتىسى
يەنە بىرىنى قاقشىتىدىكەن، جامائەت نارازى بولۇپ ئاتىسىغا گەپ قىلىدىكەن. شۇنىڭ
بىلەن ئاتىسى ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرىدىكەن، تۇرغۇن بولسا تېخىمۇ ئەسكىلىك

قىلدىكەن. بىر كۈنى تۇرغۇن، بىرقانچە بالىنى كەينىگە سېلىپ، ئۆزىنى ئاتىسىغا چاققان قوشنىسىنىڭ بىر ئوغلىقىنى ئوغرىلاپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر يارداڭلىقىقا ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلىغاندىن كېيىن بىر پۇتىنى ئوتقا قاقلاپ كاۋاب قىلىپ يەپ، قالغان قىسمىنى تېرىسى بىلەنلا شۇ پېتى تاشلىۋېتىپتۇ. بۇنى بىلگەن ئەل-جامائەت ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن تۇرغۇننىڭ ئاتىسى سايىماخۇننى جىملىشىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرگەنچە ئاچچىقىدا قولىغا چىققان كالتەكنى ئېلىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان تۇرغۇننىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىر سالغان ئىكەن، ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان ئاپىسى ئېرىنىڭ قولىدىكى كالتەكنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپتۇ. ئاتىسى مۇشت، تېپىك بىلەن ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ تەپكىلى تۇرۇپتۇ. قىيا-چىيا ئاۋازىنى ئاڭلىغان خولۇم-قوشنىلىرى كىرىپ ئاران ئاجرىتىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرغۇن ئىككى ئايدەك ئورنىدا يېتىپ، ئاندىن ئاستا-ئاستا ئەسىگە كەپتۇ.

ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، كېيىن ئاتىسى يامانلىق قىلدىڭ، دەپ ئۇرغاقىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىنى يېرىۋەتكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇرغۇن ھەدېسىلا جېدەل تېرىپلا يۈرۈپتۇ. ئاتىسى ئاچچىق يۇتۇپ، بۇنىڭدىن 3-4 يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىپتىمىش.

تېيىپجان تۇرغۇننىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— ئەمدى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھا بەرسەڭلا توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىسىلەر، — دېدى.

— قارىي، تۇرغۇن قالاقىنىڭ ئىشىدىن ھېكايە، داستان چىقىرىدىغان بوپسىلەر-دە؟ — دېدىم كۆپ گەپ قىلىش خۇش ياقماي.

— ئەگەر ئۇنى ياخشى ئۆزگەرتەلىسەك ھېكايە، داستان تۇرۇپ تۇرسۇن، خەلق خاتىرجەم بولاتتى، تەشكىل باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلاتتى، بىزمۇ خۇش بولۇپ قالاتتۇق، بولۇپمۇ ھېلىقى بىچارە ئاپىسى ئالەمچە خۇش بولۇپ كېتەتتى دەڭلە. ئۇ ئايال بىزگە يۈقىرىقى گەپلەرنى دەپ بولغۇچە نەچچە قېتىم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، تۆت ئەتراپىغا قاراپ كىردى. قورققىنىدىن تىترەپ تۇرىدۇ. ھەر سۆز ئارىلىقىدا يىغلاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئادەمنىڭ ئىچى سىېرىلىپ كېتىدۇ. بىچارە ئايالنىڭ ئۈستىبېشىغىمۇ قارىغىلى بولمايدۇ. ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن شۇ بىر قۇر كىيىمدىن باشقىسى يوق ئوخشايدۇ، قىش، ياز كىيىدىغىنىمۇ شۇمىكىن دەپ قالدىم. ئىچىم ئاغرىپ بەش يۈەن بەرگەنىدىم، كېيىن ئاڭلىسام ئۇ پۇلنى تۇرغۇن تارتىۋېلىپ، ئاغىنىلىرى بىلەن بازاردىن ئىككى قېتىم سامسا ئېلىپ يەپ تۈگىتىپتۇ. ئاچچىقىم كېلىپ تۇرغۇنغا گەپ قىلسام، ئۇنىڭغىمۇ بەرىدىم، ئۇمۇ يېدى دەپ گۆشۈيۈپ ئولتۇرمامدۇ؟

ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ كېيىنكى جايلىرىنى ئاڭلاپ، يەنە ئىشەنچىم بوشىدى:
ــ ھەي قارىي، ئاتا ـ ئانىسى، يۇرت ـ جامائەت، تەشكىل، قانۇن شۇنچە يىلدىن بۇيان ئەيۋاشقا كەلتۈرۈپ ئادەم قىلالمىغان نىمىنى سىلە بىلەن بىز مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىتتا ئەيۋاشقا كەلتۈرۈپ ئادەم قىلالارمىزمۇ؟ بىز بۇ يەردە يېرىم يىللا تۇرىدىغان تۇرساق، ــ دېدىم.
ــ قېنى، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا بەرگەن كىتابنى قانداق ئوقۇيدۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىر نېمە دېمەيمىزمۇ؟ ــ دېدى تىيىپجان.
مېنىڭ كېيىنكى تەھلىلىم تىيىپجانغا تەسىر قىلدىمۇ، بىلمىدىم، ئۇمۇ ئىلگىرىكىدەك مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان گەپنى قىلمىدى. مەنمۇ جىم بولۇپ قالدىم.

## 11

ئارىدىن دەل 15 كۈن ئۆتكەندە تىيىپجان ئۇنى دادۇيگە باشلاپ كەپتۇ.
ئۇ بۈگۈن ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك سوغۇق تەلەت، يامان پەيلى بىلەن كىرمىدى. ئەكسىچە بىر ئاز مۇلايىملىشىپ قالغاندەك، تەبەسسۇم كۈلكىسى قىلغاندەك كىرىپ كەلدى. تىيىپجان ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ، قانداق، ئالغا بېسىپتىمۇ، دېگىنى ئىدى.
ــ ئوقۇدۇڭمۇ؟ قېنى، كىتابنى ماڭا كۆرسىتە، ــ دېدى تىيىپجان ئوچۇق چىراي بىلەن.
ــ 15 كۈندە 15 بەت ئوقۇدۇم، ــ دېدى ئۇ كىتابنىڭ يېرىمىنى تىيىپجانغا سۇنۇپ.
تىيىپجان بىردىنلا چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ:
ــ كىتابنىڭ قالغان يېرىمى قېنى؟ ــ دېدى.
ــ ئۇنى كېيىنكى 15 كۈندە ئوقۇيمەن دەپ ئۆيدە قويۇپ كەلدىم، ــ دېدى ئۇ بىپەرۋا ھالەتتە.
ــ ھەي تۇرغۇن، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ پۈتۈن بىر كىتابنى نېمىشقا ئىككى پارچە قىلىۋەتتىڭ؟
ــ سىز مېنى كىتاب ئوقۇ دېگەندىن كېيىن بۆلۈپ ـ بۆلۈپ ئوقۇمامدىمەن، ــ دېدى ئۇ.
تىيىپجان قولىدىكى كىتابنىڭ ئىچىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، تېخىمۇ ئاچچىقلاندى.
ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟
ــ ئاشۇنداق ئوقۇسام مېڭەمگە رەسىمى ئورنىشىپ كېتەرمىكىن، ــ دېدى ئۇ ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— تاماكا يۈگەپ چېكىپسەن-ھە؟

— قەغەز تاپالماي، ئۇقۇپ بولغانلىرىمنى ئۇدۇل تاماكا يۈگەپ چەكتىم.

تېيىپجان نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزى قىزىرىپ، ئىككى قولى تىترەۋاتاتتى.

— قولاقنىڭ تۈۋىگە سالىدىغان نېمىكەنسەنوي، ساراڭ، — دېدىم غەزىپىمنى باسالماي. مېنىڭمۇ پۈتۈن بەدىنىم تىترەۋاتاتتى.

— مەنغۇ بىر مۇشتىقا ھېچنەرسە بولماسمەن ئاكا. مېنى ئۇردۇم دەپ ئۆزىڭىز خاتالىشىپ قالارسىزمىكىن؟ — دېدى ئۇ قىلچە ئەيمەنمەي ماڭا تىكىلىپ قاراپ. بۇ گەپتىن تېيىپجاننىڭ كۆلكىسى قىستاپ كەتتى بولغاي، پۇرقىرىۋەتتى. مەن چىشىمنى غۇچۇرلاتقىنىمچە، نېمە قىلساڭلار قىلڭلار ئاداش بۇ قىلىن، ساراڭنى، دېگىنىمچە سىرتقا چىقىپ كەتتىم.

مەن بىرەر سائەتتەك ئايلىنىپ قايتىپ كەلسەم تېيىپجان گېزىت كۆرگەچ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ كىرىشىمگە ئۇ:

— مەن سىلىنى «ئۆكتەبر» تراكتور زاۋۇتىدا ئۇزۇن يىل سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەن، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، خىزمەت ئۇسۇلى ياخشى، سەۋرچان دەپ يۈرسەم، تايىنلىقكەنسىلە، ئۇنىڭغا نېمانچە چېچىلىپ كېتىسلە؟ ئۇنداق ئادەملەر سىلىدىن قورقۇپ قالامتى؟ ئىزا تارتامتى؟ نومۇس دېگەننى بىلەمتى، ئەگەر بىلسە، ئۇنداق قىلىقسىزلىق قىلىپ يۈرەمتى؟ — دېدى. مېنىڭ يەنە جۇدۇنۇم ئۆرلىدى:

— ئۆكتەبر تراكتور زاۋۇتىدا ئەزەلدىن بۇنىڭغا ئوخشاش چويۇن يۈز ئادەم بولمىغان. يۇنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟

— قايىنماڭلا! سىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەنقىد قىلغانىدىم، جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى، — دېدى تېيىپجان.

— باشقا گېپىڭلا يوقمۇ؟ ئۆتكەندە بىسلىگە لاچىنباي ئاتلىق بىر جىن چاپلاشقانىدى. ئۇغۇ كېيىن خېلى ياخشى جىن چىقتى. ئەمدى تۇرغۇن قالاق دېگەن بۇ جىن چاپلاشقىلى تۇردىغۇ؟ بۇنىڭ گېپىنى ئىككىنچى مېنىڭ ئالدىمدا قىلماڭلا، — دېدىم مەن.

— سىلە دۇنيادىكى جىنلارنىڭ ھەممىسىنى توختى ئاتلىق دېگەنمىدىڭلە؟

— ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە كالاڭلانى باقساڭلاچۇ؟

— چىدىماسلىق قىلماڭلا-ھە!

مېنىڭ كەيپىم سەل بېسىلغانىدى، تېيىپجان ماڭا يېلىنغانىدەك قىلىپ:

— ئايىغىم يوق تۇرىدۇ. سىلى بىر يەرگە ئېلىپ قويمىغانسىلە-ھە؟ — دېدى.

مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ-تاڭ قالدىم.

— ئاشۇ ھارىمى ئوغرىلاپتۇ-دە، ياپىر، بۇنىڭ چاققانلىقىنى، — دېدى تېيىپجان ھەيران بولغان ھالدا.

— ياخشى بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئۆزۈڭلە ئوغرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ ھارىمىنىڭ يۈزىنىڭ سىلىنىڭ ساغرا تېرەڭلەدىن نەچچە ھەسسە قېلىنلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەنتىم، ئەمدىغۇ بولدى قىلارسىلە؟

— بۇ قېتىم خېلى ئوخشاتتىڭلا! — دېدى تېيىپجانمۇ كۈلۈپ. مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۇرغۇن تېيىپجانغا:

— تېيىپجانكا، سىزدىن چوڭ دۆيجاڭنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ نېمە؟ ھېلىقى كىتابتىن بولسا يەنە بىرنى بېرىڭا، ئوقۇساممۇ ئوقاي. لېكىن بەك قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. ھازىر مېنىڭ قۇلىقىمغا گەپ كىرمەيدۇ. بىر گىردە ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، قورسىقىمنى تويغۇزۇۋېلىپلا ئوقۇسام، — دەپتۇ. تېيىپجان ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇيمەن دېگىنىگە خۇشال بولۇپ كىتابىنىڭ يېڭىسىدىن بىرنى بېرىپ، ئاشخانىغا چىقىپ ئۇستامدىن ئىككى گىردە ئېلىپ چىقسا، ئۇ يوق تۇرغۇدەك.

مېنىڭ كۆڭلۈم بىرنەرسىنى تۇيغاندەك قىلىپ چامدانىنى ئېچىپ قارىسام، تېيىپجاننىڭ مېنىڭ چامدانىمدا قويىدىغان بىر قۇر كىيىمى يوق تۇرىدۇ. (دادۆيدە تېيىپجاننىڭ ياتقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قۇر كىيىمى بىلەن ھېلىقى ئايىغى مېنىڭ ياتقىمدا تۇراتتى.)

— ساپلا مېنىڭكىنى ئالغانغا قارىغاندا ئۇ مەندىن ئىنتىقام ئېلىۋېتىپتۇ، — دېدى تېيىپجان.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلا؟

— مەن يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، نېمىشقا جىم يۈرمەي قىلىقسىزلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ قارغىشىغا قالىسەن دېسەم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى قىلچە يوشۇرماي، مەن مېنى بوزەك قىلغان، چىشىمغا تەگكەن، تىللىغان، يامان دېگەن، ھەتتا مېنى باشقۇرىمەن دېگەنلەرنى بىر قاقشىتىۋالسام كۆڭلۈم يايراپ، ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ كېتىمەن، دېگەندى. بۇ ئۇنىڭ، مېنى باشقۇرىمەن دېگەندىن كېيىن مانا ئەمسە، دەپ مەندىن ئىنتىقام ئالغىنى بولۇشى مۇمكىن دەيمىنا. مەن كوچىلاپ، نېمىشقا سەندە شۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ، دېسەم، تاڭ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مېنى يامان دېسەڭ يامانلىق دېگەن مانا ئەمسە مۇنداق بولىدۇ دېگىنىم ئوخشايدۇ، دېگەندى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئاشۇ غورۇرىنىڭ كۈچىدىن ھەقچان، — دېدى.

— نېمە؟ غورۇرى دەپ كەتكىنىڭلەنى، ئۇنىڭدا غورۇر نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— مانا ئەمدى ساۋاتسىزلىق قىلغىلى تۇردۇڭلا. دۇنيادا غورۇرى يوق ئىنسان بولمايدۇ. گەپ ئۇنىڭدىكى غورۇرنىڭ كۈچلۈك، ئاجىز بولۇشىدا، بۇنداق ئادەملەرنىڭ غورۇرى تېخى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

— ئۇنىڭغا يەنە كىتاب بەردىڭلىما؟

— ھېلىقى ئكىتاپتىن ئىككىسى بار ئىدى. بىرىنى بەردىم.

— بەللى، سىلە ئۇنى ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا قەغىزى بىلەن تەمىنلەيدىغان بوپسىلە-دە؟ — زاڭلىق قىلدىم مەن.

— سىلە ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا ئىشە نمەيۋاتسىلە-ھە؟ مەيلى، ئىشە نمىسىڭلە ئىشە نمەڭلە، لېكىن ئۇ بۇ قېتىم چوقۇم بىر ھەپتە ئىچىدە ئوقۇپ تۈگىتىمەن. ئاساسي مەزمۇنىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىمەن. سىزنى ئاۋۇ ئادەم ئالدىدا يەرگە قاراتمايمەن، دەپ ۋەدە بەردى.

— كۆرۈڭ ماۋۇ ھارىمىنى، تېخى سىلە بىلەن دوست بولۇپ، ئەمدى مېنىڭ بىلەن ئېيتىشامدىكەن؟

— بۇ سىلە بىلەن ئېيتىشقانلىق ئەمەس. مېنى ئايىغانلىقى دەيمەنغۇ؟

— بوپتۇ، كۆرىمىز، خوش، ئەمدى ئاياغ بىلەن كۆڭلەكنى قانداق قىلىمىز؟ سىلىچۇ قارىي، ئاشۇنداق نېمىلەر جايلىسا، ئاندىن مۇشۇنداق پۇشۇلداپ ئولتۇرسىلە؟ — مەن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم.

— كۈلمەڭلە، سىلى بىلمەيسىلە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولى كەڭ كېلىدۇ. شۇڭا بىزمۇ مەردلىك قىلىپ يۈزگە سالمايلى. قانداق؟

— ئەمىسە ماۋۇ كالتە ئىشتان، ئاسما مايكاڭلارنىمۇ ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئاپىرىپ بېرىڭلە، ئۇ گىردىگە تېگىشىپ يېسۇن، — مەن يەنە قاتتىق كۈلۈپ كەتتىم.

— مۇشۇ زاڭلىق كۈلكەڭلەرگە كېيىن چوقۇم پۇشايمان قىلىپ قالىسىلە. ئەگەر ئۇ سىلىنىڭكىنى ئالسا قانداق قىلاتتىڭلا؟ سولىتىۋاتامتىڭلا؟

— ئوتتۇرىغا ئېلىپ كۆرەش قىلىپ، بۇرۇندىن بۇلاق چىقىراتتىم ھارىمىنىڭ.

— سىلە بىرىنچى باشلىق بولغاندىن كېيىن ھېلىمۇ بولسا كۆرەش قىلىپ باقامسىلە؟ — ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى ئۆرلىگىلى تۇردى، — مەن سىلىگە دەپ قويايي. بىز كېلىشتىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن ئۇنى نەچچە قېتىم ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. لېكىن زادى باش ئەگدۈرەلمەپتۇ. نېمە دەپتۇ دېمەمسىلە؟ ئالدى بىلەن ماڭا قالپاق كەيدۈرۈپ ئاندىن كۆرەش قىلىڭلار، مەن دېگەن گۇڭشې ئەزاسى، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. دادۇيجاڭ ئۇنى سەن ئوغرى ئۇنسۇر، دېسە، ئۇ، نان ئوغرىلىغانغىمۇ ئۇنسۇرغا توشامدۇ، دېگۈدەك. كېيىنكى بىر قېتىمدا سەن قالاق ئۇنسۇر دېسە، ئۇنداق قالپاق يوق. مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭلا، مەن قانۇننىڭ چېكىدىن ھەرگىز ئۆياققا ئۆتمەيمەن، دەپ بولۇپ، چوڭنى قىلمايمەن، كىچىكىدىن قالمايمەن، بىلمەيدۇ دەپ يۈرمەڭلا، بۇ پەيلىمدىن يانمايمەن، دەپ غىڭشىپتۇ. مەجلىستە ئولتۇرغانلارنىڭ كۈلگىسى كېلىپ، مەجلىس بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. دادۇيجاڭ غەزەپلىنىپ، پاتنىڭدىن ئىتتىرگىنىچە گۇڭشې ئامانلىق ساقلاش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ساقچىلار ئۇنى بىر ئاخشام سولاپ قويۇپ ئەتىسى قويۇۋېتىپتۇ. دادۇيجاڭ: ئۇنى نېمىشقا قويۇۋېتىسىلەر، بىسلەر قانۇننى

www.uyghurkitap.com

ئىجرا قىلماي نېمە قىلىدىغان ئادەم، دەپ چېچىلىپتىكەن، دادىۋىجاك، ئۇنىڭ ئىشى قانۇنغا توشمىسا، سولاپ قويغان بىلەن بولمايدۇ. ئۇ ھارمى ھەممىنى بىلىدۇ. بىز تولا سولاپ ھاردۇق. ئۆزۈڭلار ئۆزگەرتۈپلىڭلار، دەپتۇ ساقچىلار. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى تىپىچان ماڭا تىكىلىپ قاراپ.

— قارىي، ئەگەر سىلە بۇ قالاقنى ئۆزگەرتىپ ئادەم قىلالىساڭلا، مەن يۇقىرىغا سىلىنى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ باللار تۇرمىسىگە باشلىق قىلىشقا تەكلىپ بېرىمەن، — دېدىم ئۇنى زاڭلىق قىلىپ.

بىز بىر سائەتتەك مۇشۇنداق مۇنازىرىلىشىپ، ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالماي ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن تىپىچان ئۇدا ئىككى ھەپتە دادىۋىگە كەلمىدى. كېيىن مەجلىسكە كەلگەندىمۇ تۇرغۇن توغرىسىدا گەپ قىلمىدى. مەن ئىچىمدە، قارىي ئاخىر ئۇنىڭدىن زېرىكتى بولغاي. ئۇنداق قىتاللىشىپ كەتكەن بىرنېمىنى ئەيۋاشقا كەلتۈرمەك شۇنداق ئاسانمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇ توغرىسىدا گەپ قىلمىدىم.

## 12

بىر كۈنى تىپىچان دادىۋي ھويلىسىغا ناھايىتى خۇشال كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:

— توختاخۇن، قەيەردە سىلە؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— نېمە كىرە-كىرمەي مۆرەيسىلە، ئاچ قالدىڭلىمۇ يا، مانا مەن، — دېدىم كۆرۈۋاتقان ماتېرىيالدىن باش كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— ھېچ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيسىلە، باشقا قىياپەتكە كىرىۋالمىغانسىلە-ھە؟

ئۇ چاقچاق قىلغىنىچە ئىككى كىتابنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— يەنە كىتاب ئالدىڭلىما؟

— ياشلارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمىدىن ئىككىنى سېتىۋالدىم.

— بۈگۈن ئاجايىپ خۇشالغۇ قارىي؟ — دېدىم ئۇنىڭ چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن ئۇستىبېشىغا، لاي بولۇپ كەتكەن ئايىغى بىلەن يۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن ئىشتىنىغا قاراپ.

— نېمە ئايىغىمغا قارايسىلە دۈشمەندەك.

— قارىي، بۈگۈن سىلىنى سۆرەمدىن چىقىرىپ قوشقا سالغان ئوخشىمامدۇ؟ «شىراق»لىرىڭلارغىچە لاي بولۇپ كېتىپسىلەر، توكلىرىڭلىمۇ تەتۈر ھۆرپىيىپ كېتىپتىغۇ؟ — دېدىم.

— بۇنى كەلتۈرۈۋالدىڭلا. سىلىمۇ بوش كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭلا جۇمۇ.

— سىلە ئۇستام بولغاندىكىن بىزمۇ ئاز-تولا ئۆگىنەمدۇق.

بىز شۇلارنى دېيىشىپ تۇرساق سىياسىي يېتەكچى مەھەممەت ئوسمان كىرىپ

كەلدى.

— بۇ كىشمۇ ئاڭلىسۇن پەيزاۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، — دېدى تېيىپجان چاقچاق قىلىپ، — تۇرغۇن كېيىنكى بەرگەن كىتابنى تولۇق ئوقۇپتۇ.

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ بولدى، ئاڭلىمايمەن. خۇددى بىزگە قىلىدىغان باشقا ئىش قالمىغاندەك يەنە شۇنىڭ گېپى، — دېدىم مەن نارازى بولۇپ.

— مەنمۇ ئۇنى خېلى ئادەم بولۇپ قالدى دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى مەھەممەت ئوسمان، — ئۇلۇشكۈن ئانىسى بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ خوتۇن، مېنىڭ تۇرغۇن بالام هازىر باشقىچىلا بولۇپ كەتتى. ئۇ مېنى ئەمدى ئۇنداق تىللىمايدىغان بولدى. دائىم بۇغداي نېنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئانا، ماۋۇنى يە، دەپ تۇرىدۇ. نەدىن ئالدىڭ، ئوغرىلىدىڭمۇ، دېسەم، ياق، قوشنىلاردىن سوراپ ئالدىم. ئەمدى ئوغرىلىمايمەن، هازىرچە مۇشۇنداق سوراپ ئېلىپ يېمىسەك قانداق قىلىمىز. بۇ يىلقى ئورمىدىن كېيىن سوراپمۇ ئالمايمەن، دەيدۇ. جېنىم بالام دەپ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتىم. ئاراڭلاردىكى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن، ئىككى-ئۈچ قېتىمدەك بىزنىڭ ئۆيگە بارغان بىر كادىرىمىز بالامنى تەربىيلەپ ئادەم قىپتىمش. ئىلاهىم ئۆمۈرى ئۇزۇن بولسۇن، مىڭ ياشقا كىرسۇن، دەپ دۇئا قىلىپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېيىپجاننىڭ يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈردى.

مەن جىم بولۇۋالدىم.

بىردەم جىمجىتلىقتىن كېيىن تېيىپجان ئېغىز ئاچتى:

— مەن بۇ قېتىم كىتابنى بىر ۋاراق-بىر ۋاراقتىن تەكشۈردۈم. ئۇ راستتىن ئوقۇپتۇ. راست ئوقۇغان بولساڭ نېمە تەسىرات ئالدىڭ، سۆزلەپ باقە قېنى دېسەم، ئۇ، ئۇ خەنزۇمۇ ماڭا ئوخشاش قورقمايدىغان نېمكەن، دەيدۇ. مەن كۈلۈپ كېتىپ، ئاران شۇلىما، باشقا تەسىراتىڭ يوقمۇ؟ لېكىن بىرداۋلىنى بىلىۋال، ئۇنىڭ قورقماي قىلغىنى بىلەن سېنىڭ قىلغىنىڭ خاراكتېرى ئوخشمايدىغان ئىككى خىل قورقماسلىق، دېدىم. ئۇ، ئۇنى بىلمەن. خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىغاندىم، ئۇنتۇپ قالدىم. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تەمترەپ كېتىۋاتىمەن، دېدى. ئاندىن، ئاۋۇ كۈنى ئايىغىڭىز بىلەن كۆڭلىكىڭىزنى مەن ئالغاندىم. قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلدىم، دەپ ئاياغ بىلەن كۆڭلەكنى ئىككى قوللاپ ماڭا تەڭلىدى. مەن ئۇنىڭغا، نېمشقا كەيمىدىڭ، مەن سۈيلىمگەندىن كېيىن كەيسەڭ بولمامدۇ؟ دېسەم، ئەگەر سۈيلەپ، يۈزۈمگە سېلىپ، يىغىندا تەنقىد قىلغان بولسىڭىز كەيمسەممۇ سېتىۋېتىپ پۇلىغا سامسا ئېلىپ يەيتتىم. سىز گەپ-سۆز قىلمىغاندىن كېيىن بۇ مەرد ئادەمكەن، دەپ ئىزا تارتىپ قالدىم. سىز مەردلىك قىلغاندىن كېيىن مەن مەردلىك قىلمىسام بولامدۇ، دېدى. مەن خۇشاللىقىمدىن، بولدى، ئاياغ بىلەن كۆڭلەكنى ساڭا بېرىۋەتتىم، دېدىم. ئۇ ئالغىلى ئۇنىمدى. ھەتتا مەن ئۇنىڭغا. سەن بۇلارنى ئوغرىلىغان بولما، مەنمۇ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ساڭا بەرگەن

بولاي، دېسەممۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مەن يەنە، ھەي تۇرغۇن، سەنىڭ مەردلىك قىلىپ قايتۇرۇپ كەپسەن. ئەمدى ئۇلارنى مەن سەندىن ئېلىۋالسام مەن تازا نامەرد، چۈپەيلەردىن بولۇپ قالامدىمەن، دېۋېدىم، ئۇ تۇرۇپ كېتىپ، ئۇنداق بولسا ئالاي. خەقلەر سىزنى كۆزى كىچىك چۈپەي بىرنېمىكەن دەپ قالمىسۇن. ئەمدى سىزنىڭ يۈزىڭىزنى چۈشۈرسەم بولمايدۇ، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. مەن ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن: بۇ پۇلنى ئاناڭغا بەر. رەخت ئېلىپ، ئىشتان، كۆڭلەك تىكتۈرۈپ كەيسۇن، دەپ بەش كوي پۇل بەردىم. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم ئاپىسىنى ئۆزى بىرگە ئېلىپ چىقىپ رەخت ئېلىشىپ بېرىپتۇ. ئۇ ھازىر ئەتىگىنى دولقۇنغا چىقىمىغىنى بىلەن ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئېتىزغا چىقىپ ئەزالار بىلەن بىرگە ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ. ھەر ھالدا ئەجرىمىز بىكارغا كەتمىدى، — دېدى تېيىپجان يېنىك تىنىپ.

— بۇ ئەلۋەتتە سىلىنىڭ ئەجرىڭلا. لېكىن بۇ خۇددى كالا ھارۋىسى بىلەن توشقان تۇتقاندەك ئىش بولدى، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— ئازماس ئاللا. بەندىنىڭ ئازمايدىغىنى يوق، — دېدى ئۇمۇ چاقچاق قىلىپ. ئاندىن، — بۇ ئۇتۇقنى يالغۇز ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالسامۇ بولماس. ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتى. تەشكىلنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، — ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ، كۈلۈپ قويدى، — ئاممىنىڭ ياردىمى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن دېگىنىمىز ياخشى بولارمىكىن؟ — ئۇ شۇ ۋاقىتدىكى مودا بولۇپ كەتكەن سۆز تىزمىسى بويىچە گەپ ئويۇنى قىلىۋاتاتتى، — مۇشۇنداق دېمىسەك بولمايدۇ. قانداق دېدىم؟ — ئۇ مەھەممەت ئوسمانغا قاراپ قويدى.

بىز ئۈچىمىز ئەمدى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىشىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. نۇرغۇن مۇلاھىزىلەردىن كېيىن تېيىپجان دېدى:

— ئۇنىڭ ئاتىغى يامان بولغان بىلەن قىلغان-ئەتكەنلىرى ناھايىتى شۇ بىرقانچە ئىش! بۇنداق ئىشلار ياش باللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ياشلار ياشلىق قىلىپ ھەرخىل سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىرى، ئۇنى يەنە كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلىسەك، يەنە بىرى، ئەمگەك بىلەن ئۆز كۈنىنى ئېلىشقا يېتەكلىسەك. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆز كۈنىنى ئالغانىنىڭ تەمىنى تېتىسىلا چوقۇم ئىزىغا چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۆيلەپ قويغىلى بولسىغۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن خەقلەر ھازىرچە ئاسانلىقچە قىزىنى بەرمەسلىكى مۇمكىن. بىزمۇ ئۇلگۈرەلمەيمىز. ئەمدى مۇنداق بىر ئەمەلىي ئىش بار، بۇنىڭغا ئىككىڭلار ياردەم قىلمىساڭلار بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەمگەككە چىققان كۈنى يوق ھېسابىدا. ئاڭلىسام ئاپىسىنىڭمۇ ئالغان ئەمگەك نومۇرى ئاز ئىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ئۇلارنىڭ قانداق كۈن ئۆتكۈزۈشىنى ئويلىماي كىتاب ئوقۇشقا زورلاۋەرسەك «قورۇق تاغار ئۆرە تۇرالمىغاندەك» ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مېنىڭ

مۇنداق بىر ئۇيۇم بار. بىز ئۇنىڭ ئىشنى ئالاھىدە ئەھۋال قاتارىدا كۆرۈپ، يازلىق تەخسىماتتىنا ئۇلارغا كېلەر يىلغا ئۆلىشۋالغۇدەك ئاشلىق بەرسەك، پۇلنى دادۇي چىقارسا، ئائىلىسىگە بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان-كۆرپىلىك رەخت، پاختا. ئانىسىغا قىشلىق كىيىم بولغۇدەك بىر نەرسىلەرنى ياردەم قىلىپ، مۇشۇ ئاساستا ئۆزۈكلارنى ئوگىشۋېلىڭلار، دېسەك قانداق بولا؟ يەنە بىر گەپ، بۇ يەردىكى كادىرلارغىمۇ ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش، كۆيۈنۈش، توغرا يېتەكلەش، ئالغا باسقاندا رىغبەتلەندۈرۈشنى تاپىلاش كېرەك.

مەھەممەت ئوسمان ئىككىمىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇق. تېيىپجان خۇددى مول ھوسۇل ئالغان دېھقاندەك خوش بولۇپ كەتتى.

تۇرغۇننىڭ ئالغا بېسىپ، ئىزىغا چۈشكەنلىكى ئۇزاققا قالماي پۈتۈن گوڭشې تەۋەسىگە تارقىلىپ، ھەممە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. بىز قايتىشقا ئاز قالغاندا تېيىپجان يەنە تۇرغۇننىڭ گېپىنى قىلىپ:

— لېي فېڭنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بولدۇم دەپ كەپتىكەن، دەپ باقە قېنى، نېمە تەسىرات ئالدىڭ دېسەم، ئۇ لېي فېڭ ياخشى ئىش قىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىمايدىكەن، مەن يامان ئىش قىلىپ تۇرۇپمۇ داۋراڭ سالىدىكەنمەن، چۈشەنگىنىم توغرىمۇ؟ — دەيدۇ.

— چۈشەنگىنىڭ توغرا، بۇنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دەيمىز، دېدىم، — دېدى تېيىپجان سۆيۈنۈش بىلەن.

مەن ئەتە قەشقەرگە ماڭىمەن دېگەن ئاخشىمى تېيىپجان يەنە تۇرغۇن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشىدىن تېخىچە ئەندىشىسى تۈگىمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇرۇمچىگە بېرگە ئېلىپ كېتەمسىلە يا؟ — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

— مەن بىلەن بىرگە پېپەنگە چۈشسۇن دەمسىلە ئۇنى؟

— ئۆزۈكلەرگە يان تاياق قىلىۋالامسىلەر؟

— چاقچىقىڭلارنى قويۇڭلا. بىز ئۇنى خاراكتېرى ياخشىراق، ئېغىر-بېسىق بىر كادىرغا تۇتقۇزۇپ قويساق بولاتتى، — دېدى ئۇ.

— كالا مىجەز دەڭلا، — دېدىم يەنە چاقچاق قىلىپ. ئۇ مېنىڭ چاقچىقىم بىلەن كارى بولماي گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بولمىسا شۇنچە قىلغان ئەجرىمىز بىكار كەتمىسۇن دەيمەن-دە، — دەپ بولۇپ، — مۇھىمى، ئۇ ئەمگەكتىن قاچمىسىلا چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىدۇ، — دېگەننى تەكرارلىدى.

مەن بىردىنلا خىيالغا پاتتىم. بۇ ئاداش ئۆزى شۇنچە زور، ئېغىر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ تۇرۇپ، يەنە تۇرغۇننىڭ ئىشىنى شۇنچە قىلىپ كەتكىنىنى كىممۇ كۆرەر؟

www.uyghurkitap.com

## خاتىمە

تېيىپجان ئاقلىنىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىز شاپتۇل توغرىسىدا كۆپ قېتىم پاراڭلاشقانىدۇق، شاپتۇل توغرىسىدا گەپ چىقسىلا، تېيىپجان لاچىنباي بىلەن تۇرغۇننىڭ گېپىنى قىلىپ:

— لاچىنباي ھەقىقەتەن دېھقانلار ئىچىدىكى «موللا تاپىقاق» ئىدى. سىلە ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنىڭدا بەزى نۇقسانلار بولسىمۇ، ئەگەر ھەممە دېھقاننىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن ئەقىل-پاراسىتىنى لاچىنباينىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان بولساق ئالەمچە ئىش بولۇپ كېتەتتى، — دەيتتى. بىر قېتىم مەن:

— سىلە قايتىدىغان چاغدا ئۇ ئىككىسى سىلە بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— كەلدى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم كەلدى. لېكىن مەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدىم. چۈنكى ئۇۋاقىتتا مېنىڭ «چاۋام چىقتا يېپىلىپ» بولغان تۇرسا، ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەم ئۇلارنى بالاغا قويىمادىمەن. شۇڭا مەن كۆرۈشمەيمەن، ئىشىم ئالدىراش دەپ باھانە كۆرسەتكەنىدىم. تۇرغۇننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتىمىش، — دېدى.

ھازىر بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 30 يىلدىن ئاشتى. ھەر قېتىم پەيزىۋات شاپتۇلدا تېيىپجان بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ياد ئېتىمەن!

1996-يىل 25-مارت، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

---

(بېشى 133-بەتتە)

(بېشى 133-بەتتە)

ئىجادىي ئەمگەك، بۇ توختى ئايۇپنىڭ ئۈمىدۋار، تىرىشچان، تەلەپچان يازغۇچىلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ شۇنداق.

دەۋر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، يېڭىلىنىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاڭ تەرەققىياتى، بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشى، ئۇچۇر ئىگىلىشى، سەنئەتتىن زوقلىنىش سەۋىيىسى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىن، تەپەككۇرىمىزدىن نەچچە ھەسسە تېز بولماقتا. ناۋادا يولداش توختى ئايۇپمۇ دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، كىتابخانلارنىڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئېستېتىك تەلىپىنى ھېسابقا ئېلىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت مۇساپىسىدە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ بىلەن تىرىشىدىغانلا بولسا، يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەرنى جەزمەن تۈگىتىپ، خەلققە ئېسىل مەنىۋى ئوزۇقلار تەقدىم قىلىش يولىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئايبېك ئۆمەر

# مايىزلاق ناخشىلىرى

## يۇلغۇنلار

قۇم ئۇچۇپ زېمىننى باسسىمۇ بوران،
يۇلغۇنلار، يۇلغۇنلار كۆمۈلمەس ئەبەد.
ۋۇجۇدى چىدامغا ھەمىشە ئۆرنەك،
سۆيۈملۈك ئانا يەر باغرىدا پەقەت.

مەيلىنى رام قىلغان قارا ئالتۇنلار،
قارا كۆز دىلبەردەك سۆيگۈدە خاقان.
باياۋان بىر دەپتەر، يۇلغۇنلار شائىر،
شائىرغا شېئىردەك گۈزەل بۇ ماكان.

يۇلغۇنلار، يۇلغۇنلار كۈيلەي سىلەرنى،
ھەرتامچە تەر بۇندا يالتىرىغان بال.
ۋىشكىلار ئورمىنى گويا ئارامگاھ،
ھاياجان قوزغايدۇ دىلدا شوخ شامال.

يۇلغۇنلار، يۇلغۇنلار، مەغرۇر يۇلغۇنلار
سىلەردە بار قانداق ئاجايىپ خىسلەت.
روھلارغا باھارنى باشلىغان سىلەر،
چۆلسىرەپ قالمىدى ھەتتا تەبىئەت.

## قاراماي قەلبىمدە بالقىغان قۇياش

قۇت ئۇچۇن تەرلىدىم كېيىپ ماي چاپان،
تۇرسىمۇ ۋىشكىلار قەددى پەلەكتە.
گۈل بولدى ئەجىردىن باسقان ھەرقەدەم،
مەن خوجا مۇقەددەس ئالىي تىلەككە.

ئۇلۇغۋار بىر روھكى ئەلگە نەپ بەرمەك،
پەيلىمگە بەكمۇ يات ئۆزىنى بوياش.
پۈكەلمەس مىڭ جاپا مېنىڭ قەددىمنى،
قاراماي قەلبىمدە بالقىغان قۇياش!

## سىلىم بوۋا قەسىدىسى

سىلىم ياتقان گەمىنىڭ
چىرىغى بار ئۆچمىگەن.
ئايقىز ئەتكەن لەغمەنىنىڭ
ئىسسىقى بار كۆچمىگەن.

قاپاقتىكى يەر يېغى
يېزىلمىغان بىر شېئىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالدى لېكىن ئۇنتۇلۇپ
يۇلغۇن كۆرگەن چۆل-ئېدىر.

يالغۇز ئاياغ تۇنجى يول
تېپىلمايدۇ ئىزدىسەڭ.
كۆزۈڭ كۆرگەن راست ئەمەس،
ئەقلىڭ بىلەن كۆرمىسەڭ.

شۇ تەۋەررۈك گەمىدە
چاڭ قونمىغان دۇتار بار.
تۇنجى نېفىت ئىشچىسى
تاپقان تۇنجى باھار بار.

سېلىم باققان ماي بۇلاق
دىلدا قوزغار ئىشتىياق.
ئەجداد ئىزى كۆمۈلمەس،
ئەۋلاد دېگەن شام-چىراغ!

**تۆكۈلدى يۇلغۇننىڭ خۇشاللىق يېشى**

چىقتى ماي فونتانلاپ يەرنىڭ تەكتىدىن
بورانلار ھەيۋىسى يوقالغان ئاخشام.
ئاسمانغا تاقاشتى بېشى ۋىشكىنىڭ،
مانا بۇ مېنىڭلا يالقۇنلۇق ئاخشام.

يۇلغۇنلار شۇنچىلىك سېخىي ۋە ساددا،
تۆكۈپ تەر ئىشلەيدۇ تىنىماي قىش-يېزى.
تۇتقاندا ھۆرمەتنىڭ شارابىنى ئەل،
تۆكۈلدى يۇلغۇننىڭ خۇشاللىق يېشى.

**ھەر سادا ئەڭ يېڭى مۇقام بۇ يۇرتتا**

ھەرسادا ئەڭ يېڭى مۇقام بۇ يۇرتتا،
ۋىشكىلار ئورمىنى سوزۇلغان ئۇزاق.
چۆكسەم گەر ئۈمىدنىڭ تېگى-تەكتىگە،
نۇرلانغان كېلىچەك ئاچقان كەڭ قۇچاق.

ھەرسادا ئەڭ يېڭى مۇقام بۇ يۇرتتا،
مەيلى سوغ، تومۇزدا مەۋجۇت شۇ رىتىم.
كۈي تۆكەر يوپۇرماق ھەتتا، ھەر بىر تاش،
دەيدۇ ھەم ياشنايدۇ مېھنەتتە بېغىم!

ھەر سادا ئەڭ يېڭى مۇقام بۇ يۇرتتا،
مۇقام دەپ تۇغۇلغان گويا ھەر ئادەم.
دىللارنىڭ كۆركىگە تېڭىندىم شۇ تاپ،
ھەرتامچە مايدا بار گۈزەل بىر ئالەم.

**ھاجى مىرزاھىد كېرىمى**

## ماڭا تىكىلگەن كۆزلەر

كۈندە ماڭا تىكىلگەن كۆزلەر،
ئازمۇ ئەمەس، سانسىزمۇ ئەمەس.
ئوتلۇق كۆزلەر، ئاھ، ئويچان كۆزلەر...
خۇش نەزەردىن ئالىمەن نەپەس.

كۆرۈندۇ بۇ ئالەم ماڭا
كۆزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندەك.
كۆز يۇمۇلسا بېسىپ قاراڭغۇ،
كۆز ئېچىلسا يورۇپ كەتكەندەك.

ئۇللىتار كۈن ئۇللىتالمىغان
يۈرىكىمنى ئاتام كۆزلىرى.
قىلار ئىنئام شاھ قىلالمىغان
پاراسەتنى ئاتام كۆزلىرى.

ئويناق كۆزلەر-نىگارىم كۆزى
ئالار سىناق ساداقىتىمدىن.
ئاھ، شۇ جىگەرپارەمنىڭ كۆزى
بېرەر خەۋەر سائادىتىمدىن.

كۈلگەن كۆزلەر دوستلىرىم كۆزى
روھىمغا روھ قوشۇپ كارامەت.
ياش تۆككىنىمۇ دوستلىرىم ئۆزى
مەدەت، مەلھەم بولۇپ داۋامەت.

باققان كۆزلەر نەزەرى كۆپىنىڭ،
يىقىلسامەن يۆلەپ تۇرغۇزار.
باسقان قەدەم، مەنزىللىرىمگە
ھەرقاراشتا بىردىن سوئال بار.

لېكىن ئۆگۈپ ئالايغانلارنىڭ
قارغىشلىرى شۇنچە ئەرزىمەس.

دىماغ قېقىپ ھىجايغانلارنىڭ
بولماي نىچۈن قەستىدىن پەخەس؟

بەزى كۆزدە پىرقىراپ چوماق،
سەپدىشىنىڭ يارار بېشىنى.
بەزى كۆزدىن ئاقىدۇ بولاق،
چۆرگىلىتەر تۈگمەن تېشىنى.

بەزى كۆزدىن ئۇچقۇندار غەزەپ،
پوكۇلدايدۇ كاززاپ يۈرىكى.
بەزى كۆزدە نۇر يوق زەررىچە
ئۇ بىر كامار — تامنىڭ تۆشۈكى...

كۆككە ھەر كۈن يېقىملىق، ئىللىق
كۆز ئۆرلەيدۇ قىزارسا ئۇپۇق.
كۆزلەر-ئويچان، كۆزلەر قاراڭلار،
نۇرۇڭلاردىن بولسۇن يۈز يورۇق.

كۆزلەر-كۆزلەر يالقۇنۇڭلاردا
ئۆرتىلىپ مەن قايتا تۆرەلەي.
كۆزلەر بىلەن تولغان جاھانغا
مەردۇمەيدان بولۇپ كۆرۈنەي.

روزى سايىت

## ھايات كىتابى

### سېنىڭ رايىڭ

كۆزۈڭ ئىزھارىدىن كۆردۈم
مۇھەببەت شەۋقى ئوتقاشىنى.
كۆڭۈل رايىڭدا ئىزدەپسەن
مېنىڭدەك يارى-دىلكەشنى.

ئىشەن سۆيگۈمگە، چىن يار مەن،
ۋاپا سازىڭغا جۈپ تارمەن،
كۆيۈش ئامەت، سۆيۈش راھەت،
نىگارىم ساڭا ئوخشاشنى.

سىنىڭ رايىڭ مېنىڭ مەيلىم،
ساڭا تالىق مېنىڭ لەيلىم.
لېۋىمدە سۈرتىمەن ئەي يار،
كۆزۈڭدىن سىرغىغان ياشنى.
گېپىم گەپ، مەن ساڭا تەۋە،
سىرىڭ پىنھانىنى دەۋە،
ئۆزۈڭنى قىينىما، ئەگېپ
قېشىمدا، پەس تۇتۇپ باشنى.

ئېتىپ گۈل قىس قۇلاقىڭغا،
چۆمۈل سۆيگۈ بۇلاقىمغا،
ۋىسال دەرياسىدىن سۈزگىن،
قىلىپ جۈرئەت گۆھەر تاشنى.

## ئارزۇغا يېتەلمەستىن...

ئارزۇغا يېتەلمەستىن،
رۇخسارى سامان بولدۇم.
ۋەسلىڭ چىقمىدى ئەستىن،
ئەھۋالى يامان بولدۇم.
ئۇيقۇ بەرمىدى دەستىڭ،
كۆزدىن ئۇچتىغۇ بەستىڭ.
ئىشقىڭ ئەيلىدى مەستىن،
رەسۋايى جاھان بولدۇم.

ئىشىكىمدەك غىچىرلايسەن،
باغچامدا ۋىچىرلايسەن،
ئۇيقۇمدا پىچىرلايسەن،
ئاھ، دەردى نىھان بولدۇم.

سۆيگۈڭدە ساداقەت كەم،
مېھرىڭدە ئادالەت كەم،
بولمايدۇ ئاھانەت كەم،
تىلسىز — بى زۇۋان بولدۇم.

ئەرنىڭ ئىلكىدە بارى
ۋىجدانى، نومۇس-ئارى،
يارنىڭ بولمىسا كارى؟
داد، قەددى كامان بولدۇم.

## ئەلگە تەزىم بەر، سالامغا زورلىما

ئەي پالان، سايلام بىلەن رەھبەرلىكىڭ،
كاتتا پەزلىڭدۇر خەلقپەرۋەرلىكىڭ.
ئەل سېنى ئۈستۈردى، ئۈستى مەرتىۋەڭ،
مەرتىۋەڭگە ھۆسنى تاج كەمتەرلىكىڭ.
كىبرۇ شەيتاندۇر ئۇ ئازدۇرسا قاچان،
شۇ نەزەردىن چۈشكىنىڭ — بەتتەرلىكىڭ.
كاتتىلىق بەرگەن تەۋەززۇ ① باشقا گەپ،
ئىككىسى ماس كەلسە چىن ئەختەرلىكىڭ.
ئەلدىن ئايرىلما، ئېلىڭ يادىدا بول،
بۇ سېنىڭ يا تەگ ۋە يا ئەبتەرلىكىڭ.
پاكلىقىڭغا يۇقمىسۇن كىر نەپسىدىن،
نەپسى چىركىنلىكتە بەرباد ئەرلىكىڭ.
ئەلگە تەزىم بەر، سالامغا زورلىما،
زورى مەجبۇردىن قىزىلغاي يەرلىكىڭ.
مەن نەسىھەتتە ساڭا قول شىلتىدىم،
مەندىن ئىبرەت ئال، بىلىنسۇن زەرلىكىڭ.
ئەي پالان مەنسەپ چىقىن، ئاپتاپ-كېتەر،
كەتمىسۇن خۇش بۇيلۇقۇڭ ئەتتەرلىكىڭ!

① تەۋەززۇ — كىچىك پېئىل، مۇلايىم

## ئېيتقىنا...

قاي چىمەن ھۆسنى، نىگارىم، رەڭگى رۇخسارىڭچە بار؟
قايسى بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى كۈلكە-خەندانىڭچە بار؟
ئۇشبۇ ئالەمدە جاۋاھىر، لەئەل-ياقۇت ئاز ئەمەس،
قايسى گۆھەرنىڭ جۇلاسى چەشمە زۇننارىڭچە بار؟
سۆيگۈ بازارىدا كۆرمىڭ ئىشق-مۇھەببەت سودىسى،
قايسىنىڭ مېھرى، باھاسى مەن خېرىدارىڭچە بار؟
مەن ساداقەت ئاسمىنى، يار، سەن ئۇنىڭ نۇر ئەختىرى،
باغرى كەڭلىكتە قايۇ كۆك، ئېيتقىنا يارىڭچە بار؟
سەن ئاجايىپ بىر پەرى سەن، مەن ۋاپادارىڭ بىرى،
مەيلى مايىللىقتا، ئېيت، كىم مەن ۋاپادارىڭچە بار؟
شاھى دىلبەرسەن بۇ سۆيگۈ ئالىمىگە، مەن چاكار،
قاي چاكار، نەۋكەرگە شاھىنىڭ مېھرى باھارىڭچە بار؟
سەن تۇمۇر ئاھەڭرەبا ① تارتىپ ئۆزىگە چاپلىغان،
بۇ گېپىڭگە ئاپىرىن، كىم لەۋزى ئىقرارىڭچە بار؟
قانچە تارتساڭ تارت يىنىڭغا، ئىنتىرىپ كەتكىن، دېمە،
قانچە كۆيدۈر بۇ كۆيۈشلەر سايە-گۈلزارىڭچە بار.
ئىشقى مۇشتاق-مۇپتىلالىقتىن بۇ لەۋزىم تۆكتى كۆي،
قايسى كۆينىڭ زەۋقى، تىڭشا، ناخشا-ئىزھارىمچە بار؟

## ھايات كىتابى

ئالەمدىكى مەۋجۇداد تۇرۇۋەرمەس شاش پۈتى،
پەقەت ئىككى نەرسىلا قالار مەڭگۈ ياش پۈتى.
بىرى ئىلىم-ھېكمىتى، بىرى تۆھپە-مېھنىتى،
شۇنىڭ بىلەن بۈيۈكتۇر ھەركىشىنىڭ قىممىتى.
ئىلىم-ھېكمەت، تۆھپىدۇر ھاياتلىقنىڭ باش بېتى،
(زىننىتى ئۇ ئۆمۈرنىڭ ئۈز يېزىلسا ھەر خېتى.)
كۆكۆل قويۇپ ياز ئۇنى، ئېپار چاچسۇن قات-قېتى،
پۇچۇلمىسۇن ئۇللە تىنە بۇ كىتابنىڭ بىر چېتى.
قېنى، روزى، ۋاراقلاپ كۆرگىنە شۇ كىتابنى،
تاراقلاپتۇ نەگىچە ھاياتىڭنىڭ شاش ئېتى؟!

① ئاھەڭرابا — ماگنىت.

تۇرغۇن سىدىق

# ئارزۇلارغا ھامىلدار زامان

ئارزۇ ئىدى مېنىڭ تۆرەلمەم،
ھەم ئارزۇنى قۇچاقلاپ چۈشتۇم.
مەندە ئارزۇ، ئەلدە شۇ ئارزۇ،
ئارزۇ بىلەن ياشىدى پۈشتۈم.
ھەر ئارزۇنى تۇغدى ھەر زامان،
ئارزۇلارنىڭ ئاتىسى ئىنسان.

ئارزۇ بىلەن مەۋجۇتتۇر جاھان،
ئارزۇ ئۇلۇغ، ئارزۇ مۇقەددەس.
ئارزۇلارنى ئاشۇرۇپ ئىشقا،
ياشار ئىنسان،
ئىنسان زەبەردەست.
ئارزۇلارغا ھامىلدار زامان،
ئارزۇلارنىڭ ئاتىسى ئىنسان.

غەزەپلەردىن يېرتىلغان سۈكۈت
بەختىمىزگە قويالمىدى چەك.
خەلقىمىزگە كۆرسەتتى كۈلۈپ
جامالىنى رەڭدار كېلىچەك.
ھەر ئارزۇنى تۇغدى ھەرزامان،
ئارزۇلارنىڭ ئاتىسى ئىنسان.

مەن ياشايمەن ئارزۇ ئىلكىدە،
ئارزۇ ئۈچۈن قىلىمەن كۆرەش.
خەلقىم بىلەن بولسام ھەمنەپەس،
نېسىپ ماڭا يۇقىرى ئۆرلەش.
ئارزۇلاغا ھامىلدار زامان،
ئارزۇلارنىڭ ئاتىسى ئىنسان.

ھەسەن تىلىۋالدى

# ئىككى شېئىر

## ياشلىق پەسلىدە

ئۆتۈپ كەتتى شېرىن بىر چۈشتەك
گۆدەكلىكىم ئۇچۇپ يىراققا.
تەنتەكلىكىم خوشلاشتى مەندىن،
ياشلىق ئوخشار تۈندە چىراغقا.

تونۇگۇنلا بىردىن يۈزگىچە
سانالايتتىم دۇدۇقلاپ ئاران.
بوگۈن دىلدا ئارزۇ، ئۈمىدنىڭ
چۇقانلىرى ياسىدى قىيان.

چوڭ بولۇشنى، بەردەم بولۇشنى
خالىمايدۇ كىممۇ ئەسلىدە.
نى مۆجىزە يارىتار ئىنسان
مۇشۇ قىران ياشلىق پەسلىدە.

يۈكسەك شۇڭا ئۇنىڭ قىممىتى،
تۇرماس بىراق بەك ئۇزۇن ساقلاپ.
مېھمان كەبى كېتەر خوشلىشىپ.
قىران ياشلىق پەسىللەر ئاتلاپ.

## ئەل سۆيسەك

ئەرنىڭ قەدرى ئەل بىلەن،
مەرد سىنلار مېهنەتتە.
ئەلنى سۆيسەك زېهنىڭنى
تولدۇر بىلىم-هېكمەتكە.

كۆلمەس بەخت دىلبىرى
هاياتنى چىن سۆيمىسەك.

بولماس ئەرنىڭ قىممىتى
ئەلنى ئەزىز كۆرمىسەك.

جاپا-مۇشكۈل ئالدىدا
نومۇس ئىشتۇر تىزلىنىش.
ئېلىپ كېلەر سائادەت
تىرىشچانلىق ئىزدىنىش.

**بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى ئوسمانجان ساۋۇت، مامۇت زاهت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇھەممەت ئەيسا (جامى)

# توختى ئايۇپنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى توغرىسىدا

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر پروزىچىلىقى مىسلىسىز گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى، بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە پوۋېست ئىجادىيىتى ئالاھىدە جانلاندى. ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە پىشقەدەملەردىن تەشكىل تاپقان بىر قىسىم ئىقتىدارلىق يازغۇچىلىرىمىز ئۇيغۇر پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشتى. يازغۇچى توختى ئايۇپ ئاشۇ ئىقتىدارلىق يازغۇچىلار قاتارىدا كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاتىدى. ئۇ ھېكايە، پوۋېست، رومان، دراما، كىنو سىنارىيىسى قاتارلىق كۆپ خىل ژانىرلاردا ئىجاد قىلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش، جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق بىر قىسىم ياخشى پوۋېستلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇ جەھەتتىكى تالانتىنى نامايەن قىلدى.

مەن بۇ ماقالىدە ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1

توختى ئايۇپ 1980-يىلى «بەخت يېشى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن پروزا ئىجادىيىتىمىزگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ دەسلەپتە يازغان ھېكايىلىرىدا كۆپرەك ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا دېھقانلار، جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان قايناق يېزا ھاياتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ھېكايىلىرى قىسقا، ئىخچام، ئاددىي ۋە يەڭگىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. لېكىن بەدىئىي دىت ۋە ئېستېتىك تەربىيىلىنىشنىڭ يېتەرسىزلىكى، چېكىدىن ئاشقان «سول» خاھىشنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا پەيدا قىلغان

بەزى بىر قاتمال رامكىلىرىدىن ئۇزۇل-كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، ئەسەرلىرى بەدىئىي تىل، ئېستېتىك غايە ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش جەھەتلەردىن بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر مەزگىللىك جاپالىق ئىزدىنىش ۋە چېنىقىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىجادىيەت نىشانىنى پوۋېست ئىجادىيىتىگە قاراتتى. ئۇنىڭ 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ئىجاد قىلغان «ئوت ئىچىدىكى ئادەم»، «تاشلاندۇق كەپىدە»، «ئارمان»، «قۇم باسقان دېڭىز» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھېكايە كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ۋە كۈچلۈكلىكى، لىرىك ھېسسىياتىنىڭ مول ۋە قويۇقلۇقى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ جانلىق ھەم ھېسسىيلىقى، تېمىسىنىڭ يېڭى ۋە ئاكتۇئاللىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل، سىيۇژېت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ، ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى جەھەتتىكى تالانتىنى بىراقلا ئاشكارىلىدى.

ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، توختى ئايۇپ بۇ پوۋېستلىرىدا نۆۋەتتە كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەمما باشقىلار تېخى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مۇھىم ۋە ئاكتۇئال تېمىلارنى تاللىدى، كۆپ مەنىلىك ھېكايە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنى قاتلاممۇ قاتلام مۇرەككەپ زىددىيەتلەر قاينىمىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى، بۈگۈن بىلەن ئەتىنى، تارىخ بىلەن رېئاللىقنى، رېئاللىق بىلەن خىيالنى، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ ئارزۇنى، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانى ئۇستىلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سىغىمچانلىقىنى خېلىلا ئاشۇرۇپ باردى. پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاخىرقى تەقدىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئاسمان-زېمىن خاراكتېرلىك جىددىي ئۆزگىرىش بىلەن كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال بىرلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. تېما تاللاشتا ئۇ دەبدەبىلىك سىياسىي ۋەقەلەر تىزمىسىغا ياكى كەچكىچە ئاخىرى چىقمايدىغان سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر تورىغا كىرىۋالمىدى، بەزى يازغۇچىلاردەك دېلو-رازۋېد ھېكايىلىرى ياكى گېزىت-ژۇرناللاردا خەۋەر قىلىنىپ كونىراپ كەتكەن «ئەمەلىيەتلىك ھېكايە» لارگىمۇ ئېسىلىۋالماي، بەلكى يازماقچى بولغان تېمىنى كۆز ئالدىدىكى مۇرەككەپ رېئاللىقتىن ئىزدىدى، يازغاندىمۇ كەڭ كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوق ۋە ئېستېتىك تەلىپىگە ماسلىشالىغۇدەك دەرىجىدىكى يەڭگىل ئەمما قوزغىتىش كۈچى يۇقىرى بولغان، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغان ۋەقە-ھادىسىلەرنى تاللاپ يېزىپ، كىتابخانلارنىڭ چاڭقاق قەلبىنى تېزلا ئۆزىگە قاراتتى. يېقىندىن بۇيانقى پوۋېست ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىياتىمىزدا كەمدىن-كەم يېزىلغان زىيالىيلار، يولدىن ئازغان ياشلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تۇرمۇش يولىنى مەخسۇس تېما سۈپىتىدە تاللىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ھايات پائالىيىتى، ئەگرى-توقاي كۈرەش يولى، قايغۇ ۋە شادلىقى، ئىزدىنىش ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەپ

www.uyghurkitap.com


بەردى.

ئۇ 1984-يىلى يازغان «ئارمان» ناملىق پوۋېستىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۈرمە ئازابىنى تارتقان، كېيىن نامى ئەسلىگە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ياش زىيالىي مۇختەر — ئارماننىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى؛ مۇختەرگە يانداشتۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ساۋاقدىشى — نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى ئادالەت، ئادالەتنىڭ دادىسى سابىق «1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆبىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى خەمت قۇربانوف، ئادالەتنىڭ ئېرى — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ «قىزىل قوغدىغۇچىلار»نىڭ باشلىقى بولۇۋېلىپ، بىرمۇنچە ئېچىنىشلىق تىراگېدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى «ياسىن سىلىك» قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ ئوخشىمىغان ھايات يولى ۋە سەرگۈزەشتىسىنى، ئوخشىمىغان ئارزۇ ۋە غايە يولىدىكى ئىنتىلىشلىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 80-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئېلىمىز زىيالىيلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقاي ھايات يولىنى تەسىرلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. يازغۇچى پوۋېستتا مۇختەر، خەمت قۇربانوف قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ چوڭقۇر ئازاب ۋە خورلۇقلىرىنى، ئاشۇ خورلۇق ئىچىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرىنى مەركەزلىك تەسۋىرلەش ئارقىلىق زىيالىيلارنىڭ ئون يىلدىن ئارتۇق تارتقان مەنىۋى ئازابلىرىنى جانلىق سۈرەتلىدى، زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىش بىلەن ئۇلارنى ئاسراش، قەدىرلەش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدەك زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىيالىيلار مەسىلىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئۇلارنى ئاسراش، قەدىرلەش ھەققىدە ئۈنلۈك چۇقان سالدى.

1986-يىلى يېزىلغان «تاشلاندۇق كەپىدە» تۇختى ئايۇپنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر نادىر ئەسەردۇر. بۇ كادىرلار مەسىلىسى يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېلىمىزدە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ياخشى ۋەزىيەت ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە مەيدانغا چىققان رەھبىري كادىرلارنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى چۆرىدىگەن كەسكىن كۈرەش سۈرەتلىنىدۇ.

ئەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى مەلۇم ناھىيىنىڭ ھاكىمى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى كېرىم بوجاڭ بۇ نامزات ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتراپ، ئۆزىگە پۇرسەت ئىزدەيدۇ. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يىغىندىن تەيىنلەنگەن شۇجىسى كامال ئەھمىدى باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم يىراقنى كۆرەر، ھەققانىيەتچى رەھبەرلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك تالانتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى قاسىمنى بۇ

نامزاتلىققا تاللايدۇ. كېرىم بۇجاڭ ھاماقەت، ئىقتىدارسىز بولۇشىغا قارىماي، ھىيلە-مىكىر جەھەتتە شەيتانغا دەرس بېرەلىگىدەك ئادەم بولغاچقا، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاسىم جۇيجاڭغا «ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشتە نۇرغۇن پارا قوبۇل قىلغان، ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر قانچىسىنىڭ خىزمىتىنى شەھەرگە يۆتكەپ قويىمەن دەپ نومۇسىغا تەگكەن» دېگەندەك بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇنىڭغا خوپىيانە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۆتكۈر، پىشقان قەلىمى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان شائىر ھەم يازغۇچى قۇربان ئېلىنى «ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن ناھىيىلىك پارتكومغا ھۇجۇم قىلغان» دېگەن ئۆسەك سۆزلەر بىلەن قارىلاپ، خىزمەتتىن ھەيدىۋەتمەكچى بولىدۇ. كېرىم بۇجاڭ ئەنە شۇنداق نىيىتى يامان، پۇرسەتپەرەس، شۇنىڭدەك ھاماقەت، تەلۋە ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەرخىل بولمىغۇر قىلىقلىرى ھەققىدە ئامما ئارىسىدا نۇرغۇن لەتىپە-چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئابرويىنىڭ كۈنسايىن چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا، خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن، يارىماس كادىر ئىكەنلىكىگە قىلچە تەن بەرمەي، ھوقۇق تەمەسى بىلەن يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ توختىماي ئامال ئىزدەيدۇ. كونا قەقەچ ئۆلپەتلىرى بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ساختا ئالىي مەكتەپ دىپلومىنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ. ھە دېسىلا خوتۇنى ئارقىلىق ئەمەت ۋالىينى ئىزدەپ، ئۆزىگە ھوقۇق شوتىسى تەييارلاشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. شۇجى كامال ئەھمىدى ئۇنىڭ ناچار ئىللەتلىرىنى توغرا مۇددىئا ۋە ھەققانىي پوزىتسىيە بىلەن تەنقىد قىلسا، ئۇ دەرھال كامال ئەھمىدى ئۈستىدىن ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا قارا ماتېرىيال بېرىپ، ئەمەت ۋالىينىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەھدىت سالىدۇ. ئەمەت ۋالىيغا ئوخشاش كونسېرۋاتىپ ئەمەلدارلارمۇ تەكشۈرمەي تۇرۇپلا كېرىم بۇجاڭنىڭ گېپىنى قىلىپ، كامال ئەھمىدىدەك قابىل، ھەققانىي، خەلقپەرۋەر كادىرنى قاتتىق باسىدۇ، قۇربان ئېلىدەك ئىقتىدارلىق زىيالىيلارنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبىرى تۇرۇپ داۋاملىق ئەيش-ئىشرەت ۋە بۇزۇقچىلىقتىن قول ئۈزمەيدۇ...

«تاشلاندۇق كەپىدە» پوۋېستىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىقى چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك يولى بىلەن بىلىملىك زىيالىيلار ۋە ئىقتىدارلىق كادىرلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان كېرىم بۇجاڭ بىلەن ھەممىدىن دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان، بىلىم ۋە قابىلىيەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان كامال ئەھمىدىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. يازغۇچى كېرىم بۇجاڭ بىلەن كامال ئەھمىدىنىڭ خاراكتېر-خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى ئىشەنچلىك قىلىپ يارىتىشقا تىرىشىش بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا كادىرلىرىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە مۇھىملىقىنى، ئىسلاھاتقا توسقۇن بولۇۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ يەنىلا دۆۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى، بىر قىسىم كادىرلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا كېسىپ تاشلىمىسا بولمايدىغان بەزى كېسەللىك ھۇجەيرىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلاھاتنى ئۇكۇۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم كادىرلار قوشۇنىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ساپلاشتۇرۇش لازىملىقىنى، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرمەي تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئۇكۇۇشلۇق، ساغلام ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى يوشۇرۇن مۇراجىئەت قىلغان ۋە جىددىي ئەسكەرتكەن.

توختى ئايۇپ 80- يىللاردا يازغان پوۋېستلىرىدا يۇقىرىقىدەك خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى مەسىلىلەرگىمۇ نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ 1985- يىلى يازغان «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» ناملىق پوۋېستىنى تېمىسىنىڭ ئىجادىيلىقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن مىللىي ئەنئەنە ۋە ئەخلاق تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە خېلى ياخشى يېزىلغان نادىر پوۋېست دېيىشكە بولىدۇ.

«ئوت ئىچىدىكى ئادەم» دە يېزىلغىنى بىر ئاددىي ناۋاي، ئەمما ئۇنىڭدىكى پىكىر ھەقىقەتەن ئىجادىي ۋە ئىلغار. يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا ئۆزى ساۋاتسىز، نان يېقىشتىن باشقىنى بىلىپ كەتمەيدىغان، ئەمما «يۈرىكى خىسلەتلىك جازىبە ۋە ئاجايىپ ھېكمەت» بىلەن، ۋۇجۇدى ئاق كۆڭۈللۈك، راستچىللىق، مېھرىبانلىق، مەردلىك ۋە سەممىيلىك بىلەن تولغان يۇسۇپ ناۋاي ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى — ئىلگىرىكى يانچۇقچى ئىسكەندەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتقان، شۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك، مېھرىبانلىق بىلەن رەھىمسىزلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەسەردىكى يۇسۇپ ناۋاي ئۆمۈر بويى سەممىي ياشاپ، بۇ دۇنيادىن پاك كەتكەن ئاق كۆڭۈل ئاتىسىنىڭ ناۋايلىق كەسپى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋە ھالال تەرى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە نان يېقىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ قەدىردان ئاتىسىنىڭ «نان- پاكلىق ۋە ھالاللىق دېمەكتۇر، ئەلنىڭ رازىلىقى ئەنە شۇنىڭدا، ئەل رازى، ئاتا رازى، خۇدا رازى» دېگەن سەممىي نەسىھىتىنى كۆڭلىدە مەڭگۈ ساقلاپ، بۇ دۇنيادا ساپلىق، ھالاللىق بىلەن ياشايدۇ، كىشىلەرگە ھەمىشە مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدۇ ھەم ئۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق ۋە ساختىلىقنى ئىچ- ئىچىدىن ئۆچ كۆرىدۇ؛ ياماندىن قورقمايدۇ، رەزىللەرنى

تىللايدۇ. ياۋاش-مۆمىنلەرنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، خېلى مەزگىل ئوغرىلىق قىلىپ يامان يولغا كىرىپ قالغان، ھەتتا تۈرمىگىمۇ كىرىپ چىققان كىچىك لۈكچەك ئىسكەندەرنى بىلىپ تۇرۇپ قېشىغا ئەكىرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ھورۇن ھەم كاززاپلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بىلمەسكە سالىدۇ، ناشايان ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالغاندا ئاچچىق قىلماي، سىپايىلىق بىلەن تەربىيە بېرىدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن ئىنسابقا كېلىشىنى تىلەيدۇ. ئۇ گەرچە ئاددىي، كۆرۈمسىز ھەم ساۋاتسىز ئادەم بولسىمۇ، ئەمما پاك قەلبىدىكى مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئەپۇچانلىق ئاتەشلىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان پاسكىنا، ناچار ئىللەتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، مەنۋىيەتتىكى ئالىيجاناپ ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىرى ئۇنى ياخشى، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئىسكەندەرمۇ بىر مەزگىللىك داۋالغۇش، ئىككىلىنىش ۋە تەۋرىنىشلەردىن كېيىن، ئۇستىسىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ناۋايغا ئايلىنىدۇ.

2

توختى ئايۇپنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئالدىنقى مەزگىلدە يازغان پوۋېستلىرى بىلەن كېيىنكى مەزگىلدە يازغان پوۋېستلىرىنىڭ ساپا جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ 80-يىللارنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىدا يازغان «مارجان بۇلاق»، «ئارمان»، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» قاتارلىق پوۋېستلىرىدا ۋەقەنى مەركەز قىلىش كۆپرەك، خاراكتېرنى مەركەز قىلىش ئازراق، مەزمۇنىنىڭ ئىجادىي ۋە يېڭىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كۆپرەك، تىل ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش سەل ئازراق ئىدى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرى يازغان «قۇم باسقان دېڭىز»، «تاشلاندۇق كەپىدە» «ئاھ، يەر» قاتارلىق پوۋېستلىرىدا يۇقىرىقىدەك بەزى ئاجىزلىقلار تۈگىتىلگەن. بۇ ئەسەرلەردە پىكىر قاتلىمى چوڭقۇرلىشىپ، يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىلگىرىكىدىن بېيىدى، ياراتقان پېرسوناژلىرى تۇرمۇشقا بارغانچە يېقىنلاشتى؛ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىمۇ ئىلگىرىكىدەك ھەرىكەت ۋە قىياپەت تەسۋىرىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن تەدرىجىي روھىي ھالەت تەسۋىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. تەپسىلات تەسۋىرىدىمۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەسۋىرلەشكە قارىغاندا، سۇبيېكتىپ دۇنيانى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، سىرتقى ھەرىكەت تەسۋىرىگە قارىغاندا، ئابستراكت ئاڭ ھەرىكىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ پوۋېستلىرى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1988-يىلى يېزىلغان «قۇم باسقان دېڭىز» ناملىق پوۋېستى توختى ئايۇپنىڭ

www.uyghurkitap.com



كېيىنكى مەزگىللەردىكى پوۋېستلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ھەجمى نىسبەتەن چوڭ، ھېكايىچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، زىددىيەت توقۇنۇشى ئۆتكۈر، تەسۋىرىي خاسلىقى ئۆزگىچە بولغان يەنە بىرياخشى ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىغا خىزمەتكە كەلگەن ياش زىيالىي ئەلى، تارىم ۋادىسىنىڭ خىلۋەت ئىقلىمىدا چوڭ بولغان ئاق كۆڭۈل سەھرا قىزى گۈلجەننەت، ئۇنىڭ باشپاناھى — «كۆرۈمسىز، لېكىن ئىنسانىي پەزىلەت ۋە غەمگۇزارلىق بابىدا تەڭداشسىز بۈيۈك ئىنسان»، 60-يىللاردىكى جەڭدە يارىلىنىپ مەجرۇھ بولغان ۋىجدانلىق جەڭچى قاۋۇلدىن ئىبارەت خاراكتېرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، تۇرمۇشتىكى ئالىيجاناب ئەخلاقى-پەزىلەت، گۈزەل ۋە سەممىي ھېسسىيات قىزغىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

توختى ئايۇپ «قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستىدا، ئاساسەن ئەلى بىلەن گۈلجەننەتنىڭ ئەگرى-توقاي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاجايىپ تەسىرلىك بولغان مۇھەببەت قىسسىسىنى يېزىپ چىققان. بۇ قىسسىنىڭ مۇقەددىمىسى ئەلىنىڭ شىنجاڭ «1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆبىۋەنىنى پۈتتۈپ ئاپتوبۇس بىلەن ئۆيىگە قايتقان سەپەر كۆرۈنۈشى بىلەن باشلىنىدۇ، ئۇ يول بويى ھېچقانداق پاراڭ، كۈلكە-چاقچاقلارغىمۇ ئارىلاشماي، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھايات سەرگۈزەشتىسى — ئۆزىنىڭ تۇنجى سۆيگىنى گۈلجەننەت بىلەن بولغان بىر مەزگىللىك كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئويغا پاتىدۇ. ئەلى ئەسلىدە مەلۇم ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ يېزىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشۈپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان سەھرا گۈزىلى گۈلجەننەت بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. كۆڭلەر ئۆتكەنچە بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە روشەن پەرقلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، گۈلجەننەت ئاتا-ئانىسىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەي تەنھا ئۆسكەن ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق قىز بولغاچقا، مۇھەببەتنى ئىككى ياشنىڭ توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى بىر-بىرىنى چۈشىنىشىنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ، ئەمما ئەزەلدىن «بەگباش، تەرسا، شەخسىيەتچى، تەكەببۇر» ھەممە ئىشنى ئۆز خاھىشى بويىچە قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئەلى بولسا، مۇھەببەتنى پەقەت جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، دەپ قارايدۇ ھەمدە گۈلجەننەتنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە ساددىلىقى، شۇنىڭدەك ئۆزىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قىزلىق غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ناھىيىنىڭ سوئال چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىشى بويىچە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ. تىرىشچانلىق ۋە ئەقىل-پاراسەتتە ئەلىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلگەن گۈلجەننەت ناھىيە بويىچە ھەممىدىن يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. ئەمما ئاشۇ دەۋرنىڭ ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىدىكى نورمالسىزلىق،

ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغان خوشامەتچىلىك، ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ سايىم جورىن بىلەن مەخپىي كېلىشىۋېلىپ ئۆكتەملىك قىلىشى بىلەن گۈلجەننەتنىڭ ئورنىغا ئەلى سەيلىنىپ ئالىي مەكتەپكە كېتىدۇ. گۈلجەننەت دوست-بۇرادەرلىرىدىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ ئازراق ئازابلانغان، ھەتتا «ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئەرز قىلماقچى بولغان» بولسىمۇ، لېكىن دەرھال بۇ نىيىتىدىن يانىدۇ. «بۇ ۋىجدانسىزلىق، بۇ مۇھەببەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق، ئەلىنىڭ ئېرىشكەن بەختى يەنە ئاخىرقى ھېسابتا ماڭا مەنسۇپقۇ، بوپتۇ، ئالىي مەكتەپكە ئۇ بارسۇن، ئېھتىمال، بۇ ئىشنى ئەلى بىلمىگەندۇ، دادىسى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندۇ. شۇڭا بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەلى ئەيىبلىك ئەمەس، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قېلىشى، بۇ ئىشنى ئەلى بىلىپ قالماسلىقى كېرەك. مەن ئۇنى ئالىي مەكتەپكە ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك خوشال ئۇزىتىپ قويغىنىم ياخشى. مۇھەببەت چىدامسىزلىق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنى كۆتۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى ساداقەت ھەم ۋاپادارلىقتا...» دەپ ئويلاپ، ئەلى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە رازى بولىدۇ. ئەمما «نەپرەتلىك ۋۇجۇدىدا زەررىچىلىكمۇ ئىنسانىي غۇرۇر ۋە پەزىلەت بولمىغان ئەلى» ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالغاندىن كېيىن، چوڭ شەھەرنىڭ ئالاھىدە مۇھىتى، مەكتەپ ھاياتى ئىچىدە ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىپ، گۈلجەننەتنى ئاستا-ئاستا كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ.

گۈلجەننەت ئەلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يالغۇز قالىدۇ، ئۇنىڭ ئاپىسى تۇرمىدىكى دادىسى بىلەن ئاجرىشىپ باشقا ئەرگە تېگىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسى داۋۇتوفنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئۇ بەرگەن 65 يۈەن پۇل بىلەن ئالماسوفقا يېزىپ بەرگەن خەتنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ. «ئادەملەر مىغىلداپ، چوڭ-كىچىك ماشىنىلار يولدا مۆكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان، گۈلجەننەت ئۈچۈن يات ۋە تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنگەن» بۇ چوڭ شەھەردە ئۇ تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى قوشنىسىدىن «ئالماسوفنىڭ بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن غۇلجىغا كۆچۈپ كەتكەن» لىكىنى ئۇقىدۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئاخىرى مىڭ بىر خىجىلچىلىق ئىچىدە ئەلىنى ئىزدەيدۇ. ئەمما «ئەلى گۈلجەننەتنى كۆرۈپلا ئالاق-جالاق بولۇپ، ئىككى تەرىپكە قارىغىنىچە كېلىپ» ئۇنىڭغا قوپال تېگىدۇ. ئەلىنىڭ بۇنداق شاللاق ۋە كاززاپلىقى گۈلجەننەتنىڭ ساپ، ناتىۋان قەلبىگە ئېغىر روھىي زەربە بولىدۇ. مانا ئەمدى ئۇ «ئەلىنىڭ ساختىلىقى، ۋاپاسىزلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا باغلىغان ئەقىدىسى ئۈچۈن قاتتىق ئېچىنىپ» ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە كېتىپ قالىدۇ ۋە شۇ كۈنى بىر توپ لۈكچەكلەرنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. گۈلجەننەت بىر توپ بۇلاڭچى-لۈكچەكلەر تەرىپىدىن گويا بۆرىنىڭ ئاغزىدىكى توشقاندەك ھايات-ماماتلىق ئىچىدە تېپىرلاۋاتقان جىددىي پەيتتە «ئاچىز، مەجرۇھ، ئەمما يولۋاستەك جەڭگەرلىك قاۋۇل» تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ئەلى گۈلجەننەتنى قاقشىتىش ھېسابىغا دەسلەپ بىرمەزگىل ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەن

بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەكتەپ ھاياتىدا گۈلجەننەتتەك ئۇنداق ساپ، سەممىي، ۋاپادار قىزنى ئۇچرىتالمايدۇ. ئۇ بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا مۇھەببەتتىكى ۋاپا، ساداقەت، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق دېگەنلەرنى چۈشىنىپ يەتكەندە بولسا، گۈلجەننەت ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ قۇتقازغۇچىسى بولغان «مەجرۇھ ئەسكەر قاۋۇل» بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ بولىدۇ.

«قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ روھى-ھالەت تەسۋىرى — ئاڭ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. يازغۇچى تولىمۇ چېۋەرلىك بىلەن ئەلى بىلەن گۈلجەننەتكە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ ھەم دولقۇنسىمان ۋەقەلەرنى، ئۇلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن سىرلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بۇ ئىككىسىنىڭ قاۋۇلنىڭ ئۆيىدە تۇنجى ئۇچراشقان بىر دەقىقە ئىچىدىكى ئاڭ ئېكرانىغا ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دولقۇنسىمان ئەسلىمىسى ئارقىلىق، ئەلى، ئەزىزوف ھاكىم، گۈلجەننەت، ئاپىسى مەريەمخان، دادىسى داۋۇتوف، قاۋۇل قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە، كىشىلىك تۇرمۇش، خىزمەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى روشەن پەرقلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېر خۇسۇسىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئېچىپ بېرەلىگەن.

ئەلى تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ گۈلجەننەتنىڭ ئۆزىدىن «20 نەچچە ياش چوڭ، چىرايى جىندەك قورقۇنچلۇق، بارماقلىرى جىگدە يىلتىزىدەك ئەگرى-بۈگرى بولۇپ كەتكەن قاۋۇل» بىلەن توي قىلغانلىقى ھەم بىر بالىغا ئانا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، پەرىشان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن گۈلجەننەتنىڭ قاۋۇلدەك بىر «مەجرۇھ، قېرى ئەسكەر»گە ياتلىق بولغىنىغا ئېچىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گۈلجەننەتتەك كېلىشكەن، گۈزەل قىزنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىۋالغان قاۋۇلدەك كۆرۈمسىز «ئامەت ئوغرىسى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچلۈكى كېلىپ، ئۇنى ئۆلگۈدەك قارغايدۇ، گۈلجەننەتمۇ ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ، بۇ خىلۋەت ماكاندا ئەلىنى قايتا كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئاللىقاچان تىنچلىنىپ قالغان قەلب ھېسسىياتى بىردىنلا شىددەتلىك دولقۇن ھاسىل قىلىپ، بېشىدا گويا چاقماق چېقىلغاندەك بىر خىل سىلكىنىش پەيدا بولىدۇ. بۇ پىسخىك ھادىسىلەرمۇ ئاشۇ ئىككى پېرسوناژ ئۇچراشقان بىر دەملىك ۋاقىت ئىچىدە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ. يازغۇچى سەگەك مېڭە ۋە ئۆتكۈر نەزەر بىلەن ئاشۇ ئالاھىدە ماكان ۋە زامان ئىچىدە تۇرۇۋاتقان گۈلجەننەت بىلەن ئەلىنىڭ روھى ھالىتىدە يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بۇنداق نازۇك روھىي ھالەت ئۆزگىرىشىنى ئىنتايىن جانلىق ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ توختى ئايۇپنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، پروزىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان مودا بولۇپ كېلىۋاتقان ھېكايىچىلىقتىكى سىيۇژېت تەرەققىياتى ئىزچىل بولۇش،

ۋەقەلىك بايانى مۇكەممەل بولۇش، ماكان-زامان بىردەك بولۇشتىن ئىبارەت قاتمال ئۇسۇلدىن دادىللىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭى يول ئېچىشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دراماتىك توقۇنۇشنىڭ ئۆتكۈر ۋە كەسكىن بولۇشى «قوم باسقان دېڭىز» پوۋېستىنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقىدۇر.

بىزگە مەلۇم، ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك دراماتىك توقۇنۇش بولىدۇ. لېكىن ئۇ سەھنە ئەسەرلىرىدىكىدەك ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر بولمايدۇ. ئەگەر سەھنە ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش پروزا ئەسەرلىرىدىمۇ زىددىيەت توقۇنۇشى كۈچلۈك ۋە كەسكىن بولسا، بۇنداق توقۇنۇش ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك بايانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ۋەقەلەرنى بىر-بىرىگە مەھكەم باغلاش، سيۇژىتنى دولقۇنسىمانلىققا ئىگە قىلىش، پېرسوناژلارنىڭ باي روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تولۇق ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يازغۇچى توختى ئايۇپ «قوم باسقان دېڭىز» پوۋېستىدا مۇنداق ئۈچ قاتلام زىددىيەتنى يازغان، ئەسەرنىڭ بېشىدا ئەلى بىلەن گۈلجەننەتنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى زىددىيەتنىڭ تۈپ لېنىيىسى قىلغان. شۇڭا بۇ زىددىيەت ھەم پوۋېستنىكى ئاساسلىق پېرسوناژ ئەلى بىلەن گۈلجەننەتنىڭ ھايات قارىشى، مۇھەببەت قارىشى، غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەيدا بولغان سەممىيلىك بىلەن كاززابلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىچى تارلىق، مەردلىك بىلەن نامەردلىك ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىدە توختاۋسىز داۋاملىشىۋاتقان ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى كۈرەشتە ئىپادىلىنىدۇ. زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدىن باشلىنىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئەلىنىڭ گۈلجەننەتنىڭ نەتىجىسى بەدىلىگە ئالىي مەكتەپكە كىرىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. نەتىجىدە بۇ زىددىيەت بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ مۇھەببەت ۋەقەسىدىن جەمئىيەتتىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەۋجۇت مەسىلىگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغايدۇ. بۇ چاغدىكى زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپى تېخى ساپ، ئاڭچە ئىش كۆرمىگەن ساددا يىگىت ئەلىنىڭ ئۆكتەم، ھاكىممۇتلەق دادىسى ئەزىز ھاكىم بىلەن قارشىلىشىشىدا ئىپادىلەنسە، يەنە بىر ئۇچى گۈلجەننەتنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئەلىنىڭ داشۆگە مېڭىشتىكى كاززابلىقىنى پاش قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا يول قويۇشتىن ئىبارەت ھەق-ناھەق مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىپ، تازا يۇقىرى پەللىنى ھاسىل قىلىدۇ، ھەتتا گۈلجەننەت دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن دەسلەپ «ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىغا ئەرز قىلماقچى» بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا بىردىنىلا ھەممىنى ئەلىنىڭ مۇھەببىتىدىن كۈتۈش، ئەلى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولۇشتىن ئىبارەت ساددا ھېسسىيات ئۇستۇنلۈكنى

www.uyghurkitap.com



ئىگىلەپ، ئەرز قىلىش نىيىتىدىن يانىدۇ-دە، زىددىيەت بىراقلا پەسىيىدۇ. گۈلجەننەتنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشى نەتىجىسىدە ئەلى ئاخىرى ئالىي مەكتەپكە ماڭىدۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلجەننەتنىڭ ئالماسوفنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە بېرىشى بىلەن ئەمەلىلا پەسكويىغا چۈشۈپ قالغان بۇ زىددىيەت 2-قېتىم باشلىنىدۇ، ئەلىنىڭ مۇھەببەتتىكى شەخسىيەتچىلىكى، ئالدامچىلىقى بىردىنلا ئاشكارىلىنىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەلىگە ئاتىغان گۈلجەننەتنىڭ قەلب دۇنياسىدا بۇ ئىش يەنىمۇ كۈچلۈك نەپرەت ۋۇلقانىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ، نەتىجىدە زىددىيەت يەنە بوشايدۇ. لېكىن ئىنسان بەربىر كىشىلىك جەمئىيەتتە ياشىغاچقا، جەمئىيەت تۈرلۈك-تۈمەن مىجەزگە ئىگە ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت مەيدانى بولغاچقا، گۈلجەننەت ئەلىنىڭ يېنىدىن كېلىپ، يەنىمۇ يېڭى زىددىيەتكە « ئىنچىكە بورۇت ياش يىگىت» باشچىلىقىدىكى بىر توپ لۈكچەكلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ كۆرەشنىڭ قارشىسىغا، ئۈرۈمچىگە كېسەل داۋالاتقىلى كەلگەن « قاۋۇل ئەسكەر» ئۆتىدۇ. نەتىجىدە بۇ زىددىيەت قىز بۇلاش بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇش ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش بىلەن يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. « قاۋۇل ئەسكەر» نىمجان بولۇشىغا قارىماي لۈكچەكلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، بۇ ناتونۇش قىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 3-قېتىملىق زىددىيەت پەسكويىغا چۈشىدۇ. يازغۇچى ئەلىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىغا بارغاندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، بۇ زىددىيەتنىڭ ھالقىسىغا قاۋۇلدىن ئىبارەت ئۈچىنچى بىر ئادەم چېتىلىدۇ. نەتىجىدە ئىلگىرىكى ئەلى بىلەن گۈلجەننەت، قاۋۇل بىلەن « ئىنچىكە بۇرۇتلۇق ياش يىگىت» باشچىلىقىدىكى رەزىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاق لىنىيىلىك توقۇنۇش يەنە بىر يېڭى قاتلام ھاسىل قىلىپ، ئەلى، گۈلجەننەت ۋە قاۋۇلدىن ئىبارەت ئۈچ شەخس ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان يېڭى بىر زىددىيەت شەكىللىنىدۇ. مانا ئەمدى شەخسىيەتچى ئەلى بىلەن ھەققانىيەتچى قاۋۇل ئىككىسى بىر-بىرىنى قاتتىق چەتكە قېقىپ، بىرىنىڭ بۇ ئۈچ قىرلىق مۇناسىۋەت چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. گۈلجەننەت ئۈچۈنمۇ بۇ ئىككى كىشىدىن قايسىسىنى تاللاش مەسىلىسى بىر خىل كۈچلۈك روھىي بېسىم بولۇپ، زىددىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. گۈلجەننەتنى ئىككىنچى قېتىم قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ قاۋۇل بىلەن قانداقلارچە ئىناق ئائىلە قۇرۇۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەلى 3-شەخس سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بۆسۈپ كىرىدۇ. قاۋۇل دەسلەپ ئەلىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل يىگىت چاغلاپ ئۇنى ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ. كېيىن ئۇ ئەلىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قىلىپ غەزىپى ئۆرلەپ، مۇشتلىشىدۇ. قاۋۇل جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز بولغانلىقى، شۇنىڭدەك ئەلىنىڭ: « ھالىڭغا بېقىپ سۆزلە، قېرى توكۇر! ھېكمەتنى نەدە يۈرۈپ تاپقانسەن؟ تەييارغا ھەييار بولۇۋالدىڭ شۇ! » دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كەمسىتىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ قاتتىق ئازابلىنىپ، روھىي

جەھەتتىن بوشىشىپ كېتىدۇ. مانا ئەمدى ئەلىنىڭ كاللىسىدىكى گادىرماچ زىددىيەتلەر ئىچىدە بىر ئامال قىلىپ قاۋۇلدىن بالىسى ھېكمەت بىلەن گۈلجەننەتنى تارتىۋېلىش ئىستىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ-دە، مەقسىتىنى گۈلجەننەتكە ئېيتىدۇ. لېكىن گۈلجەننەت دەرھال رەت قىلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە قاۋۇل بىر توپ ياغاچ ئوغرىلىرى تەرىپىدىن تاياق يەپ كېتىدۇ ۋە ئالدىدىكى روھىي زەربە ئۈستىگە بۇ جىسمانىي زەربە قوشۇلۇپ، قان قۇسۇپ يېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلى قاۋۇلنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، ئۆزىنىڭ قېنىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، گۈلجەننەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى يۇيماقچى بولىدۇ. مانا ئەمدى گۈلجەننەتنىڭ ئەلىگە بولغان پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئېڭىدا ئىلگىرى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئاتا قىلغان تۇنجى مۇھەببىتى بىلەن كۆرۈمسىز بولسىمۇ، يامان كۆڭلەردە ئۆز بېشىنى سىلىغان مەجرۇھ قاۋۇلنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇشتەك زىددىيەتلىك خىيال باش كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پېرسوناژ بىلەن پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەدرىجىي ھالدا بىرلا پېرسوناژنىڭ روھى-پسىخىكىسىغا، يەنى گۈلجەننەتكە مەركەزلىشىدۇ. گۈلجەننەت ئەمدى ئىلگىرى ئۆزى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن، نەۋدايىلارچە سۆيگەن بۇرۇنقى مەنمەنچى، تەكەببۇر ئەلى بىلەن ھەقىقىي ئادىمگەرچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن قاۋۇلغا قان بېرىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان، پايىپېتەك بولۇپ ئۇنى ياخشى كۆتكەن ھازىرقى ئەلىنى قايتا-قايتا سېلىشتۇرىدۇ، ئەلى بىلەن قاۋۇلنى سېلىشتۇرىدۇ. بۇ خىل سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەت بارغانچە كەسكىنلىشىدۇ ھەمدە كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئەلى ياققان تۇنجى مۇھەببەت ئوتىنىڭ تېخى تولۇق ئۆچۈپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما قاۋۇلنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى يەردە قويۇشىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ مۇھەببەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر، زىددىيەتلىك روھىي داۋالغۇشلاردىن كېيىن، ئاخىرى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئەلىگە بولغان بىر خىل ساپ مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ-دە، مۇھەببەتنى ئەخلاقى مىزانىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئوغلىنى يېتىلەپ، ئەلىنىڭ كەينىدىن «ۋالى دۆڭ»گە بېرىش يولىنى تاللايدۇ.

يازغۇچى بۇ پوۋېستتا تولىمۇ نەپىس تەسۋىرلىگەن يۇقىرىقىدەك پسىخىك جەريان ۋە ئىچكى زىددىيەتكە ئورالغان كۈچلۈك دراماتىك توقۇنۇش ئارقىلىق ئالىي مەلۇماتلىق، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، ئەمما مۇھەببەت بابىدىكى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئەلىنى، مەجرۇھ، كۆرۈمسىز بولسىمۇ ئەمما قەلبى پاك، جىگەرلىك قاۋۇلنى؛ گۈزەل، لاتاپەتلىك بولغان گۈلجەننەتنى ئىدىيىۋى ھېسسىيات، مىجەز-خاراكتېر، تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلە قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىنسانىي تۇيغۇ ۋە ئەخلاق-پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com



مۇھەببەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت بابىدىكى مۇئەييەن ھايات قارىشىنى ئىپادىلىگەن، شۇڭا ئۇنىڭدىكى ئەلىنى كىشىلىك تۇرمۇشتا، مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىگە پەرۋاسىز قارايدىغان كىشىلەرنىڭ؛ گۈلجەننەتنى ئۆزمۇھەببىتىگە سادىق، كىشىلىك ھاياتتا نازۇكلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناپ پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ، قاۋۇلنى ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ۋىجدان ھەم غۇرۇرنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان كىشىلەرنىڭ سىمۋولى دېيىشكە بولىدۇ.

# 3

توختى ئايۇپنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى مەيلى تېمىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، پېكىرىنىڭ يېڭى ياكى ئىجادىيلىقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياكى بەدىئىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك توختى ئايۇپنىڭ ئىجادىيىتىگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ پۈتكۈل ھايات پائالىيىتى، ئىجادىيەت يولى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ھايات قارىشى، ئېستېتىك غايىسى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇنداق بىر ماقالە بىلەن توختى ئايۇپتەك بىر مول ھوسۇللۇق يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە ئەمەس، بەلكى ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان پوۋېستلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ پوۋېستچىلىقىمىزدا تۇتقان ئورنى ۋە سالمىقىغىمۇ تولۇق باھا بېرىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۆگەنگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىم بويىچە تۆۋەندىكىلەرنى ئۇنىڭ پوۋېستلىرىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك دەپ قارايمەن.

بىرىنچى، توختى ئايۇپ پوۋېستلىرىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى كۈچلۈك. ئۇلاردا يېزىلغان پېرسوناژ، ۋەقە ۋە ھادىسىلەر مەيلى قانداق شارائىت، قانداق ۋاقىتنىڭ مەھسۇلى بولسۇن، ئۇنىڭغا تولۇق ماسلىق مۇناسىۋەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ھەمىشە تۇرمۇشقا سادىق نەزەرى بىلەن قاراپ، مەدھىيىلەشكە تېگىشلىكلەرنى بولۇشىچە مەدھىيىلەيدۇ، سۆكۈشكە تېگىشلىكلەرنى دادىل سۆكىدۇ. زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، ۋەقەلەرنى ھەرگىز سۈنئىي، تومتاق قوراشتۇرۇپ قويمايدۇ، تۇرمۇشتا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدىغان ۋەقە-ھادىسىلەرنى زورمۇ زور يازمايدۇ. ئۇمۇمەن تېمىنى ئۆزى بىلگەن، كۆرگەن، تولۇق چۈشەنگەن ساھەلەردىن تاللايدۇ، مۇكەممەل تاۋلايدۇ، ھەرگىزمۇ ئالدىراپ-تېنەپ قەلەم تەۋرەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پوۋېستلىرى تۇرمۇشقا يېقىن، زىددىيەت-توقۇنۇشى تەبىئىي ۋە ئۆتكۈر، پېرسوناژلىرى جانلىق، ئۇنىڭ پوۋېستلىرىنىڭ تولىسى يازغۇچى ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن يۇرت-كوچارنىڭ شەھەر، يېزىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى كوجۇم مەھەللىلەر، بۈك-باراقسان باغلار، شورلۇق تۇپراقلار، يۇلغۇنلۇقنى بويلاپ ئەگرى-بۈگرى ئاققان چوڭ-كىچىك

ئېقىنلار ئىمكانىيەتنىڭ يېرىچە ئەينەن تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك «ئارمان»، «تاشلاندۇق كەپىدە»، «قۇم باسقان دېڭىز» قاتارلىق ئەسەرلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ پوۋېستلىرىنىڭ تەسۋىرلەش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولۇپ، ئىپادىلەنگەن تېما جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە تۇتىشىدۇ. بۇلار ئىچىدە جاپاكەش زىيالىيلار، ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقانلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جاپا ۋە راھىتى، غايە ۋە ئارزۇسى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر نىسبەتەن كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پوۋېستلىرىدا يارىتىلغان پېرسوناژلار جەمئىيەتنىڭ خېلى كەڭ ساھە ۋە قاتلاملىرىغىچە تۇتىشىدۇ. بۇلار ئىچىدە يازغۇچى-شائىرلار، تەتقىقاتچى-ئالىملار، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار، ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ تۇرمۇشى كۆپرەك يېزىلغان بولۇپ، مۇشۇ خىلدىكى ئوبرازلار نىسبەتەن جانلىق يارىتىلغان، ئۇلار ئومۇمەن ئۆزىگە خاس مۇھىتتا ياشايدۇ، ئۆزىگە خاس سەۋىيىدە، ئۆزىگە لايىق تىل بىلەن گەپ قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ۋە ھايات مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. «قۇم باسقان دېڭىز» دىكى ئەلى، گۈلجەننەت، قاۋۇل، ئەزىزوف ھاكىم، «ئارمان» دىكى مۇختەر، ئادالەت، خەمىت مۇئەللىم؛ «تاشلاندۇق كەپىدە» دىكى كېرىم بوجاڭ، ئەختەرخان خورەك، ئەمەت ۋالىي؛ «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» دىكى يۈسۈپ ناۋاي، ئىسكەندەر؛ «بۇ، چۈش ئەمەس» تىكى قادىرھاكىم؛ «گۆگۈمدىكى تەنھالىق» تىكى نادىر بىلەن جاپپارۇف قاتارلىقلار ھەقىقەتەن دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى ھەم بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. بۇ پېرسوناژلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى چىنلىق دەرىجىسى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، باي ھاياتىي كۈچى بىلەن باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، توختى ئايۇپنىڭ پوۋېستلىرى دراماتىك تۈسكە باي، زىددىيەت-توقۇنۇشى كۈچلۈك، شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىكى زىددىيەتنىڭ دەرىجىسى، شەكلى، شەكىللىنىش، راۋاجى، يېشىمى ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. بەزى ئەسەرلىرىدە زىددىيەت ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلار، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار، كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: «تاشلاندۇق كەپىدە» ناملىق پوۋېستىدا زىددىيەت باشتىن-ئاخىر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى كامال ئەھمىدى باشچىلىقىدىكى ھەققانىيەتچى كۈچلەر بىلەن كېرىم بوجاڭ، ئەمەت ۋالىيلار باشچىلىقىدىكى نەپسانىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. مانا بۇ خىل قوراشتۇرۇش ئۇسۇلى كىتابخانلارنىڭ نۆۋەتتىكى دەۋر ۋە جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تۈزۈم

ئۇيغۇر كىتابلىرى تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇلارغا ئەسەرنىڭ تەمىنى تېتىش، ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پۇرسىتى بېرىدۇ. يەنە بەزى پوۋېستلىرىدا زىددىيەت پېرسوناژلارنىڭ خۇسۇسىي پائالىيىتىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەر بىر ئىشىدا توقۇنۇش بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ خىل زىددىيەت-توقۇنۇش كۆپىنچە پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، كىتابخانلارنى ئۇلارنىڭ نازۇك ئىچكى دۇنياسىغا، قەلب چوڭقۇرلۇقىغا باشلاپ كىرەلەيدۇ. دېمەك، بۇ خىل شەكىلدە زىددىيەت بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭ تاناسىپتا بولىدۇ، زىددىيەتنىڭ ھەل بولۇشى بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» ناملىق پوۋېستىدىكى ئىسكەندەرنىڭ خاراكتېرى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلەر بىلەن تولغان، ئىسكەندەر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يۈسۈپ ناۋايدىن «ئۆچى»نى ئالماق بولۇپ، ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىدۇ، كېيىن يۈسۈپ ناۋاينىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئەسكىلىك قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك توقۇنۇش بولىدۇ. ئۇ كېيىن ھەر كۈنلۈك ناننىڭ پۇلىدىن ئون كويدىن سوغۇرۇۋېلىپ، بىر ئايدا 170 كوي پۇلنى ئوغرىلىقچە ئېلىۋالىدۇ. يۈسۈپ ناۋاي بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماي، پەقەت مۇشۇ ئايلىق كىرىمدىن ئازراق كەم چىققانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا ناۋاينىڭ ئۆزىنىڭ «ئوغرى»لىقىنى بىلگەن-بىلمىگەنلىكى توغرۇلۇق توقۇنۇش بولىدۇ. باجگىر ناۋاينىڭ باج پۇلىنى يىغقىلى كەلگەندە، يۈسۈپ ناۋاي پۇلى يوقلۇقىدىن ئامالسىز قالغان شارائىتتا، ئىسكەندەرنىڭ كاللىسىدا ھېلىقى «ئوغرىلىقچە ئېلىۋالغان پۇل»نى بېرىش-بەرمەسلىك ھەققىدە يەنە بىر قېتىم جىددىي كۆرەش بولىدۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئالىيجاناپلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ-دە، قويىنىدىكى تىقىۋالغان پۇلنى چىقىرىپ، ئۇستىسىنى باجگىرنىڭ قىستىشىدىن ئازاد قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن يۈسۈپ ناۋاي شۇئان ئىسكەندەرنى ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن باغرىغا باسىدۇ. يازغۇچىنىڭ «ئارمان»، «قۇم باسقان دېڭىز» قاتارلىق پوۋېستلىرىدىمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىدىكى دولقۇنسىمان شەكىللەنگەن زىددىيەت-توقۇنۇشنىڭ جىددىيلىكى كىتابخانلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

تۆتىنچى، توختى ئايۇپنىڭ پوۋېستلىرى لىرىكىغا باي، ھېسسىيات كۈچلۈك. ھەممىمىزگە مەلۇم، پروزىدا ۋەقە يېزىلىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بەزى يازغۇچىلار ئاساسلىق دىققەت-ئېتىبارىنى ۋەقەگە قارىتىپ قويىدۇ. ئاپتورنىڭ ھېس-تۇيغۇسى بىلەن پېرسوناژنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنى، پېرسوناژنىڭ روھىي-ھالىتى بىلەن مۇھىت-مەنزىرىنى ئورگانىك باغلىيالماي، ئەسەرنى ئاسانلا ۋەقە-ھادىسىلەر دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما توختى ئايۇپ پوۋېستلىرىدا ھېسسىيات كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى لەرزان، يەڭگىل تەسىرلەر، لىرىك تۈسى قويۇق بايانلار، گويا لىرىك شېئىرغا ئوخشايدىغان گۈزەل، يېقىملىق، نەپىس ھېسسىيات

ئۆنچىلىرى ئادەمنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەمنىڭ نازۇك ئىچكى تۇيغۇسىنى، باي روھى-دۇنياسىنى ئېچىپ بەرسە: بەزىلىرى تەبىئەتنىڭ نەقەدەر گۈزەل، يېقىملىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ: بەزىلىرى مىللىي تۇرمۇشنىڭ ۋە شۇ تۇرمۇش ئىچىدىكى مىللىي خاراكتېرنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نامايەن قىلسا، يەنە بەزىلىرى ئادەملەرنىڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈكلىكىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، توختى ئايۇپنىڭ پوۋېستلىرىدا كۈچلۈك، يېقىملىق شېئىرىي پۇراق، ھاياتىي كۈچكە تولغان جەزبىلىك ھېس-تۇيغۇ بار. يازغۇچى «ئارمان» پوۋېستىدا تەتقىقاتچى ئادالەتنىڭ ماشىنا بىلەن كۈچا نەسىللىك قوي فېرمىسىغا كېتىۋېتىپ، ئۆزى سۆيۈنگەن يول ياقىسىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىنى مۇنداق يازىدۇ: «ئەسىرلەردىن بويان تەكلىماكان باغرىنى قوچاقلاپ ياتقان بۇ ئىپتىدائىي ئورمانلىق سىرلىق ۋە تولىمۇ گۈزەل ئىدى. ئورمان شارقىراتمىدەك ھەيۋەت، بوغۇق گۈركىرەيتتى. تورغاي بىلەن قارا قۇشقاچلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ، قەيەردىدۇر ھاڭگىرت بىلەن ئاللىقانداق سۇ قۇشلىرىنىڭ يات چىرقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. ماشىنا خېلىغىچە گويا دولقۇنلۇق دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز قېيىقتەك، ئورمانلىقنىڭ ئەگرى-بۈگرى، نەمخۇش يولى ئۈستىدە چايقىلىپ ماڭدى. پەقەت كەچكە يېقىنلا ئۇيەر-بۇيەردە ئېگىز قۇم دۆڭلىرى چوقچىيىپ تۇرغان پايانسىز ياپپېشىل ئوتلاققا ئۇلاشتى. كەچكى شەپەق جىمىرلاپ تۇرغان يايلاق ئۈستىدە نېپىز تۇمان لەيلەپ يۈرەتتى. قۇمۇش، كۆك يانتاق ۋە سېرىق بۇيا ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئۈيۈر-ئۈيۈر قوي، ئۆچكە پادىلىرى گويا شامال ھەيدەپ ماڭغان بۇلۇتلاردەك قوتان تەرەپكە سىلجىماقتا ئىدى.» («ئارمان» توپلىمى 6-بەت).

يازغۇچىنىڭ پىشقان قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرىنى ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، بىزمۇ خۇددى ئەسەردىكى ئادالەتكە ئوخشاشلا گۈزەل ھېسسىياتقا چۆمىمىز.

توختى ئايۇپ ئەسەرلىرىدە يالغۇز تەبىئەت مەنزىرىسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ نەپىس ھەرىكىتى ۋە ھېس-تۇيغۇسىنىمۇ بىر خىل تەبىئىيلىك ئىچىدە ئاجايىپ گۈزەل ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن ئۇ «قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاپتوبۇس ئارقىلىق يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋاتقان ئەلىنىڭ ئازابلىق روھى-ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئۇلارغا يىراقتىن سەپسىلىپ كېلىۋاتقان ئەلىنىڭ يۈرەك تومۇرلىرىدا قانداقتۇ بىر ھاياجان، ئىزتىراپ، ھودۇقۇش ۋە سېغىنىش ھېسسى كۈچلۈك مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەپەس رىتىمى تېزلەشتى، كۆكرىكىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىشلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى... شۇ چاغدا يول چېتىدىكى رەڭگارەڭ ئۇششاق شېغىل تاشلاردىن كۆزىنى قاماشتۇرغۇچى ئۆتكۈر نۇر خۇددى ساداقتىن ئۇچۇپ چىققان ئالتۇن ئوقيادەك ئۇنىڭ كۆز گۆھىرىنى تېشىپ ئۆتتى. خىيال ئەينىكىدە بىر قىز ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى سەبىي بوۋاقنىڭ بىر دەستە

www.uyghurkitap.com



نۇردەك يارقىن سىماسى يالت-يۇلت قىلىپ چاقناپ كەتتى. ئۇ، بۇ نۇرغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، پېشانىسىنى ئالقىنى بىلەن توستى...» («تارىم» ژۇرنىلى 1988-يىللىق 8-سان، 69-بەت).

قاراڭ، يۇقىرىقى بىر ئابزاس تەسۋىردە ئەلىنىڭ گۈلجەننەت ھەققىدىكى خىيالى بىلەن مەنىۋى ئازابى تولىمۇ يارقىن، ئېنىق ۋە ھېسسىياتلىق ئىپادىلەنگەن. بۇنداق جايىدا يېزىلغان، گۈزەل ھېسسىياتقا تولغان، پېرسوناژلارنىڭ روھى-ھالەت ئۆزگىرىشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئېچىپ بېرىدىغان ئوبراق، راۋان، ئوبرازلىق جۈملىلەرنى ئۇقۇغان ھەرقانداق كىتابخان يازغۇچىنىڭ كۈچلۈك ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىن سۆيۈنىدۇ.

بەشىنچى، توختى ئايۇپ ھەققەتەن پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىمى مول، ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە باي، تىنماي ئىزدىنىدىغان، نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن يازغۇچى بولغاچقا، پوۋېستلىرىدا كىشىنى قايىل قىلىدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر كۆپ. بۇ خىل پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە بايان ياكى مۇلاھىزىسى ئارقىلىق بېرىلسە، بەزىلىرى پېرسوناژلارنىڭ ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرى، ئوي-خىياللىرى ۋە مۇلاھىزىگە باي دىئالوگلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ ھايات چۈشەنچىلىرى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىلىق مەيدانغا چىققان بۇنداق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىزنى ھايات ھەققىدە يەنىمۇ ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا، جەمئىيەتنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ھېس قىلىشقا، ئۈمىدۋار بولۇشقا، تىرەن پىكىر قىلىشقا، جاپالىق ئىزدىنىش ۋە ئىختىرا قىلىشقا ئۈندەيدۇ ھەم رىغبەتلەندۈرىدۇ.

«شۇنداق ئادەملەرمۇ بار، ئىچىدە يىغلاپ تۇرغىنى بىلەن چىرايىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبلىرى ئالدىدىمۇ ئاشۇ كۈلكىسى بىلەن ئۆزىنىڭ غەزىپىنى، زەئىپلىكىنى ۋە مەغلۇبىيىتىنى كەمتەرلىك، مۇلايىملىق ۋە خۇش پېئىللىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ». («ئارمان» توپلىمى 248-بەت)

«خىيال — ھېس قىلالىغۇچىلار، كۆرەلىگۈچىلەر ۋە ياشىيالىغۇچىلار ئۈچۈن بىپايان، ئۆزگىچە بىر دۇنيا. ئۇنىڭدا نە يېنىپ تۇرغان قۇياش، نە ئاي، نە يۇلتۇزلار يوق. بۇ دۇنياغا يورۇقلۇق ۋە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى قۇياش — پەقەت ئىنساننىڭ يۈرىكى، ئۇنى بىنا قىلغۇچى قۇدرەتلىك ئىلاھ — يەنە شۇ ئىنساننىڭ يىغا ۋە كۈلكىسىدۇر.» («قۇم باسقان دېڭىز» «تارىم» ژۇرنىلى 1988-يىل 8-سان 66-بەت).

«مەن دۇنيادا ئاياللار قەلبىنى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇشقا ياكى پۇل بىلەن سېتىۋېلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئەرلەرنىڭ دۆت، ھاماقەتلىكىدىن كۈلىمەن. ئۇلار خوتۇنلىرىنىڭ جىمغۇر ۋە ئىتائەتچانلىقىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىتائەتچانلىقى ئاستىدا قارشىلىقنىڭ، ياۋاشلىق ئاستىدا جەسۇرلۇقنىڭ،

مەھكۇملۇق ئاستىدا غالىبلىقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئەركى ۋە كۆڭۈل مايىللىقىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا نەپرەتلىك ئېرىدىن يوشۇرۇنچە نۇرغۇن خوپپيانە ئىشلارنى دادىللىق بىلەن قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.» («ئارمان» توپلىمى 80-79-بەت).

«ھەرقانداق ئادەم بەختسىز تۇرمۇشنىڭ يىرگىنچلىك روھى ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماقچى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئاشۇ تۇرمۇش قەپسىنى پاچاقلىغۇچى جەسۇر ئىسيانكار بولۇشى، ئەدەب، ھايا... دېگەنلەرنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىشى، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسى، ئەنئەنىچىلىك كەمرىنى باغلىغان جەمئىيەتنىڭ بېسىمى دېگەنلەردىن قورقماسلىقى كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئىنسانىيەت دۇنياسى مەۋجۇت بولۇپ تاكى ھازىرغا قەدەر تۇرمۇش، ھايات ۋە بەختنىڭ فورمىلاسىنى تېخى ھېچكىم ئىجاد قىلىپ باققىنى يوق ۋە ئىجاد قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا سەن شۇنداق ئىسيانكار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققىنىڭدا نۇرغۇن ئادەملەر خۇددى سېنى يالماپ يۇتىۋېتىدىغان بۆرىدەك ئالدىڭغا ئېتىلىپ كېلىدۇ... كىشىلەر شۇنداق، ئۇلارنىڭ تىل-ھەيۋىسىدىن قورققۇلۇق ئەمەس. ئىنسان ئۆز بەختىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.» («قوم باسقان دېڭىز»، «تارىم» ژۇرنىلى 1988-يىل 9-سان 69-بەت)

## 4

تېخىمۇ تەپسىلىي تەھلىل قىلىدىغان بولساق، توختى ئايۇپنىڭ پوۋېستلىرى بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. بۇلار ئاساسلىقى، تېما جەھەتتە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، تارىخ، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىپ كېتەلمەسلىكتە، دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى كۆپرەك يېزىپ، كىشىلەر قىزىقىۋاتقان، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەسلىكتە؛ ماھارەت جەھەتتە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ۋە تىل جەھەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىقىغا، كىشىلەرنىڭ ئىچكى روھى-ھالەت تەسۋىرىگە سەل قاراشتا، بەزى ئەسەرلىرىدىكى سيۇژېت تەرەققىياتىنىڭ دېگەندەك ئىزچىل ۋە مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمەسلىكتە كۆرۈلىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت قىلچىمۇ ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. ئۇ يازغۇچىلىرىمىزدىن ھەر ۋاقىت ئەستايىدىل بولۇشنى، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشنى، چوڭقۇر ئىلمىيلىككە، يۈكسەك بەدىئىيلىككە، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ۋە ھەر تەرەپلىمە مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە بولغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى ئىجاد قىلىش بىلەن كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ھەم ئېستېتىك زوقىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئىنچىكە، ئىلمىي،

(ئاخىرى 108-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەھەممەتتۇرسۇن جاپپار

# باھار چوقۇم كېلىدۇ

ياش قەلەمكەش مەتسېلىم مەتقاسىمنىڭ «باھار يەنە كېلىدۇ» ناملىق پوۋېستىنى ئوقۇپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ قالدىم. بىر ئاچچىق سېزىم يۈرىكىمدىن بارا-بارا ئۆرلەپ بوغۇزۇمغا قاراپ ئاقتى ۋە ۋۇجۇدۇم قانداقتۇر بىر ھېس-ھاياجاندا ئۆرتەندى. كۆز ئالدىمدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسەردىكى باش پېرسوناژلار كەتمەي تۇرۇۋېلىپ، خۇددى مېنى بىرنەرسە دېيىشكە مەجبۇرلاۋاتقاندەك، دېمىسەم يۈرىكىم ئېچىشىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

* * *

توختى، سەن قەدىمىي مەھەللە «باغچىگەدە»دە ئاناڭنى يەتتە دوزاخ ئازابىنى تارتقۇزۇپ، بارلىق ئىنسان باللىسغا ئوخشاش نۇقسانسىز، يالىڭاچ، يىغلاپ تۇغۇلغانىدىڭ، تەڭرى سېنى يەكلىمىگەنىدى. بىراق تەقدىر-قىسمىتىڭ، تۇرمۇش مۇھىتىڭ، مەنىۋى دۇنيايىڭ كېيىن باشقىلارغا ئوخشىماي قالدى. سېنىڭ «زۇۋۇلاڭ» ئەزەلدىن كىچىك ئۈزۈلۈپ قالغانمۇ ياكى باشقىلارغا «تامچى» بولۇشقا يارىتىلدىڭمۇ، بۇنىسى ساڭا نامەلۇم ئىدى.

توختى، سەن بۇ نامرات ماكاننىڭ ئاددىي، جاپاكەش بىر دېھقىنى بولۇپ ئۆستۈڭ. «سەپرا»، «مۇڭگۇز» مىجەزىڭ بىلەن مەھەللەڭدىكى نەپسانىيەتچى ئابدۇغېنى، تۇرسۇن، ئوسمانلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ چوڭ بولدۇڭ، سېنىڭ ھەربىر سۆزۈڭ ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلايتتى.

«مېنى بوزەك قىلمەن، دەپ چۆچۈرىنى خام سانىما... مەندە ئاران ئۈچ مو يەر بار، سەندە ساق 27 مو، ئالدى بىلەن سەن تۆلە، ئاندىن مەن تۆلەيمەن»، «توختا، مۇشتۇمىڭنى تۇرمەي تۇر، ئىنساب بىلەن گەپ قىلغىنا، سەن بەكمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ. يول بويىدىكى تېرەكلەرنى، مائاشىمغا ھېسابلاپ ئالدىم،

دەپ كېسىۋەردىڭ، بىرمۇ يەرگە ئايۋان سالماي سوقتۇق، سېنىڭ مائاشىڭ شۇنچە چىقمۇ؟ ئالتە ئائىلىنى كىرىمگە چىقىرىپ قويدۇق. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى بىز قىلساق، پۇلىنى سەن خەجلىسەڭ، بىنەم يەرلەرنى تۇغقانلىرىڭغا بەرسەڭ، سېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ»، «نېمىشقا بىزنىڭ سۇ ھەققى پۇلىمىز باشقا ئەترەتلەرنىڭكىدىن جىق چىقىدۇ؟ سىلى بىلمەيلا شۇجى، ئۆتكەندە كىرىمچى ئائىلىلەردىن 300 كوي يىغىپ خەجلىدى. سۇ ئامبىرىغا بارغانلارغا قوي ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ بەردىم دەپتۇ. تېخى...»، «نېمىشقا قايتۇراتتىم شۇجى، يەرنى سىلى بەرمىگەن، ھۆكۈمەت بەرگەن»، «ھۇ بۇلاڭچى!»

سېنىڭ نەزىرىڭدە ئۇلارنى ئادەم دېگىلى بولمايتتى، نەپسى دوزاختىنمۇ يامان ئىدى: ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى ھەتتا شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، مۇنۇ ئىبارىلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايتتى:

«ياپىرىم، مۈڭگۈز چىقىپتۇ ماۋۇ كالىغا، ھەممە نەرسە كوللېكتىپنىڭ ئىگىلىكىدە بولغان چاغلاردا مۇشۇنداق دېسە قاملىشاتتى. ھازىر ئالىدىغان نېمە بار؟» ئابدۇغېنى، تۇرسۇن شۇجىلار ئىزچىل تۈردە دۆلەت-كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى، دېھقانلارنىڭ يېلىكىنى ئاشكارە، يوشۇرۇن ھالدا شۈلۈپ يەيدىغان مىتىلەر ئىدى. بۇ نەپسى ئاۋارە تويمىغۇرلارنىڭ ئالدىدا داۋىي ئىگىدارچىلىقىدىكى ھەر خىل ئىگىلىكلەر كوللېكتىپنىڭ ھېسابلانمايتتى. پەقەت دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتلا گالغا تۇرۇپ قالمايدىغان پۇلسىز سورىقى يوق لوق گۆش ئىدى. ئۇلار بۇ گۆشنى ئالداپمۇ، يالماپمۇ، قورقۇتۇپمۇ، قاساپمۇ يېيەلەيتتى. ئۇلارنىڭ مەسۇم شۇجىدەك، نىياز شاگجاگدەك غول تۈۋرۈكى بولغاچقا «ئىگىسى بار ئىتنىڭ قۇيرۇقى دېڭ» دېگەندەك پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن، ئاش-نان بەرگەن ئەل-يۇرتتىن ئەيمەنمەيتتى. ئۆزىنىڭ تۈزكورلۇقىدىن، خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلالىغانلىقىدىن گىدىيىشىپ يۈرەتتى.

مەھەللىدىكى قېرىنداشلىرىڭ ھەر خىل سالاسىمە ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلارنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكىنى سۇ ھەققى، تۇك پۇلى، يەر باشقۇرۇش ھەققى، داۋالىنىش پۇلى، ئۇزۇقلۇق پۇلى، سۇلياۋ پۇلى، ھەر خىل جەرىمانىلەر ئىدى. بىراق ئاشۇ «كادىرلىرىمىز» ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپمۇ ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆز يېنىنى تومىلاشنىڭ غېمىدە ئىدى. سەن ئۇلاردىن ئىنساپ-دىيانەت، ھايا-نومۇس، ۋىجدان دېگەننىڭ تىرناقچىلىق ئىپادىسىنىمۇ كۆرەلمەي غەزەپلىنەتتىڭ، قولۇڭدىن كەلسە، ئۇلارنى ئېغىزىڭغا ئېلىپ چايناپ يۇركۇۋەتكىڭ كېلەتتى.

سەن ئاخىرى پارتلاپ، ئابدۇغېنى، ئوسمانلار بىلەن بولغان تۇنجى كۆرەشكىنى باشلىدىڭ. بىراق ھە دېگەندىلا سۆيۈملۈك ئايالىڭدىن، ھەقلىق يېرىڭدىن قۇرۇق قېلىش ھېسابىغا بۇ كۆرەشتە يالغۇز قالدىڭ. ئوسماندەك مەككار توكچىدىن تاياق يەپ ئېغىناقلاپ ياتقىنىڭدا، كىشىلەر ئوسماننى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغان چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەن مۇڭلانىدىڭ، يېتىملىكىڭگە ئازابلانىدىڭ.

سەن يىغلىۋەتتىڭ، مەھەللىدا شىلىرىڭنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تاياق يەپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۇلارنىڭ نەزەرىدە جېدەلخور، ئۇششۇق، پەلپەتىش بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىڭغا، ناسىردەك، ئىبراھىم مۇئەللىمدەك يۆلەكداشلىرىڭنىڭ تولىمۇ ئازلىقىغا ئۆكۈنۈپ تۇرۇپ يىغلىدىڭ، بۇ سەن ئۈچۈن نېمىدېگەن خورلۇق، نېمىدېگەن تەڭسىزلىك! كىشلەرنىڭ سەندىن نەپرەتلىنىشكە، سېنى يەكلەشكە ھەققى يوق ئىدى. چۈنكى سەن ھەققانىيەت ئالدىدا كىشلەرگە خۇددى يىگانە سۇۋادان تېرەكتەكلا سايە تاشلاپ تۇراتتىڭ، سەن نىدا قىلدىڭ: «مەن سىلەر ئۈچۈن قىلدىم، مېنىڭ ئاران بىرلا جېنىم بار، سىلەر بۇلاڭچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشتىن قورقىسلەر.» سەن قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقارغان بۇ ساداغا باشقىلارنىڭ ھامان قۇلاق سېلىشىغا ئىشىنەتتىڭ، تۈيغۇڭ سېنى بەزلەيتتى.

توختى، سەن نېمە ئۈچۈن يالغۇز قالدىڭ؟ قوۋم-قېرىنداشلىرىڭ قانداقچىسىگە سېنى يەكلەپ قالدى؟ سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ماكاندىكى قېرىنداشلىرىڭنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشايتتى. كاللىسى نورمال، يۈرەك سوقۇشى رىتىملىق، تېنى بەردەم، مەزمۇت ئادەملەر ئىدى. ئۇلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ھەريان قاتراپ يۈرىشەتتى. ئەمما سەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز سەۋر-تاقەت، شۈكرانىلىقنى ھەيران بولغاندەك، ئۇلارمۇ ساڭا ھەيران ئىدى. سەندىكى «مۇڭگۈز» مىجەز ئۇلارغا يات تۇيۇلاتتى. ئۇلار پەقەت تۆمۈرخانلىق تىكلىۋالغان بىر قىسىم تۆرىچىلەرنىڭ ئارقىسىدىنلا غەيۋەت-شىكايەت قىلالايتتى. «ئېشەك قۇلىقنى كىم ئويي كەسسە، شۇنى غوجام دەيدۇ» دېگەندەك، دادۇيجاڭ، شۇجىلارغا خوش-خوش دەيتتى. قولىدىن «يەل سېلىش» لا كېلىدىغان بۇ نادان، دىلكەش دېھقانلىرىمىز ئەنە شۇنداق يۈرەكئالدىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنى، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايتتى. بىراق، سەن بۇنداق كۆل سۈيىدەك تېپتىنچ، بۇرۇقتۇم بولۇپ ياشاشنى خالىمىدىڭ. ئانا دەريا — تارىم، ئىلى دەرياسىدەك، قاراقاش، يورۇڭقاش دەرياسىدەك دولقۇنلاپ، ئۆركەشلىمەكچى بولدۇڭ. ئەمما دېڭىزدەك چايقىلىپ باقتىڭيۇ، دولقۇنلىيالمىدىڭ.

بۇ تەييارتاپلار سېنىڭ «مۇڭگۈزۈڭ» دىن، بازغاندەك مۇشتۇمىڭدىن قورقاتتى. كىچىك چېغىدىلا بۇ «مۇڭگۈز» نى ھەرىدىۋەتمىسە چاتاق چىقىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ھەقلىق يېرىڭنى قانۇنسىز قايتۇرۇۋالدى. ساڭا ئۇۋال قىلىنغانىدى. سەن ئۇلارغا داۋاملىق «پەشۋا» لا ئېتىۋەرمەي، نېمە ئارقىلىق قانداق تاقابىل تۇرۇشنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك ئىدى. قانۇن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەلۋەتتە ساڭا يۆلەنچۈك بولالايتتى. ئەمما سەن ئۆزۈڭنىڭ «تەتۈر پېشانىلىقىڭغا»، ئاتا-ئاناڭغا سېغىنىپ يىغلىدىڭ. بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قالغىنىڭغا پۇشايمان قىلدىڭ. سەن بىر تامچە سۈيىڭ دەرياغا قوشۇلماي تۇرۇپ ئۆركەشلەپ ئاقالمايدىغانلىقنى بىلسەڭچۇ كاشكى.

شۇنىڭ بىلەن سەن كېيىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئانا ماكانىڭنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىڭ. توختى، سەن راستىنلا ئاشۇلاردىن قورقۇپ چىقىپ كەتتىڭمۇ؟ ياق، قورقۇش، قۇلچىلىق قىلىش سېنىڭ پىسخىكاڭغا يات! سەن قەدىمىي ئەجدادلىرىڭنىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىغا نەزەر سالغىن، ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن قاراپ باققىن، نى-نى شانلىق ئىزلارنى، جاھاننى ھەيرەتكە كەلتۈرگۈدەك سەلتەنەتلىك مەنزىللەرنى كۆرىسەن. ئەجدادلىرىڭ ئەزەلدىن ھەققانىيەتنى ياقلاپ، نۇرغۇن ئەگرى-توقاي كۆرەشلەردە تالاي-تالاي قۇربانلارنى بەردى. تارىختا ئابىدە تىكلىدى. سەن جاھالەتلىك زامانلاردا چولپان يۇلتۇزدەك نۇرلىنىپ، ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى ئۆز زامانىسىغا ھەدىيە قىلغان ئەجدادىڭنىڭ ئەۋلادى ئىدىڭ. ھالبۇكى ھازىرقى قېرىنداشلىرىڭنىڭ نادانلىقى، ئاشۇ يەرلىك سىياسەتچىلەرنىڭ ھەر خىل ئىقتىسادىي بېسىمى پەيدا قىلغان نامراتلىق ئۇلارنىڭ پىسخىكىسىدا قورقۇش، ئېگىدا قۇلچىلىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. سەن پەقەت بېكىنمىچىلىكنى خالىمىغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئۆز ماكانىڭنى تەرك ئېتىپ چىقىپ كەتكەنىدىڭ.

توختى، سەن تۇرمۇش يولى ئىزدەپ سادىق كاۋاپچىنىڭكىگە كىردىڭ، كىردىڭلا ئەمەس، بۇ ئائىلىدىكى ماددىي بايلىققا شاھ، ئەمما روھى گاداي گۈلنارخاننىڭ خورلانغان روھىغا بوسۇپ كىردىڭ. گۈلنارخان سەن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئايال زاتى ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە نامايەن قىلالىدى، ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىيالىدى. ئەمما سەن گۈلنارخاننى چۈشەنمىدىڭ. شېرىن چۈشكە ئوخشايدىغان شۇ بىر كېچىدىن كېيىنلا ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندىڭ. ھەتتا ئەل-خالايىق ئالدىدا شەرمسار قىلماقچى بولدۇڭ. ئەگەر نەپرەتلىنىشكە توغرا كەلسە، سەن ئەلۋەتتە زۇلەيخاندىن نەپرەتلىنىشىڭ كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا زۇلەيخانى چەكسىز ياخشى كۆرۈشىڭ سەۋەبچى بولدىمۇ؟ سەن گۈلنارخان ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ئىدىڭكى، ھېلىھەم بولسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ باق:

«توختى ئاخۇن، مەن ئەسلى تەقدىرىمگە تەن بەرگەن بىقۇل ئايال ئىدىم. روھىم ئۆلگەنىدى. بىراق سىز قەلبىم تۆرىگە مېھمان بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس روھقا ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىمنى قايتىدىن ھېس قىلدىم. سىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمنى ئەڭ ئەشەددىي گۇناھ-جىنايەت ھېسابلايتتىمۇ، ئەمما سىزنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتىم. چۈنكى مەن ئاتا-ئانامنىڭ مال-دۇنيا ئۈچۈن سادىق كاۋاپچىغا قىلىنغان قۇربانلىقى ئىدىم. ياشلىقىمنى، ئارزۇ-ئارمان، مەنىۋى ئىستەكلىرىمنى ئاشۇ قىزىلكۆز ئالدامچى ئېرىمگە ئاتىۋەتكەنىدىم. روھىي دۇنيايىم قۇپقۇرۇق ئىدى. مەن باشتىن-ئاخىر سىز ئۈچۈن دو تىكتىم، ئاقىۋىتىمنىڭ قانداق بولۇشى بەرىبىر ئىدى. مەن يالتايمايتتىم. چۈنكى مەن سۇغا تەشنا چۆل، سىز بولسىڭىز قۇرىماس بۇلاق ئىدىڭىز. ئاخىرى قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تەسىرىدە سىز بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ، شۇ قۇربانلىقىمنىڭ ئاز بىر قىسمىنى بولسىمۇ قايتۇرۇپ ئالدىم. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن بەخت ئىدى. سىز كەتتىڭىز، مېنى ئىشقى پىراق، دەرد-ئەلەمگە سېلىپ كەتتىڭىز. ئەمما سىز مېنى بىر دۆۋە قۇرۇق مال-دۇنيا ئىچىدىن، مەززىسىز تۇرمۇشتىن، ئىپلاس ئېرىمدىن قۇتۇلدۇردىڭىز. ئەركىنلىكنىڭ نېمىلىكىنى، نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردىڭىز. تۇرمۇشنىڭ بىر جەڭگاھ ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرمىسام مەۋجۇتلۇقىمنى يوقىتىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدۇردىڭىز. مەن ئۆز روھىمدىن ئۆزۈمنى تېپىۋالغانىدىم.

تىككەن دورۇم زايە كەتمىگەنىدى. گەرچە سىز مەندىن نەپرەتلەنسىڭىزمۇ، ئەل-يۇرت ئاڭلىسا مېنى ئەيىبلىسىمۇ، شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن رەسۋا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىۋالالىغان ئايالمەن.»

توختى، ھە دېگەندىلا ھۇشۇقۇڭ تۇرمۇش تەۋكاسىدا ئالچۇ چۇشۇشكە باشلىدى، تەتۈر پەلەك ئارزۇ-ئىستەكلىرىڭنى توزغاقتەك توزىتىۋەتتى. ئەمما، سەن زۇلەيخانى بىر مىنۇتمۇ، بىر سېكۇنتمۇ ئۇنۇتمىدىڭ، ئۇنىڭدىن ۋاپا-خۇلۇق كۆرمىگەن بولساڭمۇ، يەنىلا بۇ ئىلاھىڭغا قەلبىڭدە ئابىدە تىكلەپ يۈرۈۋەردىڭ ھەمدە ئۇنىڭ ۋىسالىغا قايتا ئېرىشىش ئىستىكىدە بولدۇڭ. بۇ ئىستەك سېنى مەھەللەڭگە قايتۇرۇپ كەلدى. گەرچە مەھەللەڭدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىڭ بولمىسىمۇ، يىراقلاردىن، ئۆيۈڭدىن قۇرۇق قالغان بولساڭمۇ قايتىپ كەلگەنىدىڭ.

زۇلەيخان سېنىڭ مەھەللىگە يانچۇقلىرىڭنى ئاقچا بىلەن تومپايتىپ كېلىپ، ئۆز ئەمرىڭگە قايتا ئېلىشىڭنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. چۈشلىرىدە سېنى كۆرەتتى. ئۆزىنىڭ يۈزسىزلىك قىلىپ رەجەپ سەيپۇڭغا تېگىۋالغىنىغا ئۆكۈنەتتى. ئەگەر سەن بۇنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساڭ، ئۇنىڭغا مۇنۇ خىتابلارنى قىلغان بولاتتىڭ: ھەي زۇلەيخان، نېمىشقىمۇ بۇ جاھانغا تۆرەلگەن بولغىيتتىڭ؟ مېنىڭ تىراگېدىيەمگە سەۋەبچى بولۇشقىمۇ ياكى ئابدۇغېنى، رەجەب سەيپۇڭلارنىڭ مال-دۇنيا، مەئىشەتلىرىگە ئۆلپەت بولغىلىمۇ؟ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىكى ئىنتائە تچانلىق، نومۇس-ھايانىڭ ئورنىغا قانداقچىسىگە ئاچكۆزلۈك، تويمىسىزلىق ئالمىشىپ قالدى؟ سەن ئەسلىدە پاك ئىدىڭغۇ؟

شۇنداق، زۇلەيخان ئەسلىدە پاك-غۇرۇرلۇق ئايال ئىدى. تاغدەك يولەنچۈكى سەن بار ئىدىڭ. مەنىۋى دۇنياسى باي، سەلتەنەتلىك ئىدى. بىراق سەن ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا شاھ بولغىنىڭ بىلەن زۇلەيخانىڭ ماددىي جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرۇش قولۇڭدىن كەلمىدى. زۇلەيخان ئويناپ-كۈلۈش، يەپ-ئىچىش، كىيىنىش ۋە باشقا ئارزۇلىرىغا يېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چىرىكلىك، ئاچكۆزلۈك بارا-بارا باش كۆتۈردى. ساڭا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى مال-دۇنيا ھېسابىغا قۇربان قىلىپ رەجەب سەيپۇڭغا تېگىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەنىۋى دۇنياسى پاك-پاكىز گۇمران بولدى.

توختى، سەن ھەقىقەتەنمۇ يىتتۈرۈپ قويغان ئىلاھىڭ — زۇلەيخانى دەپ قايسىپ كەلگەنىدىڭ. زۇلەيخانىڭمۇ سەن بىلەن ياراشقۇسى بارلىقىنى ئۇققىنىڭدا قىن-قىنىڭغا سىغماي قالدىڭ. سەن زۇلەيخان بىلەن ئۆستەڭ بويىدا ئۇچراشتىڭ. ۋاھالەنكى، سەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كىچىككە كىرىشكىنىڭ ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتىڭ. چۈنكى زۇلەيخانىڭ سەن بىلەن قايتا يارىشىش ئارزۇسى پەقەت مال-دۇنيا، پۇل-بايلىق ھەۋەسىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ مۇنۇ ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ خاراكتېر-ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيتتى:

«زۇلەيخان ئەتىدىن بېرى توختىنىڭ چىڭ يۇمۇلغان قولىغا قاراپ ماڭا بىرەر سوۋغا ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ھېچ بولمىغاندا قەشقەرنىڭ ياقۇت ئۈزۈكى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغانىدى. ئەمما ئۇ توختىنىڭ قولىنى نازلىنىپ تۇتقاندا قولىغا ئېسىپ كەتكەن توپا چۈشتى.» شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ بۇ «ئىلاھىڭ» ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي سېنى تاشلاپ كەتتى. قەلبىڭدىكى مۇھەببەت ھەيكىلى چۇل-چۇل بولۇپ كەتكەنىدى. سەن نېمە قىلارىڭنى بىلەلمەي قالدىڭ. سەندە ئوتلۇق يۈرەكتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئويلاپ باقساڭ شۇنى بىلەلەيتتىڭكى، پۇل — زۇلەيخانىڭ ھەقىقىي ئىلاھى. ئۇ بۇ سېھىرلىك ئىلاھقا ھەممە نەرسىسىنى-غۇرۇرىنى، پاكلىقىنى، ئېپى كەلسە ئىپپەت-نومۇسىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئىدى. ئەپسۇسكى سەن ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنگىنىڭدە بولسا، ئۇ ئاللىقاچان ئابدۇغېنى بىلەن توي قىلغانىدى. سەن يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولغانىدىڭ.

سەن مەھەللەڭدىن ئاخىر يەنە چىقىپ كەتتىڭ. ئۆز يېرىڭ — «ئالتۇن يۆشۈكۈڭ»دە تۇرۇش ئىمكانىيىتىڭ پۈتۈنلەي بولسىمۇ چىقىپ كەتتىڭ. سېنىڭ نېمە قىلىشىڭ، نەدە تۇرۇشىڭنى ھېچكىم بىلمەيتتى. سەن تۇمان ئارىسىدا غايىب بولدۇڭ. جان-جىگەر دوستۇڭ ناسىرمۇ سېنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر بولالمىدى. سېنىڭ ماڭغان ئىزىڭدىن يارغانسېرى ئەدەۋاتقان بوران — تەكلىماكانىڭ دەھشەتلىك بورىنى كۆتۈرۈلدى.

* * *

تارىخىمىزدىكى ئۇرغۇن ئېچىنىشلىق، ئالەمشۇمۇل تراگېدىيىلىرىمىزنى نادانلىق، ساددىلىق، بىلىمسىزلىكتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. توختى تراگېدىيىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئىنچىكىلەپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ ماھىيىتىنى مىللىي مائارىپىمىزدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى زەئىپلىشىپ ھالاك بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ مائارىپقا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مائارىپچىسى يوق مىللەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەركىسى يوق پادىغا ئوخشايدۇ، نېمە قىلىشنى، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەيدۇ. ھېلىمۇ بىزنىڭ قەدىمىي كەنتىمىز «باغجىگدە»دە ئىبراھىم مۇئەللىمدەك بىر مائارىپچىنىڭ بولۇپ قالغىنى، مەكتەپكە مەكتەپ دېسە مەكتەپكە ئوخشىمايدىغان، داۋىيمىكىن دېسە داۋىيگە ئوخشىمايدىغان بىر «مەكتەپ» — مەرىپەت ئوچىقىنىڭ بولۇپ قالغىنى! ھەر ھالدا كۆپ ئاتلاپ كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان باللىرىمىزنىڭ بولغىنى...

ئەمدى مۇنۇ دىئالوگقا قاراڭ:

«— مۇئەللىم، سىلى يەنە گەپ ئويناتقىلى تۇردىلا، بۇ ئۆيلەرنى ئەسلىدە داۋىيدىن مەكتەپكە ياردەم قىلىپ سېلىپ بەرگەن. مانا ئەمدى بىزگە كېرەك بولدى، شۇڭا مۇشۇ سائەتنىڭ ئىچىدىلا ئۆينى بىكار قىلسىلا.

ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ ئابدۇغېنى ئاخۇن، بۇ مەكتەپتە 300گە يېقىن بالا ئوقۇيدۇ، ئۆي بولمىغانلىقتىن ئوقۇتقۇچىلارنى ھازىرغا قەدەر تۇراقلاشتۇرالماي كېلىۋاتىمىز. مەكتەپنىڭ كۆزەتكۈچىسى سۇپىتىدە مەنلا قالدىم. مانا ئەمدى مېنىمۇ قوغلاۋاتسىلەر، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلالىدىڭلارمۇ؟ باللار تەربىيە كۆرەلمىسە...

— بولدى قويسىلا مۇئەللىم. ئادەمنى سىياسەت سۆزلەپ زېرىكتۈرۈپ قويىدىكەنلا، قېنى دەپ باقسىلا، باللار نان يېمىسە، كىيىم كىيمىسە ئوقۇيالامدۇ؟ بالا ئوقۇتۇش مۇھىممۇ ياكى پىلە بېقىشمۇ؟ ھازىر پاختا تېرىش بىلەن پىلە بېقىشنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ!»

مانا بۇ، مائارىپنىڭ نېمىلىكىدىن، مائارىپنىڭ رولى-ئەھمىيىتىدىن تامامەن بىخەۋەر شۇجى ئابدۇغېنىنىڭ مائارىپقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ سەپرايى ئۆرلىمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭچە، 300 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىنى قىلىشى تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنلاپ يۇقىرىنىڭ بىرەر ئېغىز ماختىشى، بىرەر ئىككى يۈز يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشىش تەمەسى ئالدىدا ھېچقانچە گەپ ئەمەس. ئوقۇمايمۇ نان يېگىلى، كىيىم كىيگىلى بولىدىغان ئىپتىدائىي ئېھتىياجنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچقانداق تەلەپ يوق.

ھەرقانداق مىللەت ئۆز مائارىپىنى گۈللەندۈرمىسە، تەرەققىي قىلدۇرمىسا، يۇقىرىقىدەك ئەڭ ئىپتىدائىي ئېھتىياجنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مائارىپىنى ئاسماندىن بىرى چۈشۈپ گۈللەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىش كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىدە يېزا مائارىپىنى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار، كەنت-مەھەللىلەر زور كۈچ چىقىرىپ راۋاجلاندۇرۇشى ھەممىدە بۇنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن مائارىپنى چىڭ تۇتۇۋاتقان يېزىلار ئاز ئەمەس، بىراق «باغجىگدە»دەك يېزىلارمۇ خېلى بار.

توختى مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ روھىغا ھۆكۈمرانلىق

قىلىۋاتقىنى بىلىمسىزلىكتىن ئىبارەت بىچارىلىك. شۇڭلاشقا ئۇ تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىدا باشتىن-ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بۇ مۇقەررەرلىك ئۇنى تراگېدىيە ئىچىگە سۆرەپ كىردى، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقانداق قاتلىمىنى تەپسىلىي كۆزەتسەك، توختىدەك ياشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسى بۇنداق تراگېدىيەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز پوۋېستنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، توختىنىڭ تۇمانغا ئايلىنىپ كەتكەن سىماسىدىن كۆزىمىزنى ئېلىپ، يېنىمىزدىلا چوقچىيىپ تۇرغان ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ قەبرىسىگە قۇلاق سالساق، شۇنداق بىر جەزىبىلىك غايىۋى ئاۋازنى ئاڭلايمىز. بۇ ئاۋاز چوقۇم دېھقانلىرىمىزنى چۇشەپ كېلىۋاتقان روھىي كىشەننىڭ قورقۇنچلۇق چالدىرلىشىدىن ئىبارەت، خالاس.

* * *

ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەردىن تارتىپ كىتابخانلارنىڭ ئازراق بولسىمۇ دىققىتىنى تارتقان ئەسەرلەردە چوقۇم يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت، گۈزەل تىل، يېڭىلىك، ئۆزگىچە ئۇسلۇب بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئاپتورنىڭ قەلبىنى ئارامسىزلاندۇرغان بىرەر ئىجتىمائىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم بۇ مەسىلىنىڭ يېشىمى، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى ئىجادىي ئۇسۇلدا يەكۈنلەنگەن بولىدۇ. ياش يازغۇچى مەتسېلىم مەتقاسىمنىڭ مەزكۇر پوۋېستى ئۇنىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان «كونا گىلەم»، «چىڭگىلىك» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتى، ئۆزلىرىنى نامراتلىق پاتقىقىدىن تېزرەك قۇتۇلدۇرۇپ، ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، بۇ كۈرەشلەر داۋامىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى چىقارغان روھىي گادايلىقنى توختىدىن ئىبارەت ساددا دېھقاننىڭ كەچمىشلىرى ئارقىلىق مەركەزلىك، ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئاپتور ھەرخىل كومېدىيە، تراگېدىيەلەر ھەرۋاقىت ئوينىلىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش سەھنىسىنىڭ ھەقىقىي ئىشتىراكچىسى سۈپىتىدە نېگىزلىك مەسىلەرنى، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشاش مۇرەككەپ، چېگىش زىددىيەتلەرنى ھەقىقىي يازغۇچىغا خاس ھالدا كەڭ جەمئىيەتنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا سۇنغان.

ئاپتورنىڭ مەزكۇر پوۋېستىدا ئىسمى، پائالىيىتى غىل-پال بولسىمۇ ئەكس ئەتكەن 20گە يېقىن شەخسنىڭ باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ «باغچىگەدە»دىن ئىبارەت خىلۋەت ماكاندا يېتىلدۈرگەن پىسخىكىسىنى، روھىي ھالىتىنى ۋە باشقا ئىنسان تەبىئىتىگە مەنسۇپ بولغان ئامىللارنى تولۇق ساقلاپ قېلىشى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ زۇلەيخان بىلەن گۈلنارخاننىڭ تۇرمۇش ئاچاللىرىدا

ئۆزماھىيىتىگە لايىق يول تاللىشى كىتابخانىلارنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرسا، ئاپتورنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ تەقدىرىنى كىتابخانىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا يات ھالدا بىر تەرەپ قىلىشى (رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتمەي) كىتابخانىلارنىڭ قىزىقىشى، ھەيرانلىقىنى قوزغايدۇ. ناسىر بىلەن توختىنىڭ گۆش بىلەن قاندەك سىڭىشىپ كەتكەن ئاغىنە-بۇرادەرچىلىكى، توختىنىڭ ھەققانىيەت ئالدىدا مۇرەسسە قىلمايدىغان «سەپرا» مىجەزى، ئىبراھىم مۇئەللىمدەك بىر مەسئۇلىيەتچان، نامرات، جاپاكەش باغۋەننىڭ دۇنيادىن ئۈن-تىنسىز كېتىپ قېلىشى كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرسە، ئابدۇغېنى، ئوسمان، سادىق كاۋاپچىنىڭ رەزىللىكى ئادەمنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرىدۇ. بۇ، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي قاتلىمىنى ئىنچىكە ئوپېراتسىيە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئاپتور پوۋېستتا تراگېدىيە يىلتىزىنى بىزگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق بايان قىلماي بەرمەستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ئابستراكت تەپەككۇر، يوشۇرۇن تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىغا سىڭىشىپ كەتكەن ئىبراھىم مۇئەللىم ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق تېپىپ بېرىپ، بىزنى مىللىي مائارىپىمىز ۋە جەمئىيىتىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئالغاندا، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى خېلىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

نۆۋەتتە، خوتەن ۋىلايىتىدە ئىجاد قىلىنغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەردە ئومۇمەن خوتەن دېھقانلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشى، ئىستەك-خاھىشى، ئوبيېكتىپ، سوبيېكتىپ زىددىيەتلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى شىنجاڭ خەلقىگە تونۇتۇش مەقسەت قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ بىر ياخشى يۈزلىنىش بولۇپ، بۇ خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئالىزملىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم تېمىسى، شۇندا قىلا ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسىدۇر. مەزكۇر پوۋېستمۇ ئەنە شۇ خىل تىپتىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئاخىرىدا مەن يازغۇچى مەتسېلىم مەتقاسىمنىڭ تېخىمۇ ئىزدىنىپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تىي نىڭ

# ئۈزرەك

(ھېكايە)

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى

تەيخاڭشەن تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىۋەرسە، ئۈزرەك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كەنتكە بارغىلى بولىدۇ. ئۈزرەكنىڭ تاغلىرى ئېگىز، يوللىرى تىكىن، دەل-دەرەخلىرى شالاڭراق بولغاچقا، بۇ يەرگە نەچچە ئون تۈتۈنلا ئولتۇراقلاشقان، لېكىن ئۈزرەك داڭلىق ئىدى.

ئۈزرەكنىڭ داڭقى ئۇنىڭ تاغلىرىنىڭ ئېگىز، يوللىرىنىڭ تىكىنلىكىدە، ئاھالىسىنىڭ شالاڭلىقىدا، ئۈزرەك دېگەن چىرايلىق ئىسمىدىمۇ ئەمەس ئىدى. تاغنىڭ ئىچكەرىسىدىكى جىرا-جىلغىلاردا چىرايلىق ئىسىملار ئىنتايىن تولا بولۇپ، كەنت ئىسىملىرىدىن تەقۋادار، بىلىك ئوردا، كىشى ئىسىملىرىدىن پەزىلەت، ھېكمەت دېگەنلەر بار ئىدى. بۇ ئاجايىپ-غارايىپ ئىسىملارنى كىملەرنىڭ قويغانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تاغلىقلار بۇ ئىسىملارغا ھەيران قالمايتتى. ئۇلار پەزىلەت، ھېكمەت دېيىشكە، يىراقتىن كەلگەن ناتونۇش كىشىلەرگە ئۆز كەنتىنىڭ ئۈزرەك دېگەن نامىنى ئېيتىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ ئىسىملار ئىنتىن ئاشقان، باغلاندى، ما فامىلىكلەر جىلغىسى دېگەندەك ئىسىملاردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى. شۇڭلاشقا ئۈزرەك ھەقەتەنمۇ داڭلىق ئىدى.

ئۈزرەك سۈيىنىڭ قىسلىقى بىلەن داڭلىق ئىدى، كونىلارنىڭ ئېيتىشچە، ئاتام زاماندىكى گۇاڭشۇي يىللىرىدىن باشلاپلا بۇ يەردىكى سۇ مەنبەسى سۇغۇلۇپ كەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسلا بىر يىلى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى ئەجدىھا باش كۆتۈرگەن كۈنى كەنتكىلەردىن بىرى پەرھىزنى بۇزۇپ، قۇدۇقتىن بامبۇك سوغا بىلەن سۇ ئاپتۇ، بامبۇك سوغا ئەجدىھانىڭ كۆزىنى زەخمىلەندۈرۈپ قويغاچقا، ئەجدىھا پادىشاھى قەھرۇ غەزەپكە كېلىپ ئۈزرەكنىڭ سۈيىنى توختىتىپ قويۇپتۇ، دېيىشەتتى. ئۈزرەكلىكلەر ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مۇشۇنداق ياشاپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇلاردىن بىرەر تۈتۈنمۇ بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتمەي، ئاشۇنداق تەشنالىقتا چاكىلداپ تۇرغان ئۆي-ۋارانلىرىنى ساقلاپ كەنتكى بىردىنبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۇغۇلغان قۇدۇقنى مەگدەش ۋە بويۇنتاۋلۇق ئىچىدە قورۇقداپ كەلمەكتە ئىدى. كونىلار بۇ قۇدۇق ياپۇن يېغىلىقىدىلا قۇرۇپ كەتكەن دېيىشەتتى. ئۇنى قۇدۇق دېگەندىن كۆرە، قۇدۇقنىڭ ئىزناسى، ئىلگىرى بۇ يەردە سۇ بولغانلىقىنىڭ نىشانى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇزرەگدىكى كىشىلەر سۇنىڭ رەمزى ئىچىدە ياشىغاچقا، ئۇلارغا « ھەپىرەگگە قاراپ ھەلقۇمنى ئېۋىتىپتۇ » دېگەن تەمسىل تازا باپ كېلەتتى.

سۇ ئالغىلى يۈز چاقىرىم يول يۈرۈپ تاغدىن چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى، يۈز چاقىرىم نېرىدىكى قاپتالدا قۇمۇش تومىلۇقىدا سۇ بېرىدىغان بىر بۇلاق بار ئىدى، ئۇ ئۇزرەگلىكلەرنىڭ جان تومۇرى ئىدى. ئۇزرەك كەنتىدىكى ئەركەكلەر بىر گەز ئېگىزلىكتىكى سوغىلارنى يۈدۈشۈپ، ئۇزۇق--تۈلۈكلىرىنى بەللىرىگە تۈگكىنىچە كېچە--كۈندۈز يول يۈرۈپ بۇلاققا كېلەتتى. بۇ چاغدا، بۇلاقنىڭ ئالدىغا بالدۇر كەلگەنلەر تىزىلىپ بولغان بولاتتى. شۇڭا، كېيىن كەلگەنلەر توغرا كەلگەن يەرگە تىزىلىپ، ئۇزۇقلىرىنى يېگەچ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، ئىككى ئەۋلادقا يېتىدىغان سەۋر-تاقەت بىلەن قومۇش تومىلۇقىدىكى بۇلاق سۈيىنىڭ يوغان-يوغان سوغىلارنى قانچىلىك ئاستا ھەم قانچىلىك جاپادا تولدۇرۇشىغا قاراپ تۇرۇشاتتى، تىزىلىپ تۇرۇش، نۆۋەت كۈتۈش، تاڭ ئاتاردىن كۈن پاتارغىچە زارىقىپ كۈتۈش ئۇزرەگدىكى ئەركەكلەرگە ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ئۇلار كۈن-كۈنلەپ گەپلەشمەيتتى. ئۇلار ئاغزىلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، بەجايىكى ئۇزۇندىن بۇيان قاغجىراپ كەتكەن قۇلاقلىرىغىمۇ سۇنىڭ ئاۋازىنى توشقۇزۇۋېلىش لازىمدەك بۇلاق ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. سوغىلىرى بىلىق كۆزى بولغان مەھەلدە، خۇددى ساراڭ بولغان كىشىدەك ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ، ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي، ئاغزىلىرىنى ھاڭدەك ئېچىشىپ قورساقلىرىنى سۇغا تولدۇرۇشاتتى. كېيىن سوغىلىرىنى يۈدۈشۈپ، ئورۇنلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ بىللىلىشىپ ياكى يالغۇز مېڭىپ كەلگەن يولغا چىقاتتى-دە، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۇزرەگگە قايتىپ كېلەتتى. قايتىش سەپىرى جاپالىق ئىدى. گەپ سۇنىڭ ئېغىرلىقىدا ئەمەس، سۇنىڭ ئەتىۋارلىقىدا ئىدى. ئەركەكلەر تاغ يوللىرىدا دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە ماڭاتتى، بىر تامچە سۇنىمۇ يولدا قويماسلىققا تىرىشاتتى. يول ئۇلارنىڭ تېنىدىكى سۇ تەركىبلىرىنى بىردەمدىلا خورىتىپ تۈگەتكەچكە، ئۇشىنىسىدىكى سۇ ئۇلارنى ئېزىقتۇرغىلى تۇراتتى، ئۇلارنىڭ سوغىلارغا سەكرەپ چۈشۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلگۈسى كېلىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇلار ئەركەك بولغاچقا ئۆزلىرىنىڭ بويىنىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئويلاپ يېتەتتى. ئۇلارنىڭ قىلالايدىغىنى، ھاردۇق ئالغان چاغلىرىدا سوغىدىكى سۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ قويۇش، پۇرىقىنى پۇراپ قويۇش ئىدى. سۈپ-سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە ئەركەشىنىڭ قورۇق باسقان يۈزى كۆرۈنەتتى، شۇنداقلا بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭ سۇغا تەشنا چىرايى كۆرۈنگەندەك بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ، قاتاڭغۇر پۇتلىرىنى يۆتكىگىنىچە سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئېيشەككە سۇ ئارتىپ

كېلىدىغان خەقلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن
ئۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق ئۇسۇلنى گۆك
كۆتۈرمەيدۇ، دەپ قارىشاتتى. ئۈزرەڭدە
ئادەم بىلەن سۇ تالىشىدىغان بىر ھايۋاننىڭ
بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى ئىدى.

ئەرلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ
ئەپكەلگەن سۇنى قۇلۇپلاشقا توغرا
كېلەتتى. ئۈزرەڭدە پەقەت سۇلا قۇلۇپلاپ
ساقلاشقا ئەرزىيتتى. ھەممىلا ئۆيدە كەڭ
قېيىندىن ياسالغان سۇ ئىشكاپى بار ئىدى.
سوغا سۇ ئىشكاپىغا سېلىناتتى-دە، سۇ
ئىشكاپى تۆمۈر قۇلۇپتا قۇلۇپلاپ قويۇلاتتى.
ئۆي خوجايىنىنىڭ بېلىگە ئېسىلغان ئۈچ
غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر ئاچقۇچ خوجايىنىنىڭ
ئىززەت نەپسى بىلەن سۇنىڭ مۇقەددەسلىكى-
نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۈزرەڭلىكلەرنىڭ
ھەممىسى قوشنا-قۇلۇملار بىلەن ياخشى
ئۆتۈش توغرىسىدىكى گۇرۇچ، ئۇن سورىسىمۇ
سۇ سورىماسلىق دېگەن قائىدىنى بىلەتتى.
باشقا كەنتىكلەر ئۈزرەڭگە تۇغقان يوقلاپ
كەلگەندە گۇرۇچ، ئۇن ئەكەلمەي پەقەت
سۇ ئەكېلىشنىڭ لازىملىقىنى، سۇنىڭ
قىممەتلىك سوۋغات ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى.
چوڭلار چوڭ كوپ، كىچىكلەر كىچىك كوپ
ئېلىپ يۈرەتتى، سۇ كوپلىرىنى كۆتۈرۈپ
كەلگەن تۇغقانلار ئۈزرەڭدە ئېسىل مېھمان
ھېسابلىناتتى. ئۈزرەڭلىكلەر سۇنى تولىمۇ
تېجەپ ئىشلىتەتتى، ئىشلەتمىسە بولمايدىغان
چاغدىلا ئاندىن سۇنى «قولدىن چىقىرات-
تى» . بىر چۆمۈچ سۇدا ئاۋۋال يۈزىنى،
ئاندىن ئۇتياشنى يۇياتتى، ئاندىن كېيىن
ئۇنى قازانغا قۇيۇپ جىمبىل سۈيى قىلاتتى،
نان پىشقاندىن كېيىن جىمبىل سۈيىنى
ئېلىپ، چوشقىغا بېرەتتى ياكى كېيىنكى
نۆۋەتلىك تاماقتا يەنە ئىشلىتەتتى. يۈز
يۇيۇش دېگەننىڭ تەڭدىن تولىسى قىزلار-
نىڭ ئىشى ئىدى. ئاياللار، ئەرلەر يۈزلىرى-
نى يۇمايتتى، ئۇلاردا يۈز يۇيۇش دېگەن
ئۇقۇم يوق ئىدى. پەقەت قىزى بار
خەقلەرنىڭ قىزلىرىلا ئۆي خوجايىنى
ئاچقۇچنى چىقىرىپ سۇ ئىشكاپىنىڭ قۇلۇپىنى
ئاچقان چاغدا «ئاۋۋال يۈزۈمنى يۇيۇۋالاي-
چۇ!» دەپ ئۆتۈنەتتى. ئۇلار ئۆتۈنۈۋېتىپ
ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق ھەشەمەتخورلۇقى
ئۈچۈن خىجىل بولاتتى. خىجىل بولاتتىيۇ،
يەنە بۇ ھەشەمەتخورلارچە ئۆتۈنۈشىنى
ئېيتماي قويمايتتى. سۇ قىسلىقى ئۇلارنىڭ
كۆز نۇرىنى كەتكۈزگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ
چىرايى خۇنۇك، تىنىقلىرى بوغۇق، چاچلىرى
پاخپايغان ئىدى. سۇنىڭ قىسلىقى ئۈزرەڭ-
لىكلەرنىڭ شادلىقىنى كېسىپلاقالماستىن،
يەنە ئۈزرەڭلىكلەرنى قايغۇرىدىغان
چاغلاردىمۇ ئۈنچىۋالا قاتتىق قايغۇرالمايدىغان،
ئۈنچىۋالا دېدىل بولالمايدىغان قىلىپ
قويغانىدى. ئۇلار يىغلاپ ئەۋجىگە چىققاندا
كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس، سۇ چىقىۋاتقانلىقى-
نى بايقاپ قېلىشاتتى-دە، بىر ئاماللار
قىلىپ كۆزدىن سىرغىپ چىققان بۇ قىرتاق
سۇيۇقلۇقنى يېڭىۋاشتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىغا
بىر ۋاراقى قۇيۇۋېلىش كويىدا بولاتتى.
ئەمما قىزلار ھۆڭگۈرەپ ئېتىپ يىغلىغان
چاغلىرىدا ھۆسنى جامالىنىڭ ئېھتىياجىغا
بەكرەك دىققەت قىلاتتى، ئۇلار پۈرسەتنى
قولدىن بەرمەي ئىككى قولىنى سوزاتتى--
دە، كۆز ياشلىرى بىلەن يۈزلىرىنى
يۇيۇۋالاتتى. يۈزلىرىنى يېشىدا يۇغان قىزلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاجايىپ چىرايلىقلىشىپ كېتەتتى، قاپاقلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس قىزىرىپ، بۇرۇن قاناتلىرى سەل-پەل كۆپچۈپ راۋۇرۇس ئەگىلىك ئەتكەندەك كۆرۈنەتتى-دە، قاش-قاپاقلىرى سەھرايى كەلگەن يۇرتداشلىرى ئىچىدە خۇددى چېقىندەك ۋالىلداپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن قايغۇ-ھەسرەت تەگىسلىقنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا چېكىنىپ كېتەتتى. قايغۇ دېگەن نېمىكەن؟ سۆيۈنلۈكتىنمۇ ئارتۇق قايغۇ بولامدۇ؟

ئۇزرەڭلىكلەر ئىسمى-جىسمىغا لايىق تەبىئەتكە تايىنىپ قورساق باقىدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار كەنت ئېغىزىنىڭ ئەڭ ئويمان يېرىگە سۇ ئامبىرى ياساپ، گەرچە ئۇزرەڭدە قار بىلەن يامغۇر كەمدىن-كەم ياغسىمۇ، ئۇنىڭغا يازدا يامغۇر، قىشتا قار يېغىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. يامغۇر ياغسا ئۇزرەڭلىكلەرگە بايرام بولاتتى. بۇنداق كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كېتەتتى، چېلەكلەپ يېغىۋاتقان يامغۇردا بالا-چاقىلىرى بىلەن، ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالاتتى. كەينىدىنلا ئۆيدىكى ھەممە سايمان-جابدۇقلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ يامغۇرغا سالاتتى-دە، قايتىدىن ئۆيگە ئېلىپ كىرەتتى. قار ياغسىمۇ ئۇزرەڭلىكلەرگە بايرام بولاتتى، ئۇلار پۈتۈن بالا-چاقىلىرى بىلەن تالاغا چىقىپ، ئەر-ئايال، ياش-قېرى دېمەي قارغا ياتاتتى-دە، تىنماي قار يەيتتى. ئۇلار قارنى بولۇشىچە يەپ قورسىقىنى پومپايتىۋالغاندىن كېيىن خۇددى ئېغىر ئاياغ ئاياللاردەك ئاياغلىرىنى كەرگە-

نىچە قاردا قىڭغىر ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاھ-ۋاھلاپ ۋايساپ كېتەتتى، بەكمۇ قىينىلاتتى. قىينىلىشنى قىينىلاتتىيۇ، لېكىن قوللىرى توختىمايتتى، قارنى ئۇچۇم-ئۇچۇملاپ ئاغزىغا تىقاتتى، قىينالغانلىرىدىلا تۆپىلىكلەردىكى يەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان قېلىن قارلارنى كەنت ئېغىزىدىكى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھۇۋۇلداپ ياتقان سۇ ئامبىرىغا كىرگۈزۈشنى ئويلايتتى. قار سۇ ئامبىرىدا مۇز بولۇپ قېتىپ قالاتتى، كەنت كادىرلىرى چاتا مۇزلارنى چېقىپ، كەنت ئاھالىسىغا تارازىدا تارتىپ بۆلۈپ بېرەتتى.

لى لاۋجى دېگەن كەنت باشلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا قاتتىق كۈرەش قىلىنغانىدى، چۈنكى ئۇ شۇ يىلى چىللە ئىچىدە كەنتتە مۇز بۆلگەندە ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز ئائىلىسىگە ئون جىڭ مۇزنى ئارتۇق بۆلۈۋالغانىدى. ئۇزرەڭ كەنتىدىمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولغانىدى.

ئۇزرەڭنىڭ داڭقى چىققانىدى. يېقىن-يىراق كەنتلەردىكى ئانىلار قىزلىرىنى قورقىتىپ :« قىزچاق، يەنە گەپ ئاڭلىمايدىغان بولساڭ، چوڭ بولغاندا، ئۇزرەڭگە ياتلىق قىلىۋېتىمەن » دېيىشەتتى. خالايىق پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئۇزرەڭ كەنتىنىڭ ھازىرقى باشلىقى لى جې (لى لاۋجېنىڭ ئوغلى) بۇ كىچىك يۇرت بەخش ئەتكەن غۇرۇر ۋە جىددىي تۇس بىلەن: ھاۋاسى بىلەن سۈيىنى دېسە، باشقا يۇرتلار بىزنىڭ ئۇزرەڭگە يەتمەيدۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لى ئائىلىسى پادىشاھ بولغان مەزگىلدە تاللىنغان جاي

بۇ، دەيتتى. ئاغزى ئىتتىك بەزىلەر: هاۋاسى، سۈيى دېگەندە هاۋاسىمۇ، سۈيىمۇ بولۇشى كېرەك، سېنىڭ ئۆزرېگىدە هاۋا بىلەن سۇنىڭ بىرى يوق تۇرسا، دەيتتى. لى جې بولسا: بىزدە سۇدىن باشقا هەممە نەرسە بار دەيتتى، بىراۋلار تېخىمۇ زەردە بىلەن: سۈيى يوق يەردە يەنە نېمە بولاتتى، دېيىشەتتى، بۇ گەپ بىلەن تىلى تۇتۇلغان لى جې خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالاتتى.

سۈيى يوق يەردە يەنە نېمە بولاتتى! بۇ قاغاش ئىدى. ئۇنداقتا، سۇ بار يەرنى ئىزدەش، قۇدۇق قېزىش، ناهىيگە، ئۆلكىگە بېرىپ قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنى تەكلىپ قىلىش كېرەك ئىدى. ئىلگىرى لى لاۋجې كەنت باشلىقى بولغان ئاشۇ يىللاردا بۇ ئىشلارنى بېجىرگەن ئىدى، ئۆزرەگىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسىلا بۇ ناهىيىنىڭ قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ بېشى ئاغرىيتتى. سۇ چىقىش-چىقماسلىقى بىر ياقتا تۇرسۇن، ئۆزرەگىگە بېرىشنىڭ ئۆزى تولىمۇ قىيىن ئىدى. يەقەت تارغىنا بىر تىك تۆپىلىك بولۇپ، يول يوق ئىدى، ناهىيە بازىرىدىن 150 چاقىرىم يىراقلىقتا جابدۇق-ئۈسكۈنىلەرنى قانداق ئاپارغۇلۇق؟ لى لاۋجې 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغ ئالدىدىن بىر قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. ئەترەت كەنتكە كەلگەندىن كېيىن خەقلەر ئۇلارنى پادىشاھنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالدى. توپ-توپ ئەرلەر، سوغىلارنى يۇدۇشۇپ ئىچىش، يۇيۇنۇش ئۇچۇن قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرگە ئاتايىن سۇ ئېلىپ كېلىشتى. ئاياللار ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرگە ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ بەردى. ئۆزرەك جانلىنىشقا باشلىدى، خەرسەڭ تاش يېپىتىلغان ئەگىم-ئەگىم كوچىلار كۈنبويى ۋاراقشىپ قايناپ كېتىدىغان بولدى. شۇغىنىسى ئەركەكلەرنىڭ ئۆشىنەسىدىكى سۈيى، ئاياللار كۆڭۈل قويۇپ ئەتكەن ئاش-تاماقلار قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى رام قىلالمىدى، ئۇلار ياتىدىغان ئورۇن، يەيدىغان تاماقنىڭ ناچارلىقىدىن ۋە سۇنىڭ قىسلىقىدىن ۋايسىشاتتى. دېگەنبىلەن ئۇلاردىنمۇ ئاغرىنغىلى بولمايتتى. ئۆزرەگىدە تۇرۇپ باقمىغانلار سۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. قۇدۇقچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەي قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپراق، بۇيەردىن سۇ چىقمايدىغانلىقىنى جەزمەلەشتۇردى. بىركۈنى سەھەردە ئۆزرەگىدەكى ئەركەكلەر يەنە بىر قېتىم توپ-توپ بولۇشۇپ، قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرگە سۇ ئالغىلى كەتكەندە، ئۇلار خوشلاشمايلا كەتمەكچى بولۇشتى. ئۇلار ئەركەكلىرى يوق بىر كەنتتە نېمە قىلىشمۇ بولۇشىدۇ دەپ قارىشاتتى.

ئۇلار كەنت ئېغىزىدا ئۆزلىرىنى بىر نەچچە ئايالنىڭ توسۇۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ ئاياللارنىڭ باشلامچىسى جاڭ ئېرنىڭ كۆچى دەپ ئاتالغان بىر ئايال ئىدى، ئۇ ئىككى قولىنى كېرىپ، قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ باش ئۇستىسىغا قارشى ماڭغان پېتى توختۇنلۇق بىلەن:

— قايتىڭلار، ھەم، كېتەلمەيسىلەر، — دېدى.

باش ئۇستا ئالدىدا تۇرغان بۇ بىر نەچچە پاخما باش قاسماق ئايالغا سەپسېلىپ قاراپ قويۇپ، جاڭ ئېرنىڭ كۆچىگە:

— كېتەلمەيسىلەر دېگەن نېمە گەپ، نېمىشكە كېتەلمىگۈدەكمىز؟ — دېدى.

جاڭ ئېرنىڭ كۆچى قوللىرىنى كېرىپ، يەنىلا تەمكىن تۇراتتى، ئۇ:

— مەن كېتەلمەيسىلەر دېگەنىدىكەن كېتەلمەيسىلەر، — دېدى.

سىرتقى ناھىيىلەردە يوقىرى-تۆۋەن كېزىپ يۈرگەن بۇ قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنىڭ جېدەلخورلۇق ھۈنىرى، يەنە تېخى كۆك بۆرەكلىكمۇ بار ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلار بۇ شىرشىم مىجەز ئاياللارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتاتتى.

ئۇلار كەنتكە قايتىپ كېتىشتى.

ئاخشىمى جاڭ ئېرنىڭ كۆچى قېيىن سۇ ئىشكاپىنىڭ قۇلۇپىنى چاقتى-دە، سوغىدىكى سۇنى پاكپاكىز ئىشلىتىپ بەدىنىنى يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتتى. سۇ ئىشكاپىدىكى سۇ ئەسلىدە بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ يېرىم ئايلىق رىزقى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىۋالغان باشقا بىر نەچچە ئايالمۇ ئۆز ئۆيلىرىدىكى سۇ ئىشكاپلىرىنىڭ تۆمۈر قۇلۇپلىرىنى چېقىپ، ئۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇشقانىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيلىرىدىن چىقىپ قۇدۇق قازغۇچىلارنىڭ كەپىسىگە يوپۇرۇلۇپ كىرىشتى. ئۇلار كەپىگە خۇددى ئېگىز ئاسماندىكى چېقىندەك، جىرا-جىلغىلاردىكى دالا شامىلىدەك، زومچەك-زومچەك قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قاقشال ئوت-چۆپلەرنى سىيپاپ ئۆتكەن ئەرۋاھلاردەك كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كېلىشى ۋە بۇ ئۇشتۇمتۇتلۇق بىلەن تەڭ كىرىپ كەلگەن جۇلادارلىق كەپىدىكى ئەركەكلەرنى ھولۇقتۇرۇۋەتتى. قورقىنىدىن ئۇلارنىڭ جان-پېنى چىقىپلا كەتتى. جاڭ ئېرنىڭ كۆچى ئەنىگەنىكى «مەن كېتەلمەيسىلەر دېگەنىدىكەن كېتەلمەيسىلەر» دېگەن گېپىنى تەكرارلىغاندىلا، ئاندىن ئۇستىلار بۇلارنىڭ كەنت ئاغزىدا ئۆزلىرىنى توسقان ئەتىگەنكى بىر نەچچە پاخما باش قاسماق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى. سۇ جاڭ ئېرنىڭ كۆچىنى شۇ قەدەر تازارتىۋەتكەن ئىدىكى، ئۇ خۇددى تاغ پەرىسىگە، ئورمانلىقتىكى يۇزلىرى يومۇلاقىنا كەلگەن پەرىزاتقا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ گۈللۈك چىتتىن تىكىلگەن ئىمچىسىنى يەشتى-دە، پاكىز يۇيۇلغان ساغلام كۆكرەكلىرىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ پۈتۈن قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. «سەن پەقەت بىزگە سۇ چىقىرىپ بېرىدىغانلا بولساڭ!» دەيتتى ئۇ قۇدۇقچى ئۇستىنىڭ ئاستىدا مەردانىلىق بىلەن.

قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكى باشقا كىشىلەرنى قالغان ئاياللار ئېلىپ كېتىشكەنىدى.

قۇدۇق قېزىش ئەترىتى كەتمەيدىغان، ئۇزۇرەڭدە يەنە يىگىرمە كۈن قالىدىغان بولدى. قۇدۇق چېدىرلىرى يەنە تىكىلىپ، چاقچاق ئاۋازلىرى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلى-

دى، ئۇزرەڭنىڭ ئاياللىرى توپتوغرا يىگىرمە كۈن كېچە-كۈندۈز رازىمەنلىك بىلەن ئۇز تەنلىرىنى تۆھپە قىلىشتى. ئۇلار زور كۆچ چىقىرىپ، تاغ يوللىرىدا سوغا يۈدۈپ يۈرۈۋاتقان، زور كۆچ چىقىرىۋاتقان ئەرلىرى-نى ئەسلىشەتتى. سۇ ئەكەلگەن ئەركەك-لەر سۇ ئىشكاپىنىڭ چىقىۋېتىلگەن قۇلۇپى بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئەپتىگە قاراپ قويۇپ، كۆزلىرىنى يۇمچاقلاپ، خەيرىيەت دەيتتى -دە، ئاياللىرىنىڭ زەخمىنى ئۇيۇپ تۇرماس-تىن، پىداكارلىق بىلەن ئۇستىكارلارنىڭ قۇدۇق قېزىشىغا ياردەملەشكىلى كېتەتتى.

ئاياللار قۇدۇق قازغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى رام قىلغىنى بىلەن قۇدۇق قازغۇچىلار چوڭقۇر سۇ قاتلاملىرىنى رام قىلالمايۋاتاتتى. ئۇلار كۆچ-قۇدرىتىنى ئاياللار بىلەن قۇدۇققا سەرپ قىلىپ تۈگىتىشەتكەن بولسىمۇ، بەربىر ئۇزرەڭدىن سۇ چىقمىدى.

قۇدۇق قېزىش ئەترىتى ئۇزرەڭدىن كەتتى، كەتكەندىمۇ شەرمەندە بولۇپ كەتتى. ئۇلار نەمۇ نە يۈرۈپ ئۇزرەڭنى ئالەمگە شايى قىلىشتى. ئۇلار ئۇزرەڭدە قۇدۇق قازىمەن دېيىش يوق گەپ، تىرناقتا توختاپ، يۈرەكتە ئويناپدىغنى ئۇزرەڭنىڭ قىز-چوكانلىرى، دېيىشەتتى. كىشلەر :تىرناقتا قانداق توختاپ، يۈرەكتە قانداق ئويناپدۇ دەپ سورىسا، ئۇلار :ئۇ يەرنىڭ قىز-چوكانلىرى تەگداشسىز ئىسسىق، ئاغزى ئىسسىق، يەنە... پالان-پۇستان يەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسسىق، ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، دەيتتى.

ئۇزرەڭنىڭ داڭقى خېلى يىراقلارغا كەتكەنىدى. كىشلەر ئۇزرەڭدىكى قىز-چو-كانلارنىڭ ئىسسىق يەرلىرى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى خۇپپىيانە تارقىتىشىپ يۈرەتتى. ئۇزرەڭلىكلەرنىڭ ئالدىدا پەقەت لى لاۋجېنىڭ 10 جىڭ مۇزغا خىيانەت قىلغانلىقىنىلا تىلغا ئېلىشاتتى. لى لاۋجېنىڭ ئوغلى، ئۇزرەڭ كەنتىنىڭ ھازىرقى باشلىقى لى جې بۇنداق ئاشكارە تەئەددىلەرنى ئاڭلىغان ھەمدە ئاشۇ خۇپپىيانە شىكا-يەتلەرنىمۇ ئېنىق بىلەتتى. ئۇ: سۇ بولمىغان يەردە يەنە نېمە بولاتتى دېگەن بۇ قاغاشىنى ئىسدە چىڭ ساقلايتتى.

قۇدۇق قېزىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

قۇدۇق دېگەن جۇۋاينەمەكنى قېزىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

راۋۇرۇس، ئۇن ئالتە سەرلىك قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنى تەكلىپ قىلىش كېرەك جۇۋاينەمەكنىڭ... دەپ ئويلايتتى ئۇ.

لى جې شۇ زامات سۇ ئىشلار ئىدا-رىسىغا باردى. سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلىدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە، سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كەم دېگەندىمۇ ئون نەچچە قېتىم ئالماشقان. ھەر قېتىمقى باشلىق ئۇزرەڭنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلەتتى. سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى جېگە چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تېخنىك ئىشلىرى بويىچە يېڭى كەلگەن مۇئاۋىن باشلىقى، خەقلەر لى تېخنىكنىڭ دەيدىغان كىشى لى جېنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئۇزرەڭ ئېسىل ئىسىم ئىكەن، — دېدى.

— ئىسمىمۇ ئېسىل، ئادەملىرىمۇ ئېسىل، —

www.uyghurkitap.com



دېدى لى تېخىنكقا ئەھۋالدىن خەۋەردار بىرى ئەستەرلىك سۆزلەپ.

— لى تېخىنىك بارسۇن، ئۇ يەرگە لى تېخىنىك بارسۇن، ئۇ يەرگە لى تېخىنىك تازا باپ، — دېدى يەنە بىرى مەقسەتلىك كۈش-كۈشلەپ.

ئۇلارنىڭ ئۆلكىدىن چۈشكەن بۇ ياش باشلىققا قىلغان چاقچىقى راست ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىچىدە :ۋاي خۇدايىمەي، ئۈزرەڭگە بارىدىغان ئىش ئويۇنىشىدىغان ئىشمۇ، دېيىشەتتى.

ئۇلار لى تېخىنكنىڭ لى جې بىلەن بىللە يېرىم ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۈزرەڭدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ سۇ قاتلىمىنى تاپقانلىقىنى پەملەپ يەتمىگەنىدى. ئۇ: مەن ئۈزرەڭدە سۇدىن ئۈمىد بارلىقىنى جەزملەشتۈردۈم ۋە ئۇيەردە قۇدۇق قېزىش قارارىغا كەلدىم، دېگەنىدى. بۇ چاغدا لى تېخىنىك: «دۇنيادا قورقۇشقا توغرا كەلسە، ‹ئەستايىدىللىق› دېگەن سۆزدىن قورقۇش كېرەك» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئېسىگە ئالغانىدى.

ئۈزرەڭدە ئەسلىدە تاشيول بولمىغاچقا، لى تېخىنىك قورۇل كەنتىگە ئېشەك سوراپ ئادەم ئەۋەتتى. قۇدۇق قازىدىغان ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ باشايدىغىنىنى باشاپ، چۇۋۇيدىغىنىنى چۇۋۇپ، بىر ئېشەك كارۋىنىغا يۈكلىدى-دە، تاغقا قاراپ راۋان بولدى.

ئەتىياز مەزگىلىدە سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ قۇدۇق قېزىش ئەترىتى ئۈزرەڭگە يېتىپ كەلدى. لى جې قۇدۇق قازغۇچىلارنى چېدىرلارغا كىرگۈزمەي، ئائىلىلەرگە كۆچۈپ

قويۇپ تەقسىم قىلدى. لى تېخىنىك جاڭ ئېر ئائىلىسىنىڭ كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جاڭ ئېر ئائىلىسىدە 17-18 لەرگە كىرىپ قالغان جاڭ يىن ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، ئۇ ئۈزرەڭدىكى قىزلارنىڭ ئالدى ئىدى. توپ-توپ ئەرلەر سوغىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يۈز چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئىچىش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن قۇدۇق قېزىش ئەترىدىكىلەرگە ئاتايىن سۇ ئېلىپ كېلىشەتتى، ئاياللار بولسا، ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكىلەرگە ئۈزرەڭ بويىچە ئەڭ ئېسىل ئاش-تاماق: سامساق قىيمىلىق ئوتياش، تېرىق توقچى، ئارپا سىقمىقى قاتارلىقلارنى تازا ئوخشىتىپ ئېتىپ بېرەتتى.

ئۈزرەڭ يەنە بىر قېتىم جانلىنىپ، خەرسەڭ تاشلىق ئەگىم كوچىلار كۈنبويى ۋاراقشىپ قايناپ كەتكەنىدى.

لى تېخىنىك باشچىلىقىدىكى قۇدۇق قېزىش ئەترىتى ئۆتكەنكى قۇدۇق قېزىش ئەترىتىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلارمۇ ئۈزرەڭلىكلەرگە ئوخشاشلا سۇنى قەدىرلەپ، يۈزلىرىنى يۇمايتتى، چىش يۇيۇش ئادىتىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى.

لى تېخىنىك جاڭ ئېرنىڭ كۆچى كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەن سۇنى ھەمىشە ياندۇرۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا «سۇغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇڭ، تامچە يىغىلسا كۆل بولىدۇ ئەمەسمۇ» دەيتتى.

جاڭ ئېرنىڭ كۆچى «سۇغا قۇلۇپ سالساق خەقلەر بىزنى زاڭلىق قىلمامدۇ؟» دەيتتى.

لى تېخىنىك «خەق دېگەن مەنمۇ؟»

دەيتتى.
جاڭ ئېرنىڭ كۆچى «سىز خەق بولمىسىڭىزمۇ مېھمان» دەيتتى.
لى تېخنىك «كومپارتىيە قاچاندىن بېرى پۇقرانىڭ مېھمىنى بولغان؟» دەيتتى.
جاڭ ئېرنىڭ كۆچى تىلىنى تىپىپ، لى تېخنىكقا زەن سېلىپ قاراپ كېتەتتى. قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا، لى تېخنىكنىڭ يۈزى كىرلىشىپ، چاچلىرى ئۆسۈپ، ساقال- بۇرۇتلىرى چىگىلەكلىشىپ، ئۆزرەڭلىكلەرگە سىڭىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرسە تونۇغىلى بولمايدىغان يەرگە بېرىپ قالغانىدى.
ئارىدىن يىگىرمە كۈن ئۆتتى، قۇدۇق قازغانسېرى چوڭقۇرلاپ، ئادەملەر بارغانسېرى ئورۇقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا سۇ چىقمىغانىدى. كەنتنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى بىسەرەمجانلىشىپ كېتىۋاتاتتى، جاڭ ئېرنىڭ كۆچىمۇ تاقىتى تاق بولۇپ غودۇرايتتى: ئىلگىرى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن ھېلىقى دۇقالغا يەنە كېلىپ قالدۇقمۇ نېمە؟
تاقىتى قانچە تاق بولغانسېرى جاڭ ئېرنىڭ كۆچى كۈن چىقىشتىكى لى تېخنىكنىڭ ئۆيىگە شۇنچە كۆپ قاتىرايتتى، ئۇ ھەرگىز- قۇرۇق قول بارمايتتى، لى تېخنىكقا بىر گەردۇن چىنە سۇ ئالغاچ باراتتى. ئۇ لى تېخنىكنىڭ يېرىقلىرىدىن قان تەپچىرەپ تۇرغان ئاغزى بىلەن قولىغا قاراپ ئۇنىڭغا «مېھمان ئەمەسلىكىڭىز راست بولسا، بۇ بىر چىنە سۇنى مېنىڭ كۆزۈمچە ئىچىۋېتىڭ» دەيتتى. لى تېخنىك كۈلۈپ قويۇپلا سۇنى ئىچمەيتتى.
سۇنى ئىچمىگەندىكىن يەنىلا مېھمان دېگەن گەپ ئىدى. مېھمان بولغاندىكىن كەتكۈسى كەلسە كېتىۋېرەتتى. بىرچىنە سۇ قانچە ئەتىۋار بولسىمۇ، لېكىن سۇ چىقىرالمايدىغان قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنى ئېلىپ قالالمايتتى. بىرچىنە سۇ لى تېخنىك- نىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېتۇ، بۇ بىر چىنە سۇ ئۆز رەڭلىكلەرنىڭ چۆپچىلە كۆڭلى، شۇنداق- لا چېكىپ بېقىشى، مېلىكە قىلىشى ئىدى. لى تېخنىك ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇ جاڭ ئېرنىڭ كۆچىنىڭ نېمىدىن ئەنسى- رەۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە ئارتۇقچە بىر نېمە دېمەستىن ئىچ- ئىچىدىن غەيرەتكە كېلىپ كارامەتنى قۇدۇقتا كۆرەرمىز، دېدى.
جاڭ ئېرنىڭ كۆچى تاماق ئېتىۋېتىپ قىزى جاڭ پىنغا:
— خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ سۇ چىقمايۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئېلىپ قالالمايدىغان- دەك تۇرىمىز، — دېدى.
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟
— مەن شۇنداق دەيمەن.
— ئىلگىرى ئانام قانداق قىپتىكەن؟ — دەپ سورىدى جاڭ پىن.
— ئىلگىرىكى ئاناڭنى ئاغزىڭغا ئالما! — دېدى ئاپىسى.
— ئاغزىمغا ئالمىسامىمۇ ھەممىنى بىلىمەن. لېكىن پۈتۈن كەنتتىكى ياش- قېرى- نىڭ قايسىسى سىلەرنىڭ شەنىڭلەرگە قارا سۇركىيەلەيدۇ؟ — دېدى قىزى.
— سەن قانداق قارايسەن؟
— باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا ئوقۇتقۇچى ماڭا شەرەپلىك قۇربان، دېگەن سۆزلەرنى ئۆگەتكەنىدى.

— شەرەپلىك قۇربان دېگەن نېمە گەپ؟

— ئاپا، سەن بۇ سۆزلەرنى بىلمەيسەن. سەن قېرىپ قالدىڭ! — دەپ جاۋاب بەردى قىزى.

جاڭ ئېرنىڭ كۆچى قېرىغان بىلەن جاڭ پىن قېرىمىغان، تازا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچە ئىدى. ئۇ ئەمدى سۇ چىقمىسا ئۈزرەگدىن ئۈمىد يوق، ئەمدى سۇ چىقمىسا مېنىڭ ياشلىق باھارىمۇ خازان بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. جاڭ پىن باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەچكە ياشلىق باھارنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتى، ياشلىق باھارنىڭ ئۈزرەگدىكى ئورنى سۇدىن كېيىن تۇرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلەتتى.

ئاخشىمى جاڭ پىن تۆر ئۆيدىكى سۇ ئىشكاپىغا قاراپ قويۇپ ئاپىسىغا:

— قۇلۇپنى چىقىۋېتەيچۇ، — دېدى.

ئاپىسى:

— نېمىشقا چىقىۋېتىسەن؟ — دېدى.

— يۇيۇنىمەن، — دېدى جاڭ پىن بېشىنى سىلىپ. جاڭ ئېرنىڭ كۆچى ھەممىنى چۈشەندىيۇ ئۈندىمىدى.

جاڭ پىن تۆمۈر قۇلۇپنى ئۆز قولى بىلەن چېقىپ سۇنى بىراقلا ئىشلىتىۋەتتى.

تۈن نىسپىدىن كېيىن، لى تېخنىك قۇدۇق بېشىدىن قايتىپ كەلدى. كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ چىراغمۇ ياقماي كىيىمىنىمۇ يەشمەي كاڭغا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، پاتقاقتەك مىلىق-سىلىقلا بولۇپ، ئۇخلاپ كەتتى. قۇدۇقتىن سۇ چىقمىغاچقا، ئۇمۇ ھەدەپ كاراماتىمنى كۆرسىتىمەن دەپ يوغانچىلىق قىلىپ، ئۈزرەگلىك قېرىنداشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقماسلىقىم كېرەككەندۇقتە، دەپ سەل-پەل پۇشايمانمۇ قىلىپ قالغانىدى. لى تېخنىك ئۆرۈلەتتى، ئاھ-ۋاھلايتتى، ئاھ-ۋاھلايتتى، ئۆرۈلەتتى. شۇ ئەسنادا كاڭنىڭ بۇلۇڭى قىمىرلاپ قالدى.

— كىم؟ — دەۋەتتى ئۇ چۆچۈپ كېتىپ. پاژژىدە قىلغان سەرەڭگە ئاۋازى ئاڭلىنىپ، چىراغداندىكى قارا چىراغ ۋاللىدە يېنىپ كەتتى، ئېدىرسىمان بوزغۇن كېگىز ئىچىدىن قاردەك ئاپئاق بىر ئادەم چىقىپ كەلدى.

لى تېخنىك ئۈزرەگگە كېلىپ قاردەك ئاپئاق نەرسىنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۈزرەڭ كەنتى ئاھالىسىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى سۇ دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان يۈزلىرى ئۇلارنى پۈتۈنلەي قاش-كۆزىنىڭ تايىنى يوق قىلىپ قويغانىدى. بۇ قاش-كۆزىنىڭ تايىنى يوق يۈزلەر لى تېخنىكنى دەممۇ دەم ئازابلاپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ بىر پارچە ئاق نۇرنىڭ ئۇ ياتقان كاڭنىڭ بۇرجىكىدىن لەرزان ئۆرلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى، لى تېخنىك ھەقىچان بۇ ئادەمدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاخىرى بۇ نەرسىنىڭ ئۆي خوجايىنىنىڭ قىزى جاڭ پىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. لى تېخنىك جاڭ پىندىن: «بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟» دەپ سورىدى، سورىدىيۇ كاڭدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىۋالدى.

جاڭ پىن زۇۋان سۈرمەستىن شارتلا قىلىپ ئالدىغا تارتقان كېگىز يوپۇقنى چۈشۈرۈۋەتتى.

لى تېخنىك ئۇنىڭ بۇ چۈشۈرۈۋېتىشىنى

سېزىپ ۋە شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ كېڭىدا يالىڭاچ بىر قىزنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇردى. بۇ ئىش ئۇنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ بىر خىلدا يۈزىنى ئۆرۈگىنىچە:

— كىيىمىڭ قېنى، تېزراق كىيىمىڭنى كىي! — دېدى.

كەينىدە تۇرغان جاڭ يىن:

— بۈگۈنكى قاراڭغۇ كېچىدە مېنىڭ كىيىمىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

بىرىنچى ئېغىز گەپ قىلىنغان ئىكەن، ئەمدى ئىككىنچى ئېغىز گەپنى قىلىشتىن قورقماسلىق كېرەك ئىدى. باشتىن- ئاخىر كاڭنىڭ بۇرجىكىدە تىترەپ تۇرغان جاڭ يىن ئەمدىلىكتە ئۆزىنى بىردىنلا تىنچلان- دۇرۇۋالغانىدى. ئۇ بەدەشقان قۇرۇپ، بەدىنىنى تۈز تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى قارا چىراغدا ئەكس ئېتىپ، قاپقارا تامدا شۇ قەدەر زور، شۇ قەدەر كۆركەم گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن كۈن كۆرۈپ باقمىغان كىچىككىنە يۈزلىرى بايامقى سېپىلگەن سۇ بىلەنلا مۇشۇنداق ۋاللىداپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تىنىقلىرى سۈزۈك، لەۋلىرى يېپەكتەك جەلپكار ئىدى. ئۇنىڭ ھۆللەنگەن، تەڭداشسىز ئەۋرىشىم سۇمبۇل چاچلىرى مۈرىسىگە چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئەر كىشىنى ئوچۇق- يورۇقلۇق، تۈزلۈك ۋە بىشەملىك، ئەمما پاك ۋە رىياسىزلىق بىلەن ئېزىقتۇرماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ بېشىدىن ھېچ ئىش ئۆتمىگەن، قەلبىدە پەقەت ئېتىقادلا بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاپىسى دېمەتلىكلەر ئادا قىلالمىغان ۋەزىپىنى ئادا قىلماقچى ئىدى. ئۇ ياشاشنى ئىستەيتتى، لېكىن پەقەت سۇلا ئۆزرەڭلىكلەر- نىڭ ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ جان تومۇرى ئىدى. ئۇ لى تېخىنكنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالسام ياكى ئۇ مېنى ئۆزىگە قارىتىۋالسا، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ لى تېخىنكقا يەنە:

— بۈگۈنكى قاراڭغۇ كېچىدە مېنىڭ كىيىمىم يوق، — دېدى.

لى تېخىنك يەنىلا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەسكىلىك قىلما، كىيىمىڭ بولمىسمۇ كىيىم كىيىشىڭ كېرەك، — دېدى.

جاڭ يىن:

— ئەسكىلىك! مەن ئەسكىلىك قىلدىممۇ؟ — دېدى.

لى تېخىنك:

— ئەسكىلىك قىلمىساڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ — دېدى.

جاڭ يىن:

— مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلاتتىم؟ ئۆزۈمنى ساڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن؛ مەن بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ يىرىم ئاي ئىچىدىغان سۈيىنى ئىشلىتىپ تۈگەتتىم. سەن بىر قاراپ قويماسلىققا پېتىنالامسەن؟ ئەسكىلىك قىلدىڭ دەيسىنا تېخى! — دېدى.

لى تېخىنك شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈزىنى بۇرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى قارغايتتى، لېكىن ئۇ ئۆمرىدە كۆرمىگەن گۈزەل نەرسىنى كۆرگەنىدى. ئۆزرەڭ دېگەن بىر ئىسىم ئۇنىڭ كاللىسىدىن خۇددى ياڭراق گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى توختىماي ئاغرىيتتى، ئۇ بوسۇغىنىچە شوخشۇپ باردى- دە، ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تېزلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، جاڭ پىنغا كەينى-كەينىدىن:

— تېز كەت، تېز كەت! — دېدى.

جاڭ پىن كاڭدا تەمكىن ئولتۇراتتى.

— سەن ماڭا ماقۇل دېمىسەڭ ھەرگىزمۇ تېز كەتمەيمەن! — دېدى ئۇ.

— نېمىگە ماقۇل دەيمەن؟ — دەپ سورىدى لى تېخنىك.

— قوينۇڭدا يېتىشىمغا ماقۇل بولساڭ، — دېدى جاڭ پىن.

— ئۇنداقتا سەن يېتىۋەر، مەن كېتىمەن، — دېدى لى تېخنىك.

— نەگە كېتىسەن؟ — دەپ سورىدى جاڭ پىن.

— تاغدىن چۈشۈپ ئۆيۈمگە كېتىمەن، — دېدى لى تېخنىك خۇددى قېيدىغاندەك.

جياڭ پىن بىردىنلا كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ تىزلاندى-دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— مانا مۇشۇلا سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى گەپ، مەن بۇرۇنلا بىلگەن، بىكار ئاۋارە بوپتىمىز. بىر كەنت كىشىلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئويۇپ بەرسەكمۇ بەرىبىر سىلەر قېزىپ بېرىدىغان قۇدۇققا ئېرىشەلمەيمىز، بىكار ئاۋارە بوپتىمىز، بېرىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولدۇق، بەرمىگەنلەردىن بىز مۇشۇ قىزلارلا قالدۇق، سەن...

— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، بۇنداق دېسەڭ... — دېدى لى تېخنىك جاڭ پىننىڭ سۆزىنى داۋاملىق ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ گېپىنىڭ شىپخىنا ئۈرۈپ.

— قورقتۇڭمۇ؟ قوبۇل قىلالمايسەن، شۇنداقمۇ؟ قوبۇل قىلالمساڭ بولماس، — جاڭ پىن ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۇ تارغىنە كاڭدا خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك تۇرماقتا ئىدى، قارا چىراغ ئۇنى ھەش-پەش دېگۈچىلا شۇ قەدەر زورايتىۋەتكەن ئىدىكى، ئۇ يەر-جاھاننى بىر ئالغان، بەجايىكى ئەرشتىن چۈشكەن ئايال دېۋىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. لى تېخنىك يۇقىرىغا قارىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قەھرى-غەزەپتىن قىزارغان يۈزىنى كۆرەلەيتتى. ئۇ بوسۇغىدىن ئېتىلىپ كەلدى-دە، جاڭ پىننى توسۇۋېلىپ:

— ئولتۇرە، ئولتۇر، — دېدى.

جاڭ پىن لى تېخنىكنىڭ قۇچىقىغا تاشلىنىپ ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە گىرە سېلىۋالدى. لى تېخنىك جىددىيلىك ئىچىدە بىر ھازا تىپچەكلىدى، يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇ جاڭ پىننىڭ جىنىغا تەگكۈزۈپ ۋارقىرايتتى:

— تارت قولۇڭنى، نېمانداق نومۇسى يوق نېمىسەن؟!

لى تېخنىكنىڭ گېپى ئاخىر جاڭ پىننىڭ قولىنى بوشاتتى. ئۇ يەنە كاڭنىڭ لېۋىدىكى كېگىزنىڭ ئۈستىگە يېنىپ باردى-دە:

— سۇ بولمىغان يەردە يەنە كىمدىن نومۇس كۈتەتتىڭ؟ — دېدى.

لى تېخنىكنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ كەتتى، سۇيى يوق يەردە ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەر ئۆلگىرىمۇ، كىيىنمۇ بەرىبىر نومۇسنى يوقىتىپ قويىدىكەندە!

— لېكىن سۇ بولمىسا نومۇس بولمامدۇ؟ — جاڭ پىندىن سورىدى لى تېخنىك ۋە پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بوسۇغىغا يەنە بىر قېتىم شوخشىپ باردى، ئۇ قىزغىن، ئەمما

خويى يامان بۇ قىزغا سەپسېلىپ قارايتتى، ئۆزىنىڭ دەسلەپتىكىدەك ئۇنداق ھودۇق-مايۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايتتى. ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە قاراشماقتا ئىدى، جاڭ پىن يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم باشلىدى:

— مەن سېنىڭ قوينۇڭدا ياتمەن،— دەيتتى ئۇ.

— ياتقۇزمايمەن!

— ئۇلار ياتقۇزىدۇيۇ، سەن نېمىشقا ياتقۇزمايسەن؟

— كىملەر؟

— ئىلگىرىكى قۇدۇق قازغۇچىلارچۇ! ئاپاملارنىڭ ۋاقتىدىكى.

— مەن... مەن بولسام...

— سەن كومپارتىيىنىڭ كادىرى، شۇنداقمۇ؟

— سەن كومپارتىيىگە ئىشەنمەمەسەن؟

— مەن كومپارتىيىنىڭ كادىرلىرىنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

— ئادەمگە ئادەم ئوخشمايدۇ.

— ئۇنداقتا سەن قۇدۇق پۈتمەي كەتمەيدىغىنىڭغا نېمەڭ بىلەن كېپىللىك قىلىسەن؟

— كومپارتىيىنىڭ نامى بىلەن!

— ئىلگىرىكى كەنت باشلىقى لى لاۋ جېيمۇ كومپارتىيە ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە ئون جىڭ مۇزنى ئارتۇق بۆلۈۋالغان!

— لى لاۋجېنىڭ ئوغلى لى جېمۇ كومپارتىيە، ئۇ بىزنى باشلاپ كەلدىغۇ!

— ئۇ دېگەن لى جې، سېنى كىم بىلىدۇ؟

لى تېخنىك تازا بىر ئۇھ دەۋالدى، ئۇنىڭ جاڭ پىن بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى بولغان سۇ مەدەنىيىتى؛ ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ھەممە يېرىگە يامرىغان مايا مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى چاغدا سۇ بوھرانى ئىچىدە ھالاك بولغانلىقى، خەنزۇچە «جازا» - دېگەن خەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ئەسلىدە قوللۇق جەمئىيەتتىكى سۇ يېغىلىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا راسا پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. لېكىن بۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ پەقەت مۇنۇلارنىلا دېدى:

— مېنىڭ يۇرتۇممۇ سۇيى قىس جاي، بوۋام بىلەن ئىككى ئۇلۇغ ھاما موماممۇ تەشنالىقتا ئۆلگەن، مەن سۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن!

تاڭ يورۇدى، ئۇلار قايتا گەپلەشمىدى. لى تېخنىك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. جاڭ پىن ئۇنىڭدىن:

— نەگە بارسەن؟ — دەپ سورىدى، ئۇ:

— قۇدۇق قازغىلى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، لى تېخنىك جياڭ ئىبر ئائىلىسىنىڭ كۈن پېتىش تەرەپتىكى ئۆيىدىن كۆچۈپ كەتتى، قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىكى باشقا كىشىلەرمۇ ھەرقايسى ئائىلىلەردىن كۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار قۇدۇق بېشىغا چېدىر تىكىپ شۇ يەردە يېتىپ-قوپ-

تى. جاڭ ئېرنىڭ كۆچى قىزىدىن:

— بۇ نېمە بولغىنى؟ — دەپ سورىدى. جاڭ پىن قۇدۇق تەرەپتىن كېلىۋاتقان قۇلاقنى پاڭ قىلىدىغان ئاۋازنى ئاڭلاۋېتىپ ئاپىسىغا:

— ئاپا، سەن قېرىپ قالدىڭ، بۇ ئىشلارنى بىلمەيسەن، — دېدى.

لى تېخنىك چاچ-ساقىلىنىمۇ ئالماي، بۇلۇۋاراپ، بىخسىغان يېتى قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنى باشلاپ، خۇددى ساراڭلاردەك، خۇددى تاغ ئالۋاستىسىدەك قازغىلى تۇردى. قېزىش بۇرغىسى قۇدۇقنى چوڭقۇرلاپ قاتتىق بۇرغىلىماقتا ئىدى، بۇرغا ھەر قېتىم توپا قاتلىمىنى تەشكەندە لى تېخنىك ئىچىدە: بۇ قېتىمقىسى جاڭ پىن ئۈچۈن، بۇ قېتىمقىسى جاڭ پىن ئۈچۈن، بۇ قېتىمقىسى جاڭ پىن ئۈچۈن، بۇ قېتىمقىسى يەنە جاڭ پىن ئۈچۈن، بۇ قېتىمقىسىمۇ يەنە جاڭ پىن ئۈچۈن، بۇ قېتىمقىسىمۇ يەنىلا جاڭ پىن ئۈچۈن، دەيتتى، ئۇ بۇنداق قېتىم-قېتىملاپ بۇرغىلاشنىڭ جاڭ پىن ئۈچۈن ئىكەنلىكىنىڭ قانداق نامۇۋاپىق جايلىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. جاڭ پىن ئەسلىدە بىر كەنتنىڭ ئىززەت-نەپسى، بىر كەنتنىڭ ياشلىق باھارى ئىدى. قۇدۇق قېزىش ئەترىتى سەكسەن بىر كۈن تاغدىن ئۆيگە قايتمىدى، سەكسەن بىر كۈن دېگەندە ئۇلار ئاخىرى قۇدۇقتىن سۇ چىقاردى.

باش يازنىڭ يارقىن ئاپتاپلىق كۈنى ئۆزرەڭلىكلەر قىن-قىنىغا پاتماي خۇشال بولغان كۈن ئىدى. ئۇلار سۈيى چىققان قۇدۇق يېنىدا تاتلىق سۇغا قاراپ دەسلەپ بۇ چۈشىمىزمۇ-ئوڭىمىزمۇ دېيىشىپ ھەيران قېلىشتى ھەم قورقۇپ كېتىشتى. كېيىن تاتلىق سۇنى قورساقلىرى يېرىلغىچە بولۇشىغا ئىچىشتى، ئۇلار تەشنا بولغىلى ئۇزۇن بولغان بۇ مۇزدەك كەۋسەر سۇدىن مەست بولۇشۇپ سۇنايلىنىپ يېتىپ كېتىشتى. ئۇلار لى تېخنىكنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەدەپ ئاسمانغا ئېتىشتى. ئاسماندا توختىماي پەرۋاز قىلىۋاتقان لى تېخنىك كىشىلەر توپى ئىچىدىن جاڭ پىننى تېپىۋېلىشنى بەكمۇ ئويلايتتى. ئۇ بىر ئىشنى ئايدىڭ-لاشتۇرۇۋالغانىدى: ھېلىقى شەرمەندە ئاخشىمى شەرمەندە بولغىنى ئەسلى جاڭ پىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ تېخى سەل-پەل ۋەھىمىمۇ ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ناۋادا كومپارتىيىنىڭ قۇدۇق قېزىش ئەترىتى پۇقرالارغا قۇدۇق قېزىپ بېرەلمىسە، ئاخىرىدا تەشنالىقتا ئۆلىدىغانلار ئۆزلىرى بولماي، يەنە كىملەر بولاتتى، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ خىيال قىلغاچ، ئۆزىنى «ئاسمان»-غا ئېتىۋاتقان كىشىلەردىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ، مىغىلدىغان كىشىلەر توپىنى، تاغ يوللىرىدا لەپىلا قىلىپ ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تەتۈر ياپراقلىق ئەينۇلا گۈللىرى بىلەن، پارىس جۇخارلىرىنى يېرىتىپ دېگۈدەك يول ئاچتى. ئۇ يول ياقىسىدا تۇرغان بىر قورام تاشقا ئىرغىپ چىقىپ، بىرلا كۆز تاشلاپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان جاڭ پىننى كۆردى. ئۇ قولىنى پۇلاڭلاتتى، بەلكىم، ئۇنىڭ بىر نۇتۇق سۆزلىگۈسى، كۆڭلىدىكى گېپىنى يۇرتداشلىرىغا ئېيتقۇسى كەلگەندۇ. ئۇ پۇتىنىڭ ئاستىدىكى قورام

تاش بوشاپ كېتىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى، كەينىدە چوڭقۇر ھاڭ بار ئىدى. پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا... ئۇ كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

ئارىدىن يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇزۇرەڭنىڭ داڭقى يىراق-يىراقلارغا كەتتى. كىشىلەر مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن ئۇزۇرەڭگە ئۇزۇرەڭنىڭ قۇدۇقىدىن سۇ ئىچىمىز، دەپ كېلىشەتتى. ھەممەيلەن بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى سۇغۇلماس قاينار قۇدۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ قۇدۇق سۈيىنىڭ بەدەنگە قۇۋۋەت، ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. بىر مۇتەخەسسىس بۇ سۇنى سۈپەتلىك سۇ دەپ بېكىتىپ بەرگەچكە، ئۇزۇرەڭلىكلەر سۇ تىجارىتى قىلىپ، سۇ ساتقىلى شەھەرگە كىرىشكە باشلىغانىدى. كەنتتىكىلەر سۇغا ئىسىم قويايلى، بەربىر رويىخەتتىن ئۆتۈپ ماركا چاپلىتىدىغان ئىش، دېيىشەتتى. لى جې سۇ ئۇزۇرەڭنىڭ سۈيى بولغاندىكىن ئۇزۇرەڭ دەپ ئاتايلى دېدى. باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسى بار جاڭ پىن: «ئۇزۇرەڭ چېكىت لى دەيلى» دېدى. بۇ، خەتكە ئايلىنىپ، ئۇزۇرەڭ. لى دېگەن ئىسىم بولدى.

«ئۇزۇرەڭ. لى» دېگەن بۇ ئىسىم سۇغا قويۇلغان، ھېچقانداق ئىسىمغا ئوخشىمايدىغان ئىسىم ئىدى، لېكىن ئۇزۇرەڭلىكلەر ئاڭلىسا، بۇ ئىسىمغا ھەرگىز ھەيران قالمايتتى، چۈنكى بۇ ئىسىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئەينەكتىكىدەك ئايان ئىدى.

(«خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 1-سانىدىن)

**مەسئۇل مۇھەررىر غېنى مۇھەممەت**

---

(بېشى 51-بەتتە)

غوجامەمەت بىلەن ئايىم ئاغىچا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قالدى. بوياقچى ھاڭۋېقىشىپ قالغان ئەر-ئايالنى تاشلاپ يولىغا راۋان بولدى. غوجامەمەت بىلەن ئايىم ئاغىچىمۇ بىر ھازادىن كېيىن، باشقا دۇكانلاردىن يېڭى بۆشۈك ئىزدەپ كېتىشتى.

غوجامەمەت بىر ھەپتە قاتراپ ئاخىرى يۈز سومغا بىر كونا بۆشۈكنى سېتىۋالدى. ئۇ ئىچىدە ئۆز ئوغلىنىڭ خۇددى سۇنۇر بۆشۈكنىڭ ئوغۇللىرىدەك ئەقىللىك ۋە دانىشمەن چوڭ بولۇشىنى تىلەيتتى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1997-يىلى 7-مارتتىن 11-مارتقىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋۇجاچۈي رايونىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىرى، كەسپىي يازغۇچىلار، شۇنىڭدەك شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن مۇھەررىر، ئاخبارات خادىملىرى بولۇپ، جەمئىي 50 كىشى قاتناشتى.

كۇرستا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى»، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆز»ى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيى ھەم جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 5-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆز»ى نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى.

ئۆگىنىش كۇرسىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى كاڭنىڭ مەملىكەتلىك تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ مەقسىتى، مەزمۇنى، ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ كۇرسقا قاتناشقان يولداشلاردىن تارىخ ئۆگىنىشنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى ئەھۋاللاردىن ئۇچۇر يەتكۈزدى. ئۇ يولداشلاردىن بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۆگىنىش كۇرسىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى دۆەن تۇڭخۋا ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ يولداشلاردىن توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقنى ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، تەسىرلەندۈرۈش ھەم جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەم زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

كۇرستا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق خەنزۇ يازغۇچىسى جۇتاۋ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى.

كۇرسقا قاتناشقانلار ئىككى گۇرۇپپا بويىچە ئۆگىنىش ھەم مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئۇلار بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئېغىشماستىن چىڭ تۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى، مۇقىملىقنى، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تىكلەش، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش، تىرىشىپ دەۋر تېپلىرىنى يارىتىش، رېئاللىققا، قايناق تۇرمۇشقا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئەمەلىيىتىگە يۈزلىنىش، ئەدەبىياتنىڭ كۆپ خىل رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش، ئاساسىي مۇقامىنى ياڭرىتىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇش، كۆپلەپ نادىر ئەسەر يارىتىش — بىزنىڭ ئورتاق ۋەزىپىمىز. بىز دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ، پارتىيىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايمىز.

كۇرسنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا يولداش دۆەن تۇڭخۋا خۇلاسە سۆزى قىلىپ، كۇرسنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ھەرقايسى ئاخبارات-نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن يولداشلار كۇرستا مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججىتىنى ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرىنى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆگىنىپ، تونۇشنى ئۆستۈردى، ئىشەنچنى ئاشۇردى. ئۇلار ئۆگىنىش جەريانىدا كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئوچۇق-يورۇقلۇق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى. مەسىلەن، بەزى يولداشلار «بەش بىر قۇرۇلۇشى» نى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مۇھىم تېمىلار ئۈستىدە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كوللېكتىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشتا تەشكىللەش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ

بەردى. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى قىممەتلىك تەكلىپ. يولداشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق كۇرسلارنى پات-پات ئېچىپ تۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپىمۇ توغرا، لېكىن بىز ئەدەبىي ئىنجادىيەت ھەم ژۇرنال خىزمىتىنى تۇتۇش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارايمىز. بۇرۇن مۇشۇ مەسىلىدە بىر تەرەپلىمىلىك يۈز بەرگەن. بىز ھەردائىم يولداشلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر، تەكلىپلىرىگە مۇھتاج. چۈنكى ھەرقانداق رەھبەرلىكنىڭ تەپەككۇرى مۇئەييەن چەكلىمىگە ئىگە بولىدۇ. بىزدە ئۆگىنىش ئاتموسفېراسى بىلەن سىياسىي ئاتموسفېرا قويۇق بولۇشى، كۆڭۈلدە نېمە بولسا، شۇنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ئومۇمىيلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئېسىل ئىستىل بولۇشى لازىم.

كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى لىۋبېگمۇ قاتناشتى. كۇرسنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس ھەم شۇجىچۇ شۇجىلىرىدىن ۋاڭ جۇگمىڭ بىلەن شامىس قۇمارمۇ سۆز قىلىپ، كۇرسنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە يولداشلاردىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەممەت شاۋۇدۇن بىلەن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىممۇ قاتناشتى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

## ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان تىراژى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭ ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. ژۇرنىلىمىز ئېلان كەسپىنى يولغا قويۇپ، سىزنى ئەۋزەل ئېلان مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ژۇرنىلىمىز دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى، يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە بىرلەشمە مەبلەغلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا كەڭ بازار تېپىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەشۋىقات ھەم ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇپ، سىز ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزغا ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ۋە يېزىق ئېلانلىرىنى بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسلەرنىڭ ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ھەم يېزىق ئېلانلىرىمۇ ۋەكالىتەن بېجىرىلىدۇ. كارخانا ئورۇنلىرى، كارخانىچىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى ئېلان بۆلۈمى


ئالاقىلاشقۇچى: قېيۇم تۇرسۇن، غېنى مۇھەممەت. تېلېفون: 4516214
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-نومۇر.
ئېلان كەسپى رۇخسەتنامىسى: 新工商广字 00528139 号
ھېساب ئاچقان بانكا: ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى نۇرلۇق يول باشقارمىسى
ھېسابات نومۇرى: 26109815


## 本刊欢迎刊登广告

本刊是国内外公开发行，发行量大， 发行范围广，影响较大的大型文学月刊·本刊开展刊登广告业务， 为您刊登广告开劈广阔天地·本刊愿成为全民，集体， 个体工商企业，乡镇企业和合资企业产品在国内外拓宽市场，进行宣传和交流信息的园地并热情为您服务·本刊将刊登各种内容，图文并茂的广告，代办个人各种内容图文并茂的广告·欢迎各企业，企业家和个人在本刊刊登广告·

〈塔里木〉杂志广告部

联系人：克优木·吐尔逊，艾尼·买买提
电话：(0991)4516214
地址：乌鲁木齐市友好南路 22 号
广告业务许可证： 新工商广字 00528139 号
开户银行：乌鲁木齐市建设银行光明路分理处
帐号：26109815






# تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　辑：《塔里木》编辑部
出　版：新疆人民出版社
排　版：《博格达》 电子排版中心
印　刷：　新疆新华印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1997-يىل 5-سان (435-سان)، 47-يىل نەشرى.
«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002—9044
国内统一刊号：CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 00528139 号